# تارىم

6

1989

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھى

سۈرەتنى ئۆركەش جاپپار تارتقان.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

6

1989

39-يىل نەشرى


## بۇ سانىدا

مۇھەممەت باقراش

### تۆت قولاق

...ئەمرى ئۇنىڭ چاقىرىشى ۋە زارلىقىشىغا ئورۇق، ئەتسىز، لاتىدەك سولاشقان مەينەت سۆڭگەكچىنى پات-پات گارتىلدىتىپ تاتىلاپ يېتىپ، تۈگىمەس بارماق ساناشلىرى، ئاندىن قۇرتتەك تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىش بىلەن جاۋاب بېرەتتى. گويا ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى خوتۇن ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە ئاشۇ ئىسكىلىتىنىڭ ھوجىدارى بولۇۋېلىش ئۈچۈنىدى.

* * *

نۇرگۈل يۇنۇس

### يۈرىكىمنى بەزلەيمەن

توختا... دەم ئال! ئۆزۈمنى بىراق
ئارامىڭغا ئاتاي يۈرىكىم.
يېتىملىكنى ئالماس ئادەملەر،
تەبىئەتكە ساتاي يۈرىكىم.

* * *

ئەمتىمىن شىپە

### ئاخىرقى ئۇتتۇرۇش

تەسەللى — ئۈمىدسىزلەر، چۈشكۈنلەر ئۈچۈن شىپالىق دورا. گەرچە ئۇ مۇشكۈلنى يوق قىلالمىسىمۇ، كۆڭۈلنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىدۇ، كىشىنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ.

# بۇ ساندا

## «تارىم مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر


| | | |
|---|---|---|
| ئارسلان | رەڭگارەڭ شېئىرلار | 10 |
| ئابلەت ئابدۇللا | ئانا شەھىرىم (شېئىر) | 16 |
| مۇھەممەت باغراش | تۆت قۇلاق (ھېكايە) | 20 |
| ئەبەيدۇللا ئىبراھىم | كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ (ھېكايە) | 34 |
| باتۇر روزى | خائىن (شېئىر) | 47 |
| ئابلەجان ھېيت | تىلسىز ناخشا (شېئىر) | 50 |
| قاھار جېلىل | تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ (پوۋېست) | 56 |
| ياسىن ئەمەت | ئۈمىدتىن تۇغۇلغان سەۋدالىق (نەسر) | 79 |
| ئەسئەت ئابدۇقادىر | يۈتكەن ئۇپۇقلار (نەسر) | 83 |
| مەمتىمىن شىپە | ئاخىرقى ئۆتۈنۈش (پوۋېست) | 95 |
| ھىمىت مەقسۇت | ئۇقتۇرۇش قەغىزى (ھېكايە) | 138 |
| روزى سايىت | پولات ھەقىقىدە (شېئىر) | 143 |


## شېئىرلار


| | | |
|---|---|---|
| تۆمۈر داۋامەت | ئۇنتۇمايدۇ خەلقىمىز سىزنى | 4 |
| ئابلىكىم خېۋىر | دېڭىزلارنى غىرىچلاپ كۆرسەم | 4 |
| رەخىم قاسىم | ئالەم ۋە ئادەم | 7 |
| داۋۇتجان سەئىدىن | پەردازسىز سۈرەتلەر | 52 |
| روزى نىياز | سۆيگۈ تامچىلىرى | 87 |
| تۇراپ دايىم | سەھرا لىرىكىلىرى | 88 |
| نۇرگۈل يۇنۇس | چۈشلىرىمگە بېرىڭلار تەبىر | 89 |
| مۇختار خېلىل | كۈنلەر | 90 |
| يۈسۈپ ھۈسەيىن | يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ سۈرگەن خىياللار | 91 |
| تۇردى ئەخمەت | سۆيگۈ | 93 |
| ئەنۋەر داۋۇت | قىسقا شېئىرلار | 93 |
| ئەركىن مۇھەممەت | ناخشاڭغا چىرمىشىپ كەتكەن ھېسلىرىم | 93 |

## بالىلار ئەدەبىياتى

تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن ...... شېئىرلار ................................ 142

مەمتىمىن بارى .................. ئاي ئامراقكەن بالىغا (شېئىر)........................ 145

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ياسىن خۇدابەردى ............ تەھرىرلىك خىزمىتى توغرىسىدا بىر ـ ئىككى

.............................. ئىغىز سۆز ........................................ 147

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

ئەتراپلىق يېتىلگەن يازغۇچى..................................... 154

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

ئەھمەد زىيائى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ 65 يىللىقى تەبرىكلەندى ...... 158


*   *   *


رەسىملەرنى مەھەممەت ئايۇپ سىزغان، ھۆسنىخەتلەرنى ئابدۇراخمان ئابلىز،
مەھەممەت ئايۇپ يازغان.

*   *   *

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئىلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، غوپۇرجان بۇرھانوپ، قاھار جىلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

* تۆمۈر داۋامەت

## ئۇنتۇمايدۇ خەلقىمىز سىزنى

— يولداش خۇ ياۋباڭغا مەرسىيە

مەن سىزنى كۆرگەن،
بىز تونۇش ئىدۇق.
مەن سىزنى چۈشەنگەن،
بىز يولداش ئىدۇق.
يۇقىرىدا، تۆۋەندە بولساقمۇ گەرچە،
بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتۈشكەن.
سىزنىڭ ئىشخانىڭىز،
خۇەيرېنتاڭ زالى
ۋە خەلق سارىيىدا،
ھەتتا قازاقنىڭ —
كىگىز ئۆيلىرىدە بىز بىللە بولغان.
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ زادى،
ئاشۇ چاغلار بىز سۆھبەتلەر قۇرغان.
تونۇش ئۈنىڭىزنىڭ قۇلاق تۈۋىمدە
جاراڭلاپلا تۇرغىنى تۇرغان.

تەبەسسۇملۇك نۇرانە چىراي،
سۆيۈندۈرگەن مېنى ھەم تالاي.
سىزنىڭ روھىڭىز
خىسلەتلەرگە باي.
غەيرىتىڭىزگە قايىل بولغانمەن،
ئادەملەرگە قويغان مېھرىڭىزگە
قايىل بولغانمەن.
سىز يېشىل قارىغاي،
سىز يېشىل شەمشاد،
بەرق ئۇرۇپ ياشناۋاتقان.
سىز كىچىك بىر گىياھ،
تۇزنىماس بىر گۈل،
جىلۋە قىلغان، پۇرەكلەر ئاچقان.
سىز نامىسىز قەھرىمان،
سىز داڭلىق ئەرباب.

* *

ئابلىكىم خېۋىر

## دېڭىزلارنى غېرىچلاپ كۆرسەم

كەڭلىك توغرىسىدا خىياللار سۈرسەم،
ئاسماننى، دېڭىزنى مىسالى، دەيمەن.
باغرىنى بىرمۇ - بىر غېرىچلاپ كۆرسەم،
كەڭلىكنى بىلمەكنىڭ ئامالى دەيمەن.

ئاسماننى غېرىچلاپ ئاخىر ھارىمەن،
چەكلىك ئاڭغا سىغماي قالار چەكسىز سان.
ھاۋادا غېرىچتەك لەيلەپ قالىمەن،
كۆڭلۈمنى قايتۇرار بىپايان ئاسمان.

دېڭىز ساھىلىغا كۆچەر خىيالىم،
دېڭىزنى غېرىچلاپ ئۈزۈپ كېتىمەن.
ئاراللار، كۆرپەزلەر تۈگەر غېرىچتا،
رەقەمنى قەلبىمگە يېزىپ كېتىمەن.

بەزەن لەھەڭلەردىن داجىپ ئۆتكۈچە،
ئەندىكىپ ئەقلىمدىن داجىپ قالىمەن.

سىز ئاددىي،
سىز ئۇلۇغ ۋە ئالىيجاناب.
خەلقىمىزنىڭ پەرزەنتى سىز،
خەلقىمىزگە داھى ـ پاسىبان.
سىز ھەققانىي، سىز ئادىل ـ خالىس،
پاك ـ بىغۇبار، سەممىي ھامان.
كەمتەر ئىدىڭىز، ئادەملەر بىلەن
كېتەتتىڭىز چىقىشىپ ئاسان،
ئوچۇق ـ يورۇق، تۈپتۈز ھەرقاچان؛
ئالىي رەھبەر ئىدىڭىز ھەمدە
ئاددىي پۇقرا ئىشچان، تىرىشچان.
پېشقەدەملەرگە ئىدىڭىز غەمخور،
ياشلارغا تەلەپچان، ئامراق، مېھرىبان.
مۇشكۈلاتلار قورقاتتى سىزدىن،
يات ئىدى سىزگە ھېرىش ۋە چارچاش.
تونۇردەك قىزىق تومۇز كۈنلىرى
ئايلىنىپ تەڭرىتاغنى، كېزىپ باياۋان،
بىرلىكتە بېيىشقا قاتۇرۇشۇپ باش،
ھەرمىللەت خەلقىگە بولغان سىز سىرداش.

بۈگۈن كۆڭلىمىز
تېخىمۇ گۈزەل.
تېخىمۇ باياشاد ئۆتۈۋاتقاندا،
ئارىمىزدىن كېتىپ قالدىڭىز،
قانداق ياش تۆكمىسۇن كۆڭۈل كۆزىمىز.
يولداش خۇ ياۋباڭ
سىزنىڭ تۆھپىڭىز
يېزىلىدۇ تارىخ بېتىگە.
سىزنىڭ يارقىن ئوبرازىڭىز
سىڭىپ كەتتى،
ئەلنىڭ قەلبىگە.
تەبەسسۇملۇك خۇش سۆھبىتىڭىز
ئىلھام بېرەر ھەربىر كىشىگە.
كۆپتۇر ئەلگە بەرگەنلىرىڭىز،
ئۇنتۇمايدۇ سىزنى خەلقىمىز.
كەتمىدىڭىز سىز
ئاڭلاۋاتىمەن مەن ئولتۇرۇپ،
مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ زالىدا،
سىز بەرگەن دەرسنى گويا.
مانا بىز بىلەن سۆھبەتلەر قۇرۇپ
چاقچاقلىشىپ كۈلۈشمەكتە سىز.
ئالتايدىكى قېيىنزارلىقتا
گويا بىللە
قولتۇقلىشىپ يۈرۈشمەكتە سىز.

1989 - يىل 22 - ئاپرېل ئۈرۈمچى.

غايەت زور رەقەمنى ئۇنتۇيدۇ كۆڭۈل،
باشتىن غېرىچلاشقا يەنە قايتىمەن.

يولۇمدا ئۇندۇرۇپ لەھەڭ ـ كىتلارنى،
كەڭلىكلىك يوشۇرساڭ، سەندە ئىختىيار.
باغرىڭغا يېنىشلاپ غېرىچلار سىلىش،
شۇ يوسۇن ئەقلىمنى خورىتار تەكرار.

باشقا بىر كەڭلىككە كۆچتى نىگاھىم،
تەكتىڭدە يۈرۈپتۇ تالاي جانىۋار.
تەكتىڭدە جان تېپىپ ئۆسەر ئىكەن تاش،
ئۆسەركەن جان تېپىپ يۇمران گىياھلار،

كىت ـ لەھەڭ، ئىنسانلار باغرىڭدا ئۈۋچى،
بىر جان ئۇۋلانغاندا. مىڭى كۆز ئاچار.
پۈتكۈل دېڭىز تىنىق، نۇرلۇق بىر ئالەم،
ھايات قۇياشتىن نۇر ئېمىپ ياتار.

قاچانكى، چەكسىز ئاسمان قارايسا بىردىن،
چېلەكلەپ تۆكۈلەر قۇچىقىدىن سۇ.
ئىنسان ئايغىدىن ئەخلەت ـ چاۋانى،
چاڭلارنى دېڭىزغا ئاققۇزىدۇ ئۇ.

بۇلغانغان سۇلارمۇ سەلگە قوشۇلۇپ،
دېڭىزلار باغرىغا قاراپ چاپىدۇ.

www.uyghurkitap.com

دېڭىز يەلە تىنىق، يەنىلا نۇرلۇق،
باغرىدا بىر دېڭىز جانىنى باقىدۇ.

بىزلەر يەر شارىدا ياشاۋاتىمىز.
ئاسماننى (ھاۋانى)، دېڭىزلارنى يەپ،
ئىنسانىنى، جاندارنى، زەررە دۇنيانى
يېقىپمۇ كەڭلىكلەر كەتمىدى تۈگەپ.

بىراق، دېڭىزلارنىڭ يېگىنى نېمە؟
ئۇنداق پاكى مۇنداق بولغىنىش، ئاخىر.
بىزگە پاك - پاكىز دۇنيانى بېرىپ،
توپان بالاسىنى يالماشقا قادىر.

كەڭلىك توغرىسىدا خىياللار سۈرۈپ،
ئاخىرى دېڭىزغا قەددىمىنى ئەگدىم.
ئۇنىڭ كەڭلىكىنى غېرىچلاپ يۈرمەي،
كەڭرى كۆكسىنىلا ئۇلۇغلاپ كەلدىم.

## تۆنجى قەدەھ

ئەمدى سۇنغان ئىدىڭ تۆنجى قەدەھنى،
ئەمدى باسقان ئىدىم ئۇنى لېۋىمگە.
ئەمدى كەپتۇ ئۇزاق كۈتكەن پەيتمۇ، دەپ،
ئەمدى مەدەت تاپقان ئىدىم كېيىمگە.

ئېچىپ قالدى كىمدۇ بەرى ئىشكىنى،
ئۇنتۇدىمۇ كىرگۈچىلىك چېكىشنى؟
چەكمەي كىرسە ھەقلىقمىكىن ئاشۇنداق،
ھەيكەل بولدۇم بىلمەي نېمە دېيىشنى.

ئۇمۇ بەلكى ئىچەر تۆنجى قەدەھنى،
كىم بىلىدۇ دېمەكچىدۇر كۆپ گەپنى؟!
كىم بىلىدۇ ئۇمۇ كۈتكەن زارىقىپ،
ئەمدى تاپتى بولغاي بۇنداق بىر پەيتنى؟!

ئۇنىڭغىمۇ قەدەھ ئۇزات. تولدۇرۇپ،
ئۈن - تىنسىزلا كۆتۈرەيلى ئىچىمىز.
ئىچكىنىمىز ئوخشاش شاراب ۋە لېكىن،
ئوخشاشمىسۇن ئىستەك تولغان كۆڭلىمىز.

تۆنجى قەدەھ... تەمى قالدى ئاغزىمدا،
شۇندىن كېيىن ئىچكەنلىرىم سۇ بولدى.
شۇندىن بۇيان ئۇيقۇ قاچتى كۆزۈمدىن،
لەززەت بىلەن يېگەن تاماق شۇ بولدى.

## كەچۈر، دېسەم كەتتىڭ قايرىلىپ...

ۋەدىمىزنى بۇزغۇم يوق ئىدى،
سۆيۈلدۈردى كۆڭلۈمنى بىراۋ.
تومۇز تەپتى سەزدىم ئۇنىڭدىن،
باسقىنىدا تېنىمنى قىراۋ.

شۇنداق ئۆتتى مەندىن سەۋەنلىك،
مودا چاپان بىلدىم سۆيگىنى.
ئەسلىمۇ كەم مەندە چېچەنلىك،
سايە تاپتى كۆڭلۈم كۆيگىنى.

كەچۈر دېسەم كەتتىڭ قايرىلىپ،
يۈرىكىم يوق سەندىن ئايرىلىپ.
كىم ياش تۆكەر، كىم كۈلەر يۈرسەڭ،
ئۈستىمىزدىن چۆچەك تارقىلىپ؟

## چوققىلارنى ئۇلۇغلايمەن ناخشامدا

سېنىمۇ بىر چوققىدا كۆرۈپ قالدىم،
بۈركۈتلەر ئەگىپ ئۇچتى يان - يېنىڭدىن.
قارايمەن شۇ چوققىغا كۆزۈم يەتمەي،
سۆيۈنۈپ، ئىلھاملىنىپ جان - تېنىمدىن.

بۈركۈتلەر پەسكە شۇڭغار ھارغان ۋاقتىدا،
ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى نەق تۆپەمدىن.
بۈركۈتلەر ئۇچۇپ ھارغان شۇ چوققىنى
ئۇلۇغلاپ ناخشا ئېيتتىم خوپ تۆۋەندىن.

قارىسام بۆكۈم يەرگە چۈشتى باشتىن،
قارىسام بىشىم قايدى يەر چۆكىلەپ.
قارىسام قانات يوقكەن سىنىڭدە دوست،
قان بوپتۇ تاپانلىرىڭ كۆپ ئۆمىلەپ.

قۇياشتىن تاج كىيىپسەن، بارچە يۇلتۇز ـــ
مەيدەڭدە تۇرار قاتار بولۇپ ئوردىن.
ھەقلىقكى قۇرداشلىرىڭ ئارىسىدا،
شاھانە ئورۇن ئالساڭ ئەمدى تۆردىن.

سەن چولپان، زۆھرە، زۇھەل بوپ قالسەن،
ماختايمىز سىنى قۇتۇپ يۇلتۇزى، دەپ.
تارتىلار بەس ـ بەس بىلەن سۈرەتلىرىڭ،
ئولتۇرماس ئايرىپ كىچە، كۈندۈزى، دەپ.

چوققىدا سەن يالغۇزمۇ بىلگىنىم يوق،
بىلىمەن ئاز ئەمەستى ياماشقانلار.
چۆرەڭگە قاراپ باققىن، بار بولمىسۇن،
چۈشەلمەي مۇز ھەيكەل بوپ تىكقاتقانلار؟!

كۆپ بولسا مۇز ھەيكەللەر ئەندىشەم شۇ:
بارمۇ سەن يۇت سالغۇدەك بىرەر ئاراش؟
بولمىسا، ئۆزگە يەنە ئۆرلەۋەرگىن،
ئۆرلىگەن كەڭ ئاسمانىنى ئىتەر باغاش.

ئوت بولسا يۈرىكىڭدە ئۆرلە، ئۆرلە،
ئوت ئۆچسە شۇ چوققىدىن يىنىپ چۈشكىن!
مۇز ھەيكەل بولۇپ يولنى ئىتىپ ئالماي
ساقىغان يۇلتۇز بولۇپ يەرگە كۆچكىن!

چۈنكى بىز يەر ئۈستىدە تاي ـ تاي بولۇپ،
مىڭىشنى ئۆگەنگەنمىز چوققىلارغا.
يەر بولۇپ چوققىلارنى كۆتۈرۈشمۇ،
شەرەپقۇ، بىز ـــ ئەڭ تۆۋەن نۇقتىلارغا.

سەن يۈكسەك بىر چوققىلارغا چىققىنىڭدا،
تەبرىكىم ساڭا كاراڭ ئىشتىلمىگەي.
يول توسۇش گۇناھىدىن ئۆتمىگەي ئەل،
يول ياساپ كۆرمىگەنلەر چۈشەنمىگەي.

## ئۈچ تامچە قان

«تاك» قىلىپ چەككىنىڭدە تەبىئەتنى،
يېرىلدى بىچارىنىڭ پىشانىسى.
سەن كۈلدۈڭ، يىتىلىپتۇ نەپەس كۈمپاڭ،
ئىھتىمال، بۇ باتۇرلۇق نىشانىسى.

ئاققاندا ماڭلىيىدىن ئۈچ تامچە قان،
تەبىئەت كۈلۈپ قويدى سەن كۈلگەندەك.
چۈنكى قان سەندىن ئاقتى ـــ گۈل سۇنغاندا
گۈل سۈيى يوپۇرماقتىن تۆكۈلگەندەك.

رەخىم قاسىم

## ئالەم ۋە ئادەم

1

ئالەم ـــ سىرلىق ھىكمەت، ئۆمرىدۇر باقى،
ئادەم ـــ ئاقار يۇلتۇز بۇندىن كۆچكۈچى،
ئالەم ـــ ھەم مىھرى، ھەم قەھرى بار ساقى،
ئادەم ـــ ھەم شەربەت، ھەم زەھەر ئىچكۈچى.

ئالەم ـــ ساراي ـ ئۆتەڭ، ئادەملەر كارۋان
بىرى كىرىپ كەلسە، چىققىدۇ بىرى.
بۇندا قالالىغان كىم مەڭگۈگە ئامان،
ياش دەپ ئايىغانمۇ، دىگەنمۇ قىرى؟!

ئالدى جاي ئۆت كۈنلۈك مۇشۇ ئۆتەڭدىن،
ئالەمگە كۆز ئاچقان يىگى بىر ئادەم.
سوئال سورىغاندەك ئۆتكەن ـ كەچكەندىن،
ئۇنىمۇ سوراقتا تارتتى بۇ ئالەم.

www.uyghurkitap.com

«شەربەتكە تولامسەن ياكى زەھەرگە؟
ئالدىڭدا ئىككىسى، بىرىنى تاللا.
ئۆزىڭنى چېكىڭدا تاپالا مەھشەرگە،
مانا بۇ سوئالنى يەنە بىر ياد لا!»

ئويلىدى بۇ ئادەم: «ئىچمەككە شەربەت،
شۇڭا لايىق بەدەل تۆلىمەك قەرىز.
ئەقىدە - ئارزۇغا يېتىشتە پەقەت،
بۇ قەرىز ئۆتەشكە تېگىشلىك پەرھىز.

شەربەتنىڭ بەدىلى — بەك ئېغىر بەدەل،
ئۆزىنى ئۆزگىگە ئاتىماقلىق شەرت.
ئۆز ھالاۋىتىدىن ۋاز كېچىپ تۈگەل،
ئۆزگە بەختى ئۈچۈن ياشىماقلىق شەرت!

ئېيتماققا ئاسان بۇ، ئۆگەتسە بىر رەت
شاتۇتى چېغىدا تەكرارلار تولۇق.
ئەمەلدە كۆرسەتمەك بەس مۇشەققەت،
تېرەكتۇر ئىرادە، مەردلىك، غەيۇرلۇق.

ۋە لېكىن، ئادىمى ئادەملەر ئۈچۈن،
بۇ سۆز تەندە ئاققان قاننىڭ ئۆزىدۇر.
بېرەر ھاياتىغا مەنە ۋە مەزمۇن،
بۇ سۆز جىسمىدىكى جاننىڭ ئۆزىدۇر.

چۈنكى، ئۇلار كۆكسى ئاسماندىنمۇ كەڭ،
سىغار گېزى كەلسە بۇ چەكسىز دۇنيا.
مېھرى ھارارىتى قۇياش بىلەن تەڭ،
بەختىمىن ھەر دىلغا چاچار نۇر - زىيا.

ئۇلار باسقان ئىزدىن ئۈنىدۇ گۈللەر،
ئەلگە پاك سۆيگۈسى بېغىشلار شادلىق.
ئەجرىدىن گۈلىستان بولىدۇ چۆللەر،
كۈنسېرى گۈزەللىك تاپار ھاياتلىق.

ياخشىلىق ئۇرۇقى تېرىلغان ھەر يەر،
ئۇلار كىمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن دىيار.
خەلققە كۆيىدۇ ئۇلار شۇ قەدەر،
ئۇلار خەلقى ئۈچۈن پەخىر - ئىپتىخار...»

ئويلىدى شۇلارنى بۇ يېڭى ئادەم،
تاللىدى ھاياتتا بۇ ئېغىر يولنى.
ئىزىدىن يانمىغان شىر بولۇپ ھەردەم،
ئۆتكۈزدى مەردانە نەچچە ئون يىلنى.

كەلسىمۇ مۈشكۈللەر باشتىن ئاشقۇچە،
ياخشىلىق پېشىدىن مەھكەم تۇتتى ئۇ.
ئۆزگىلەر كۈلگەندە كۈلدى قانغۇچە،
ئۆزگىلەر ياش تۆكسە بىللە تۆكتى ئۇ.

ئۆمرىدە بارىنى ئاتاپ خەلقىغە،
بۇ يولدا چەكتى كۆپ جاپا - رىيازەت.
ئەنە شۇ تارتقان دەرد - ئەجرى ھەققىگە،
ئالەم رازى بولۇپ ئۇزاتتى شەربەت.

بۇ شەربەت — ياخشىلىق ئەجرى مېۋىسى،
بار بۇندا خۇشاللىق، بەخت، شان - شۆھرەت.
بۇندا ياماننىڭ يوق نېسىۋىسى،
بۇندا يوق پۇشايمان، يىغا - زار، ھەسرەت.

ئالەم ئېھتىرامدا تۇتقان شەربەتنى
بۇ ئادەم قولىغا ئالدى، شادلاندى،
بەجا كەلتۈرگەچكە ئەھدىنى، شەرتىنى،
يېڭى سەپىرىگە مەمنۇن ئاتلاندى.

قارىغىن، ئۇ مانا ئۆلۈم ئالدىدا
ئۆمرىدىن خۇش بولۇپ تاتلىق كۈلمەكتە.
ئالەمنىڭ سۆزلىرى ھامان يادىدا، —
ئۇ شەربەت ئىچمەكتە، شەربەت ئىچمەكتە...

«شەربەتكە تولامسەن ياكى زەھەرگە؟
ئالدىڭدا ئىككىسى، بىرىنى تاللا.

ئۇزىغان چېغىڭدا تاڭلا مەھشەرگە،
مانا بۇ سوئالنى يەنە بىر يادلا!»

ئالەمگە كۆز ئاچتى باشقا بىر ئادەم،
ئالدىغا ئوخشاش شۇ سوئال قويۇلدى،
ۋە لېكىن، سوئالنى سورىغان ئالەم
ئۇنىڭغا بەئەينى دۆتتەك تۇيۇلدى.

ئويلىدى بۇ ئادەم «شەربەت زەھەرگە
ۋە زەھەر شەربەتكە ئالماشسا يوللۇق،
شەربەت دەپ يول قويسۇن كىم چوڭ زەرەرگە،
نە هاجەت ئۆزگىگە ئەيلىمەك قۇللۇق؟!

ئۆزۈڭنى بىلگىن ـ دە، ئۆزگىنى قويغىن،
قەنتىڭنى چېقىۋال چىشىڭ باردا.
پەيت كەلسە ئۆزگىنى پۇتلىغىن، يۇلغىن،
سۇر دەۋران يەلكەڭدە بېشىڭ باردا...»

ئۇ مەمنۇن ئۆزىنىڭ بۇ يەكۈنىدىن،
ۋە شۇنداق ياشىماق بولدى ئاقىۋەت.
ئالەمگە كۆز ئاچقان ئاشۇ كۈنىدىن
باشلاندى ئۆمرىدە باشقا بىر هالەت.

ئۇ ئاتاق چىقىرىش كويىغا چۈشتى،
قىزارتتى ئاقىللار داڭقى كۆزىنى.
كىم تالانت؟ قىرقىشقا، پېيىغا چۈشتى.
دېدى: «هېچىر ئەتىۋار، چاقساڭ كوزىنى»

ئۇ مەنسەپ كويىدا قاتىردى ھەريان،
يۇقىرىغا ئىنتىلدى، خارلاپ تۆۋەننى.
دېدى :«هوقۇق بولسا ئىلكىڭدە دەۋران،
ئات كۆنەر ئەمرىڭگە تۇتساڭ يۈگەننى».

مال ـ دۇنيا خۇمارى ئالدى هوشىنى،
دېدى:«هەممىگە قادىر ئاقچا ـ پۇل..

ئىندەككە كەلتۈرەر ئامەت قۇشىنى،
پۇل بولسا جەننەتكە كىرگىلى بار يول...»

ئۇ تالاي غەرەزنىڭ كويىغا چۈشتى،
تاشلىدى ئىنساپنى، ئارنى، ۋىجداننى.
قىلچىلىك نەپ كۆرسە ئېتىلدى ـ ئۇچتى،
ئايرىپمۇ تۇرمىدى هالال ، هارامنى.

ئۆرلىدى ئۆزگىنىڭ دەسسەپ بېشىدىن،
بولدى كۆزلىگىنى سۇلايمان تەختى.
كۆكلىدى ئۆزگىنىڭ قانىنۇ يېشىدىن،
بولدى قۇربانلىقى ئۆزگىنىڭ بەختى.

ئۇ كۈلدى قاقاقلاپ يىغلىغاندا ئەل،
ئەل كۈلسە قۇتىردى قەلبىدە ھەسەت.
ھەتتا بارچە جاننى ئالغۇچى ئەجەل،
ئۇنىڭ قاپتىلىغا كەلمىدي پەقەت.

يامانلىق بولسىلا قىلدى، قويمىدى،
ئەپسى ئېشەك قىلىپ مىندى ئەقلىنى.
بولغانچە بولغۇسى كەلدى، تويمىدى،
چاپادا قاقشاتتى ۋاپا ئەھلىنى.

قەددىمى يەتكەن يەر كۆتۈردى پەرياد،
تاپىنى چوغ بولۇپ ئۆرتەۋاتقاندەك.
زۇلمى ـ ئازابىدىن ھەر زات دېدى: داد!
پەلەك چاقى تەتۈر چۆگىلەۋاتقاندەك.

بىر ئۆمۈر يامانلىق قىلىپ خەلقىغە،
يەتكۈزدى بۇ ئادەم كۆپ زەخمەت زەرەر.
ئەنە شۇ رەزىللىك، شۇملۇق ھەققىگە
ئالەم دەرغەزەپتە ئۇزاتتى زەھەر.

بۇ زەھەر بۇ ئادەم ئۆمۈر يەكۈنى،
بۇندا بار بەدنىيەت، سۇيىقەست، گاپەت.

uyghurkitap.com

نېمە تەرگەن بولسا ئالدى ئۇ شۇنى،
ئالغىنى: ئۆچ—نەپرەت، قاغىش ۋە لەنەت!

ئالەم قەھرى بىلەن تۇتقان زەھەرنى
بۇ ئادەم زورمۇ زور ئالدى، زارلاندى.
كۆرۈپ ئالدىدىكى خەۋپۇ خەتەرنى،
ئۆلۈم سەپىرىگە قاقشاپ ئاتلاندى.

قارىغىن، بۇ ئادەم تالاشماقتا جان،
كۆزلىرى چەكچىيىپ، رەڭگى ئۆچمەكتە.
ئالەمنىڭ سۆزلىرى كۆڭلىدە ئايان،
ئۇ زەھەر ئىچمەكتە، زەھەر ئىچمەكتە...

*

ئالەم — سىرلىق ھېكمەت، ئۆمرىدۇر باقى،
ئادەم — ئاقار يۇلتۇز بۇندىن كۆچكۈچى،
ئالەم — ھەم مېھرى، ھەم قەھرى بار ساقى،
ئادەم — ھەم شەربەت، ھەم زەھەر ئىچكۈچى.

ئارسلان

# رەڭگارەڭ شېئىرلار

## كۆزلىرىڭدە مىڭ جاھان

يۈرەككە تاشلىنىدىڭ ئوتنى قاچاندا يار بولۇپ پەيدا؟
نە ئوتتۇر، ئوتكى بىر چاقماق، نە چاقماق، چاقماقچى غەۋغا.
جېنىمنى باغلىۋالدى قاپقارا ساچىڭ بولۇپ ھالقا،
نە ھالقا، ھالقائى ئىشكەل، نە ئىشكەل، ئىشكەلى سەۋدا.
ئۆزىدە كۆرستەر مىڭلاپ جاھاننى كۆزلىرىڭ ئويناق،
نە ئويناق، ئويناقى جىلۋە، نە جىلۋە، جىلۋەئى زىبا.
زىناقىڭ سېھرى، مەگزىڭنىڭ جۇلاسى مەست ئېتەر جاننى،
نە مەستلىك، مىڭ مەستكى ئەس - ھوشىسىز، نە ھوشىسىز ئاشىقى شەيدا.
بېرەر سۆزلەپ چۈشۈمدە سىرلىرىڭنى ئاي ۋە يۇلتۇزلار،
نە سىر، سىركى دىلىڭ مەشۇق، نە مەشۇق، مەشۇقى بەرنا.
سىياقىڭ بار كۆزۈمدە ھەم چۈشۈمدە جان بىلەن غەمداش،
نە غەمداش، غەمدىشى ھەمراھ، نە ھەمراھ، ھەمراھى تەنھا.
مۇھەببەت دەردلىرىدىن جان شىكايەت قىلغىلى قورقار،
نە دەرد، ئۇ دەردكى بىر راھەت، نە راھەت، راھەتى دۇنيا.
ئارسلان، سەن بىلەن بىللە يۈرەرمىش يار، بىلەمسەن - يوق؟
نە بىللە، بىللەئى تەقدىر، نە تەقدىر، تەقدىرى تەرسا.

## كۆزۈڭ تارتتى سۈرەتكە

ساڭا باقتىم، كۆزۈڭ تارتتى مېنى سۈرەتكە ئەي جانان،
پەلەككە باقتىڭ ئاي تارتتى سېنى سۈرەتكە ھەم شۇ ئان.
كۆيۈككە سۆزىتىڭنى كۆتۈرۈپ ئاي كىردى، سەن كۈلدۈڭ،
چۈشۈمگە سۆزىتىمنى كۆتۈرۈپ كىردىڭ، ياشاردى جان.

## خۇشاللىق

مەن كۆلدۇم كۆرسىتىپ ھەسەن - ھۈسەننى،
كۆيلىدىم كۆرۈنگەن چاغدا بوستاننى.
سىر تۇتتۇم شۇ يەردە كۆتۈشۈگىنى يار،
چىققاندا كونكىمىز تاشلاپ ياۋاننى.

چىققاندا كونكىمىز تاشلاپ ياۋاننى،
كۆيلىدىم كۆرۈنگەن چاغدا بوستاننى.
سىر تۇتتۇم شۇ يەردە كۆتۈشۈگىنى يار،
مەن كۆلدۇم كۆرسىتىپ ھەسەن - ھۈسەننى.

## ئىككى بۆشۈك ئارىسى

بىر بۆشۈككە چىقار ئادەم تۇغۇلسا،
چىقار يەنە بىر بۆشۈككە چىقسا جان.
ئىككى بۆشۈك ئارىسىدا پەقەتلا،
بار قىسقا ۋە تۇمانلىق چۆش بىر مەيدان.

## ئالماس تاج

مەن شاھمەن ئالماس تاجىم بار،
تاجىمغا ھېكمەت بولغاچ يار،
خىلمۇ خىل ھالەت يۈز ئاچار:

تاجىمدا ئەكس ئېتەر كۆك،
يۇلتۇزلار ئۈچەر ۋە يانار،
ئاي كۆيۈك، زەر قۇياش بۆيۈك.

تاجىمدا زېمىن جىلۋىسى،
دەريالار دولقۇنلاپ ئاقار،
تاغلارنىڭ يېمىرىلمەس سېپى.

تاجىمدا دالىلار قازلىق،
يالتىرار بۇلاقلار باغلار،
ئورمانلار بۇغا - مارالىق.

تاجىمدا پەرىلەر ئەكسى،
كۆرسىتەر پەرىشتە رۇخسار،
مارار جىن - شەيتانلار ئەسكى.

تاجىمدا ئادەملەر ئايان،
تەلمۈرۈپ مىليون كۆز باقار،
ھەسەت، ئۆچ، ھەۋەس نامايان.

تاجىمدا قىلىچ شولىسى،
جەڭگاھقا ئۆلۈم ئوت ياقار،
ياڭرايدۇ ھايات نالىسى.

تاجىمدا ھۆكۈم بەلگىسى،
كەڭ دۇنيا سوغۇق نۇر چاچار،
كۆرۈنەر ئۆتمۈش، كەلگۈسى.

تاج مېنىڭ، قۇدرەت مېنىڭكى،
بايلىق، پۇل، غورۇر، ئىپتىخار،
ھەتتا چۆش، شۆھرەت مېنىڭكى.

ئادەممۇ، ئالەممۇ مېنىڭ،
ئۇلۇغمەن ئىگىسى داڭدار،
مەن بارلىق، زامان، ماكانىنىڭ.

تاجىمدا كۆرۈندى قەدىدىم،
يېگانە، زەئىپ ۋە پاكار،
ئاھ ئۇردۇم قورقۇتقاچ ئەسلىم.

ئويغىنىپ كەتتىم پەريادتا، ...
چۆشۈمدە تاج قالدى زىنھار،
نېمىلەر قالماس ھاياتتا؟...

## ئىككى دۇنيا لىۋىدىكى مۇھەببەت

بىللە ئۆستۇق لېكىن تەقدىر ئايرىدى،
مەن بېشى سەن ئايىغىدا دەريانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىگرا بۇندا كېسىپ ئۆتەر ئېقىننى،
دەر پەردىسى بولۇپ ئىككى دۇنيانىڭ.
يىراقتىكى تۇغقانلارغا تەلپۈنۈپ،
سەن «خوش!» دېدىڭ بۇ دىياردىن ئايرىلىپ.
كۆز ياشلىرىڭ شەبنەم بولۇپ چېچىلدى،
ھەسرەت بىلەن باقىشىڭدا قايرىلىپ.
ئايرىلىمىدى يۈرەك تۇگۈل قول ـ ئاسان،
جۇدالاشتۇق شۇنداق تىترەپ، تەمتىرەپ.
بۇ خوشلىشىش پەيتى چەكسىز ئۇزارسۇن،
ئازابلىشى توختىمىسۇن دەپ تىلەپ.
لېكىن ئاخىر سۆيۈشۈشلەر توختىدى،
لەۋلىرىمدە قالدى لېۋىڭ ئىسسىقى.
لەۋلىرىڭدە كەتتى لېۋىم ئىسسىقى،
تۈگىگەندەك بولدى ھايات قىزىقى.
مەن يۇرتۇمغا تارتىشىمنى كەتمىدىم،
كۆردۈممىكىن ياردىن يەرنى ئەۋزەلرەك.
ئىنسانلارغا ئورتاق يۇرتقۇ يەر شارى،
مېنىڭ، مېنىڭ دەپ تالاشماق نە كېرەك؟
ئىجىل ـ ئىناق بولار قاچان ئىنسانلار،
چەك ـ چېگرىلار، چەكلىمىلەر يوقىلىپ؟
بىزگە ۋىسال بارمىدۇ؟
يا قالارمۇ
جۇدالىققا شامالدىن كۆي توقۇلۇپ؟ ...

جۇدالاشقان جاي تۇرۇپتۇ ئۆز پېتى،
يەنىلا نۇر ياغار كۆكتىن، قۇياشتىن.
چېگرا بەردى ئۆز كۆكسىدىن كىچىك يول،
كەلگەن چاغدا سەن ئاياغدىن، مەن باشتىن.
ئەپسۇس ... يىللار ئەپكەتكەنتى ياشلىقنى،
دەسسەپ تالاي ھېسنى، چۈشنى، خىيالنى.
يوقىتىپتۇ كۈتۈش، ئازاب، قايغۇلار،
گۈزەللىكلەر جىلۋىسى، ئاي جامالنى.
قوشۇلدى لەۋ، ھىجران دەردى قوشۇلدى،
سۆيگۈنىڭمۇ يا بۇ دەردنىڭ ئالمىتى؟!
كەچمىش دەردى ئەسكە سېلىپ قىيىندى،
بۇ سۆيۈشۈش بەرمەي سۆيگۈ راھىتى.
بىللە ئۆستۇق، تەقدىر تىرىك ئايرىدى،
مەن بېشى، سەن ئايىغىدا دەريانىڭ.
قايتماس ئېقىن بىلەن كەتكەن ياش سۆيگۈ
قۇربانىمۇ سىرلىق ئىككى دۇنيانىڭ؟!

## نازلىرىڭدا ...

يەپ قويغۇدەك تويماي ساڭا قارىسام
كۆزلىرىمگە جامالىڭنى سىڭدۈرۈپ،
ھەيران قالدىڭ، ئاچچىقلىدىڭ بەلكى سەن
قاشلىرىڭنى ئۇچاردىڭ كۆز تىندۇرۇپ.

ئەيىبلىمە، جانان، ئاخشام چۈشۈمگە
يەنە كىردىڭ پەرىلەردەك كۆرۈنۈپ.
يورۇتتى چۈش دۇنيارىمنى كۆزلىرىڭ،
ئورمانلىقتىن كۆتۈرۈلگەن كۈن بولۇپ.

ئويغىنىپ ھېچ تۇتالمىدىم چۈشۈمنى،
تاشلاپ كەتتى بەخت شۇنداق كۆيدۈرۈپ.
كەلدىم سېنى ئوڭۇمدا بىر كۆرگىلى،
كۆز نۇرۇمغا چىرايىڭنى سۆيدۈرۈپ.

ئويماق ئېغىز، خۇمار كۆز زەپ قىيىندى،
چۈشۈمدىكىمۇ ھوزۇر بەرگەن كۈلدۈرۈپ.
نازلىرىڭدا جېنىمنى بىر مەست قىلغىن،
مەيلى تاشلا ئاندىن مېنى ئۆلتۈرۈپ.

## سېھىرلىك ئۆتەك

كىشىلىك ھايات يورۇق بىر ئۆتەك،
ئىچىدە ئويۇن، سېھىر رەڭمۇرەڭ،
ئەتراپى چەكسىز قاراڭغۇلۇق كەڭ.

ئادەملەر كېلىپ، كېتىشىپ ئۇزارماس
شاھمۇ، گادايمۇ بۇ جەھەتتە تەڭ.
مەنزىلنى بىلگەن ئادەم قايدا بار؟!

ھاياتلىق بىر نۇر، بىر ئىس، بىر چاقماق،
ئۇندا ئۇزۇلمەس نەپ، شان ئۇچۇن جەڭ،
نۇر، ئىس، چاقماقنىڭ پۇتمىكى چاتاق.

مەۋجۇتلۇق يۈكسەك بىر ئىشمىكىن تاڭ؟
ئەمەسمۇ بىز جەم بولۇپ يوقلۇقتا،
ئاخىر يوقلۇقتا چېچىلغان توزان؟!

بۇ دۇنيانىڭ غەم - قايغۇ، تەشۋىشى،
غايىپ بولغۇسى تارتىنىش، ئۇيات،
تەقدىرنىڭ سىرى، ئاشىق كەچمىشى،
باشلىسۇن ئۇيقۇ چۇش مەنزىلىگە،
كۆكلىمگە يوروق چاچسۇن ئاي يۈزۈڭ،
يوقالمىسۇن چۇش، مەڭگۇ تاڭ ئاتماي
مەست قىلىپ جاننى ئالسىمۇ كۆزۈڭ.

## چۇشۇمدە سەن، چۇشۇڭدە مەن

روھىنىڭ كۆچمگە ئىشەنگىنىم بار،
ئويلايمەن سېنى زېھنىمنى يىغىپ،
چۇشۇڭگە كىرسەم چۇشۇڭنى، نىگار،
تىللاپ يۈرگەنسەن يۈرىكىڭ ئېغىپ،
ئۇخلىسام‌لا مەن چۇشەيمەن سېنى،
ئويغاندىم مانا يېرىم كېچىدە،
ئۆزۈڭ كەلمىگەن بىلەن كۆرۈندى
ھۆسنىڭ كۆزۈمگە كۆز ياش ئىچىدە،
چۇشۇمگە شۇنداق ھەمراھ بولمىقىڭ
كۆيگەن جېنىمغا بېرەر سەل ئارام،
چۇشۇمنىڭ توپ - توپ ئەسلىمىلىرى
شادلىق ۋە دەردتىن ئۇزىتىدۇ جام،
سەن چۇشلىرىمنىڭ ئەركىسى دىلدار،
كۆزۈمدە سەن بار، كۆزۈڭدە مەن بار،
چۇشلەردە شۇنداق تېپىشىۋەرسەك،
يۈرىكىڭ بىر كۈن ئېرىپمۇ قالار،
يەنە سۆيگۈنىڭ خىيالىتىدە
باسماقتا ئۇگدەك ھارغىنلىق يېتىپ،
كەل تۇمان يېپىپ ئەقلىمگە ئۇيقۇ،
چۇش دۇنياسىغا سىرلىق تۇس قېتىپ،
باردۇر شۇ يەردە ۋىسال، ھاياجان،
شېرىن سۆيۈشۈش، تولغىنىشلار ھەم،
قانۇنلار يوققۇ چۇشكە ھازىرچە،
ئۇ يەردە مەن شاھ، سەن خانىش ھەردەم،
ئۇ يەردە ئەستىن چىقىدۇ ھىجران،

## گىرىمسەن

ئاجايىپ نەرسە ئۇ، كۆرسىتەر،
خىيالىي دۇنيادىن كارامەت،
«ئېزىتقۇ»دەر ئۇنى ئادەملەر،
ئازدۇ يەنىلا ھەر نۆۋەت.

ئازدۇ يەنىلا ھەر نۆۋەت،
«چۆللەردە ھوش كېرەك» دەپ تۇرۇپ،
كۆرسەتسە ئۇ سۇرەت زەخمۇزەك،
ئىنتىلەر، جان ئۇزەر ئاھ ئۇرۇپ،

ئىنتىلەر، جان ئۇزەر ئاھ ئۇرۇپ،
كۆرگەندە بارخانلار ماڭغاننى،
دولقۇنلۇق سۈزۈك كۆل ئۇستىدە
سۇدىنلا بىنا جاي ئالغاننى،

سۇدىنلا بىنا جاي ئالغاننى،
تاغ ئورمان ئۇستىدە تۇرغاننى،
كۆل تاغنىڭ ئۇچىغا قونغاننى،
كۆل سۇيى ئاي - كۈننى يۇيغاننى،

كۆل سۇيى ئاي - كۈننى يۇيغاننى،
ۋادىدا دەريالار ئاققاننى،
قۇياشنى كۆتۈرۈپ مۆكگۈزدە
بۇغىلار قىيادىن باققاننى،

بۇغىلار قىيادىن باققاننى،
كۆرگەندە چاڭقاق جان بوستاننى،
بىردىنلا قۇيۇنلار قۇم چىچىپ،
ئۇلايدۇ يەر بىلەن ئاسماننى.

ئۇلايدۇ يەر بىلەن ئاسماننى،
نە پايدا قۇيۇندىن جاهانغا؟!
قۇم كۆچەر بولۇپ بىر قىيامەت،
بويسۇنار بارچىسى بورانغا.

بويسۇنار بارچىسى بورانغا،
بىنانى باسار قۇم، ئاقار قۇم.
قۇم كىرەر ئازغۇنىنىڭ ئاغزىغا،
خىيالى دۇنيامۇ بولار گۇم.

## خازان قەسىدىسى

تىللادەك پارقىراپ، پەرقىراپ
چۈشىسەن، ئەي خازان، شىلدىرلاپ.
ئېيتىڭمۇ هاياتقا ئەلۋىدا،
قايغۇلۇق ئاهاڭدا شىۋىرلاپ؟
يا كۈيلەپ ماڭىدىڭمۇ ئۆلۈمنى،
هاياتنىڭ ئايرىلماس دوستى دەپ؟
يېتەكلەر ئۇ يېڭى هاياتنى
تەڭداشسىز قۇدرەتتە يول تۈزلەپ.
تىلەمسەن تىلەكلەر دۇنياغا،
كەچكى نۇر ئىچىدە شىلدىرلاپ؟
زېمىننىڭ قەلبىنىڭ سىرىنى
بارامسەن تىڭشاشقا مىڭ يىللاپ؟
سەندە بار بۇلاقتەك شىۋىرلاش،
مومايدەك كۈيسۈنۈش، پىچىرلاش،
بوۋاينىڭ دۇئالار ئوقۇشى،
جان ساكرات پەيتتىكى تىپىرلاش.
هۆسنىڭدە ئاچچىق بىر تەبەسسۇم،
دولقۇنى شەكىلسىز تارقىلار.
ئېيتىمىغىن قۇياشقا ئەلۋىدا،
سەن بىلەن يەرگە تەڭ باش قويار.

## مۇزلىغان دەريا

چۈشۈمدە تارىم دەرياسى ئۇيۇغاندەك
مۇزلىدى قېتىپ كۈمۈشتىن قۇيۇلغاندەك.
ئاندىن كۆتۈرۈلدى ئۇزۇن زۇلپىقار بولۇپ،
چاچراتتى
يۇلتۇزلارنى ئۆچى تاقا سوقۇلۇپ.
تەگكەندە خانتەڭرىگە چىقتى ئوت چاقناپ،
لاۋۇلدىدى ئوپۇقتا تاڭ يالقۇنلىنىپ.
پەرقىردى قۇيۇنغا ئوخشاپ شۇ مۇز دەريا،
تۇتاشتۇردى يەر-كۆكنى ئاق تۈۋرۈك بولۇپ.
ئاقارغاندا هايات ۋە تەبىئەت گويا،
شۇ مۇز دەريا ئالدىمغا كەلدى تۇرۇلۇپ.
باشلىدىم تالانت ئۆچمەنلىرى قېشىغا
كەتسۇن دەپ
هەسەتخور، ئادالەتسىزلەر گۇمۇرۇلۇپ.

قار - مۇز پۈركەلدى، مۇزدا قاپلاندى ئەتراپ،
جىمى يەر، مەۋجۇداتلىق ئۆلدى توڭلاپ.
مۇزلاشقا باشلىدىم مەنمۇ ئاخىرى،
مۇز دەۋرگە قايتتىمۇ يە يەر شارى؟
قايتقان بولسا كەلمىگىنى نېمىسى،
توپان - بالا سۇ، نوھنىڭ كېمىسى؟
ۋەھىمە، ئازابقا تۇرالماي چىداپ،
ياماشتىم گەۋدىسگە مۇز دەريانىڭ،
ھەۋدىسى ئۆلسىمۇ كۆڭلۈمدە بۇ دۇنيانىڭ،
ئۆرلىدىم تىرمىشىپ پەلەككە تەنها،
ھەممىلا يەرمۇ كەتمىگەن ئوخشايدۇ مۇزلاپ.
يىراقتا چۆمۈلدەك يۈرەر ئادەم مىغىلداپ.
لېكىن تارقىمىدى ۋادەردىخا،
زېردىكش، غېرىبلىق ھېسسىي ئالدىراپ.
تىتىلغان بۇلۇتلار ئېتەكلىرى ئارا
كۆرۈندى ئاسمان، قۇياش جىلۋىسى يالتىراپ.
ئۆششۈگەن بىر قات تېرەم سوپۇلۇپ چۈشتى
جىمى نەرسىنىڭكى بىلەن بىللە شۇندا،
يىرتىلىپ، سىيرىلىپ، قالتىراپ:
تىك پىرقىراشتىن توختىدى مۇز دەريا.
يىقىلدى يەرگە ئېگىز مۇناردەك غۇلاپ.
ئېرىدى، ئاقتى يىراقلارغا دولقۇنلاپ.
مۇز ئايلاندى سۇغا، جىلۋە چېچەككە،
يېپپەك ئېقىمىغا ئايلاندى بۇ دەريا،
مەن يىپەك تارتتىم ئۈنگىدىن ئاۋايلاپ،
باساي دەپ خىلمۇخىل كەشتە،
يېڭى رەڭ تاللاپ.

## قارا كېچە

قۇچىقىڭ ھاڭمۇ يا مۇشكى دۇنياسى،
ئەي كېچە، تىلسىمگە تولغان بىر تۇتاش.
قارا رەڭ بەرگەنمۇ سىر ۋە نازاكەت،
دولقۇنىڭ قىزلارنىڭ چېچىغا ئوخشاش.
سۆيىمەن كۈندۈزنى سۆيگەندەك سېنى،
سۆيگەندەك گۈللەرنى تىكەنلەر ئارا.

ئۇيغۇرلار قارىنى دەيدۇ ئۇلۇغلۇق،
چېچىگىمۇ، تېنىگىمۇ، قېنىگىمۇ، قارا.
تەلمۈرسەم ئوخشايسەن يارنىڭ كۆزىگە،
شۇ كۆزمۇ قاراڭغۇ سىرلىق بىر جاھان،
يار چېچى دەپ سېنى ھىدلاپ كېتىمەن،
قوزغىتار ئېپارىڭ، ئەترەڭ ھاياجان.
كەڭ قوينۇڭ ئاشىقنى بېغىشلار ۋىسال
ۋە بېرەر ھىجرانغا سانسىز گۈڭگا يول.

بار بەخت لەززەتنى نەپەسلىرىڭدە
ۋە ئەجەل كۆز يېشى، قاتقان قان- ئۆيۈل.
ئۆيقۇلۇق قارىسام ئۆگدەيسەن ھامان،
چۈشۈڭدە نېمىنى چۈشەيسەن كېچە؟
خىيالچان قارىسام چەكسىز سوزۇلغان،
خىيالىي دۇنياغا ئوخشايسەن كېچە.
تۇرىسەن سۈكۈتتە قارا يېپىنىپ،
تۇتتۇڭمۇ يە ئۆلگەن يىللارغا ماتەم؟
ئەسلىمە دۇنياسىمۇ سەن قارا رەڭلىك
قارا چۈش، يۇمۇرلار ئۆيۈنلىرى جەم؟
بېشىڭغا بولۇپتۇ ئەبەدىيلىك تاج،
بىلگىلى بولمايدۇ سېنى، سىرلىقسەن.
يۇلتۇزنى قۇچاقلاپ چەكسىزلىكتە كەڭ،
ئېگىزدە سەن ئاينى دوملىتىسەن،
پەسلىتىپ قىسىسەن تار جىلغىلاردا،
پاتقاققا پاتۇرۇپ سۇدا يۇيىسەن.
چۆرۈپلا ئاتىسەن چوققىغا بەزەن،
دەرەخلەر ئۇچىغا ئېسىپ قويىسەن.
تاڭ بىلەن سەن ئاشىق - مەشۇقمۇ، كېچە
ئوينايسەن تۈگىمەس مۆكۈ- مۆكۈلەڭ.
يە ھەسەت قىلامدۇ يۇلتۇزلار بىلەن
لىق تولغان كۆكسۈڭگە چىدىيالماي تاڭ؟
دۇنيادا نېمە بار ھەسەتتىن خالى؟
چىرايىڭ ھەسەتتىن قارايغان بەلكىم.
جىسمى جان ئاز- تولا قىلىدۇ ھەسەت،
ۋە لېكىن ئىقرارغا كەلمەيدۇ ھېچكىم.
سەن ھەسەت قىلىسەن سايە سالىسەن،
سۈس شەپەق نۇرىغا كۆكتە پارلىغان.
كۆمۈش ئاي، يۇلتۇزنىڭ شولىلىرىغا،
بۇلاقتا دەريادا ئۇسسۇل ئوينىغان.
ياخشىلىق دوستۇڭ-يۇ لېكىن سەزدۇر مەي،
يامانلىق ئۈستىگە چاپان ياپىسەن.
كۈندۈزمۇ بۇزۇققا يول يورۇتقاندەك،
قوينىڭدىن ئوغرىغا پاناھ تاپىسەن.
ئىنسانغا، جاندارغا ئۇيقۇ ۋە ئارام
بېرىسەن قانىتىڭ ئاستىدا ھامان.
باغرىڭدا ئۆلارنى يوشۇرمىساڭ گەر
ئالاتتى بىرىدىن بىرى بوغۇپ جان.
قىرىلىپ تۈگەيتتى بۇ چاغقا ئۆلار،
قىيامەت كۆرەتتى بەلكى بۇ جاھان.
يوشۇرغىن چېكى يوق سىرلىقلىقىڭدا
يەنە بىر- بىرىنى كۆرسەتمەي ئامان.
ئەي كېچە، ئەجدادىڭ قىقىنۇسمىدى؟
تاڭ ئوتىنى كۆيدۈرسە تىرىلەركەنسەن.
كۈندۈزنى ئۇپۇققا بېسىپ بوغۇزلاپ،
قان كېچىپ قارىيىپ كېلەر ئىكەنسەن.

**ئابلەت ئابدۇللا**

# شېئىرلار

## ئانا شەھىرىم

سەن يەتمەيسەن،
ئىستامبولنىڭ بىر كوچىسىغا،
نيۇ - يوركنىڭ بىر دوقمۇشىغا،
سەن يەتمەيسەن،
بېيجىڭنىڭ بىر باغچىسىغا،
موسكۋانىڭ بىر يانپېشىغا!...
سېنىڭ زامانىۋى قىشلاقلاردىن بار
نېمە پەرقىڭ
ئەي، ئانا شەھىرىم!
لېكىن،

شۇنداقتىمۇ ،
تېگىشمەيمەن سېنى نىيۇ- يوركقا،
ئۆزگىلەرنىڭ «جەننەت» يۇرتىغا...
كۆكۈم خىلۋەت مەلىلىرىگىدە،
چاڭ توزان، لاي كوچىلىرىگىدا،
يامغۇر ئۆتكەن ئۆيلەرنىڭ تامچىلىرىدا،
ئاقىدۇ قەلبىم،
ئەي ئانا شەھىرىم،
ئانا شەھىرىم!...

## يۈز يىلدىن كېيىنكى كىتابخانغا

بۇ دەريا
ئاقاتتى شەھەر سىرتىدا ،
ئۇ يېقىنى ئاتايتتى «چاپچال» دەپ .
سەن ئولتۇرغان ،
بۇ ئېلېكترونلۇق ئۆي ئورنىدا ،
بار ئىدى بىر بوۋاينىڭ ئۆيى ،
قالغان چۆلدەرەپ ...
تاملىرى قار- يامغۇردا كەتكەن ئېزىلىپ،
بوۋاي
سانا تورىيىگە كەتكەن
پاناھلىق ئىزدەپ...

## ئاۋغۇست ئاخشىمى

سەن نەگە مۆكۈندۈڭ گۈزەل دىلبىرىم،
بۇ ئاۋغۇست ئاخشىمىنىڭ كۆڭۈللۈك
چېغى.
سۈزۈلگەن كۆل يۈزىدە دولقۇن بىتىنىم
دالادىن ئېسەر مېۋە، گۈللەر پۇرىقى.
كۈندۈزى ئاخشىدۇر،
تۈن شېئىرىيەت،
ئافرودىت ① كېزىدۇ دالالار ئارا.
يېمىدۇ كۈتىدۇ سىرلىق تەبىئەت،
كۈتكەندەك مەن سېنى ئىنتىزار تەنھا.

ياشاش ئىستىكىدە، يانار مەۋجۇدات،
تۇندىمۇ ئېتىزدا مايسا تارتماي بوي.
گاھ غەيرىي ئاۋازلار،
جىمجىت - سۈكۈنات،
كۆڭۈلگە كېلەر ئەجەب شېرىن خىيال ئوي.
نەدىسەن؟
كۆلدىكى ئاي شولىسىنى،
تاماشا قىپ بۇندا تۇرامسەن يالغۇز.
كىمدۇر ئېيتار مۇڭلۇق دىل ناخشىسىنى،
تىڭشايدۇ خىيالدا كۆكتە ئاي- يۇلتۇز ...
مۇھەببەت،
ئوي- خىيال ئەجەب ھەممىسى پەس،
خىيالدىن خالىي دۇنيا بارمىدۇ زادى.
مەجنۇنتال پىچىرلىما يارغا بۇ نەپەس،
بار بەلكى كۆڭۈلدە سۆيگۈ ئازابى....
ياپيېشىل قوناقلارنىڭ شىلدىرلىشىدىن،
قورقمىغىن، ئۇيەردە شامال ئەركىلەر.
كۆڭۈلنىڭ مەيۈسمۇ يا پەسىل ئۆرىلىشىدىن،
كۆز كەلدى،
ئۆمۈرگىمۇ شۇنداق كۈز كېلەر.
نە ئامال !
كەل ئاۋغۇست ئاخشىمى بىزگە،
سۆيگۈ ناخشىسىنى كۈيلەپ بېرىدۇ.
بۆدىنە سەيرىپتۇ بېدىلىكلەردە،
ئېتىزدا بەرىكەتلىك ھايات كۈلىدۇ.
قارىغىن ئاۋۇ كىم؟
قىزىل ياغلىقى،
زەنگەر زىغىرلىقنى ياقىلاپ ئۆتتى.
ناخشىمۇ توختىدى،
بۇ ئەجەب - ئەجەب،
ئۇ قىزمۇ ئۇ يەردە كىمنىدۇ كۈتتى...

① ئافرودىت — يونان ئەپسانىلىرىدىكى مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئىلاھى.

www.uyghurkitap.com

## تورغاي سايرايدۇ...

بىر تورغاي،
دالا تورغىيى
قەپەس ئىچىدە،
شۇنچە خۇشناۋا، شۇنچە چىرايلىق،
سايرايدۇ،
سايرايدۇ ئاي - هاي ...
زەڭگەر ئاسماندا،
ئاي دالادا سايرىغاندەك،
ئۇنتۇپ پۈتۈن دۇنيانى
سايرايدۇ تىنىماي.
ئىسىدە يوق قەپەس،
ئىسىدە يوق گۈزەل تەبىئەت،
ئۇلارنى ئەستىن چىقارادى پۈتۈن.
ئۇنىڭ ئالدىدا،
كىچىككىنە بىر ئەينەك،
ئىسى - يادى شۇنىڭدا پەقەت
تورغاي سايرايدۇ،
ئەينەكمۇ سايرايدۇ،
سايرايدۇ،
سايرايدۇ!...

## قارىدۆك قەبرىستانلىقىدىن غۇلجا شەھرىگە نەزەر

ئاستىمدا ئەرۋاهلار،
ئۈستۈمدە بۇلۇت.
تۆۋەندە—
ئالدىمدا گۈزەل بىر شەھەر.
قەبرىگاھ سۈكۈتتە،
شەھەردە شاۋقۇن،
شىۋاقلار پىچىرلايدۇ، شاماللار ئىسەر...
...ئەرۋاهلار سۆزىمۇ بۇ،
بۇ دۇنياغا يات.

بۇ يەردە،
ئاجايىپ سىرلىق بىر ئالەم.
شەھەردە بۇ دۇنيانىڭ سىرىنى يەشمەكتە
بىراق،
تەقدىرنى بىلمەس هېچ ئادەم،
سىرلىق ئەجەل،
سىرلىق ئالەم ...

## كەلسە جۈپ قەلب سۆيگۈنى

جۈپتى بىلەن كېلەر بىر گۈزەل،
كۆرۈشتۇق بىز، ئىككەن كونا تونۇشۇم.
ئۈستىبېشى شۇنچە ئېسىل ياقۇت-زەر
تارتىنىپراق ئۇندىن ئەھۋال سورىدىم:

—مەن خۇشالمەن، دوستۇم ياخشى تۇرۇپسىز،
ئون يىل بۇرۇن كۆرگىنىمدەك گۈزەل ياش.
— رەهمەت، شۇنداق هېس قىلىسىز -
ئەلۋدتتە، —
دېدى،— بىراق ئۇستۇم پۈتۈن، —
قەلبىم ئاچ!...
كەتتى دوستۇم جۈپتى بىلەن، ئارقىدىن،
قاراپ قالدىم ئويلاپ سىرلىق كېيىنى
تېنى هۇزۇر تاپماس ئىكەن لىباستىن،
كەلمىسە جۈپ ئاگا قەلب سۆيگۈنى....

## شائىر قەلبى

ئارزۇلىغان بىر گۈزەل مېنى،
ئارزۇلىمىدى شائىركەن بۇ دەپ.
يوشۇرمايمەن شائىرلىقىمنى،
مۇهەببەت يا كەلگەندە غەزەپ.

چۈشەنمەستىن شائىرلىقىمنى،
هېس قىلغانسەن كىمگە ئوخشىتىپ.

نەزەرىڭدە شائىر دېگەنلەر،
يۈرەمدىكەن دائىم ئۇشقىنىپ.

تۈن نىسپىدە — شېرىن ئۇيقۇدا،
ياتقىنىڭدا كىمنىدۇ ئويلاپ؛
شائىر يېنىپ ئەل - يۇرت ئىشقىدا،
جان قىينايدۇ مىسرا قۇچاقلاپ!

سەن سۆيمىسەڭ مەيلى، مۇھەببەت —
ئىشقىڭ ئۆزگە بولسۇن تىل تۇمار.
شائىر سۆيگەن مىليونلار كەبى،
ئىشقىڭ هامان كۆڭۈلدە تەكرار!...
سۆزلىمەڭلار، ئولاشماڭلارچۇ....
— خۇشال ئىدىڭ
غەمسىز، شاد ئىدىڭ،
كۆز تەگكەندەك دەرد كەلدى قاچان؟!
كۈلۈپ چىققانىدىڭ كوچىغا،
قايتىپ كىردىڭ ئەجەب خىيالچان.
ئېيتقىن، دوستۇم چاقماق چۈشتىمۇ،
قوزغالدىمۇ يا كونا يارىڭ!؟...
— سۆزلىمەڭلار، ئولاشماڭلارچۇ،
خىيالىمغا سالماڭلار پېشاڭ.
خىيالىمغا قويۇڭلار مېنى،
ئارامىمغا قويۇڭلار مېنى،
خۇشياقمايدۇ ماڭا هېچ پاراڭ...
ئۆتتۈپ كەتتى ئۇ،
ئۆتتۈپ كەتتى ئۇ،
هازىر كوچىدا.
ماڭا قاراپ كۆز قۇيرۇقىدا
كېتىپ قالدى ئاستا ۋە تەمكىن.
تەلمۈردۈم مەن،
تەلمۈردۈم ئۇزاق،
كۆز ئۇچۇمدا ئۇنىڭ سۈرىتى،
ئۆزى يوقتۇر يېنىمدا لېكىن...

ئاھ، گۈلجامال، گۈلجامال!
تۈنجى سۆيگەن يارىم ئۇ مېنىڭ،
ئۇ — ئەمدى ئانا...
ئىناق ئائىلىدە خۇشال، بەختىيار.
مەن ئەمدى ئۇنى سۆيەلمەيمەن،
مۈڭدىشەلمايمەن،
سەيلە ئېتىپ خۇشال كۈلەلمەيمەن،
يوق ئەمدى ماڭا ئامال!...
پەقەت كۈيلەيمەن،
ياشلىقتىكى تۈنجى مۇھەببىتىمنى،
ئازابىمنى، دەردىمنى،
سۈرۈپ لەززەت ئارىلاش خىيال...
بىلمىدىم مەن ئۇنىڭ قەدرىنى،
بىلمىگەندەك كېپىنەك بىر گۈل قەدرىنى،
ياشلىق - بەگباشلىقىدىن.

هەي ئەمدى،
ئولاشماڭلارچۇ بىر پەس،
سۈرۈۋالاي تۈنجى سۆيگۈ خىيالىنى،
مەن ئەمدى كىمگە قويىمەن سوئال!؟
ئاھ، ياشلىققا بىر پەس قايتىۋالاي مەن،
ئۇنىڭ بىلەن مۈڭدىشىۋالاي،
سۆزلىشىۋالاي...
ياتاق،
ئاقئۆستەڭ بويى،
كۆك چىمەن...
— بۇ يەردە ئولتۇرغىن گۈلجان،
باهاردە هۆسنىڭگە مەن قانداق قاناي...
هەي،
چاقماق چۈشسە مۇنچە قىينالماس ئىدىم،
تۆكۈلۈپ بولدى ئەمدى ئۆرۈكۈم،
تىلىم - تىلىم بولدى ئەمدى يۈرىكىم،
مەن نەقىلاي، نەقىلاي!...
مەن ئەمدى كىمگە قويىمەن سوئال،
مەن ئەمدى كىمگە قويىمەن سوئال!؟...



**مۇھەممەت باغراش**

# تۇت قوۋلاق

(ھېكايە)

ئۇنى ئاخىر ئەرگە بېرىشتى. ئۇمۇ ئارشىلىق قىلمىدى. بىھۇدە قارشىلىقنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىمگىلا بولمىسۇن بىرسىگە تېگىشى كېرەكتە.

ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنىڭغا ئاشىق بولمىغانىدى. كىملەردۇر ناگان - ناگاندا ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا، قۇدۇق بېشىدا چۈشەكەپ قالغاندەك ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ، قاش ئوينىتىپ قالاتتى - يۇ، بۇنداق جەزبىسى يوق كۆز قىسىشلار ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەسىر قىلىپ، ئۇ قارشى تەرەپكە جاۋاب قايتۇرۇپ بولغۇچە ھېلىقى كۆز قىسقانلار ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك جىمىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئادەتلەنمىگەن، زوردىن - زورغا قىلغان تەبەسسۇملىرى بوشقا كېتەتتى. دېمىسىمۇ ئۇنداق ئاشىقلىق ئىشەنگىلى بولمايدىغان، بار - يوقنىڭ تايىنى يوق ئاشىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، بۇنداق خۇپىيانە ئاشىقچىلىقنا بېرىلىشتىن قورقاتتى — ئاللادىن، ئاتا - ئانىسىدىن، ئەل - مەھەللىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ھېلىقى كۆز قىسىشلارغا، قاش ئويناتىشلارغا بىر خىل دەككە - دۈككىچىلىك، بىسەرەمجانلىق، ۋەھىمە ۋە ئىشەنچسىزلىك ئىچىدە گالۋاڭلارچە ئىپادىلىگەن جىلمىيىشى ھېلىقى ئاشىقلارنى كۆيدۈرۈشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتەتتى. خۇددى ئىتنىڭ ھەجايغىنىدەك راستىنلا ئۇلارنى قورقىتىۋېتەتتى، ئىت كۈلەلمەيدۇ. ئىت ھەجايسا كىشىلەر «چىشلەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ دەررۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىدۇ. ئۇنىڭ جىلمىيىشى دەل ئاشۇنداق ئىتنىڭ ھىجىيىشىغا ئوخشاپراق كېتەتتى. ئۇ ئىت ئىدى. كۈلۈشنى بىلمەيدىغان ئىت ئىدى. بۇنى ئۆزى چۈشىنەتتى...

ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى گۈللۈكنىڭ ئىچىدە، ھويلىنىڭ قارشىسىدىكى ئېرىق بويلىرىدا ئۈچ قوۋلاق غوچچىدە ئۈنۈپ چىق-

قالىمدى. بىر كۈنى ئۇ ئىچى پۇشۇپ ئۈچ قۇلاقلارنى تاماشا قىلغۇسى كېلىپ قالدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ «كۇسۇر-كۇسۇر»، «پىچىر-پىچىر»لىرىدىن بىرەر نەرسىنى سېزىپ قالدىمىكىن؟ بولمىسا ئۇ زادىلا بۇ ئۈچ قۇلاقلارغا نەزەرىدىنى سېلىپ باققان ئەمەسىدى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر تەلپىنى سىناپ باقماقىنى نىيەت قىلدى. چۈنكى كىشىلەر «توي قىلمىغان قىزغا ئۈچ قۇلاقلار ئىچىدىن تۆت قۇلاق ئۇچراپ قالسا ئۇ قىز چوقۇم نىكاھتا بەختلىك بولىدۇ، ئۇنداق قىزنىڭ ئەردىن تەلىيى چىقىدۇ...» دېيىشەتتى. ئۈچ قۇلاق رىستە قىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىدىن بېشارەت بېرەلەيتتى. قېنى ئۇنىڭ تەقدىرى نېمە بولاركىن؟

خۇداغا شۈكرى، ئۇ ھە دېمەيلا تۆت قۇلاقتىن توققۇز تال — ھويلا ئىچىدىن بەش تال، ئېرىق بويىدىن تۆت تال تېپىۋالدى. خۇشاللىقتا بېشى كۆككە يەتتى. شۇڭىمۇ كەچقۇرۇن ئۇنىڭغا «سېنى مەكۇنا خوتۇنلۇققا ئالماقچى!» دەپ ئۇختۇرۇشقىنىدا، مەكۇنانىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ماقۇل بولدى.

مەكۇنا — نەدىن كەلگەنلىكى نائېنىق كەلگۈندى ئىدى. بىرەر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ-بۇنىڭ ئىشىنى قىلىپ تۇر-تۇلمە بولۇپ جان بېقىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ تەلەتى تولىمۇ سۈرۈن ئىدى. بويى پاكار، قورۇپ قالغان جىرىمدەك نىمجان، يۈز-كۆزىدە تۈكنىڭ ئەدۋايى يوق، تۇرقى سۇلەتسىز، جۇگىنىڭ يىرتىقىدەك كىچىككىنە كۆزلىرى ئەينەك قۇملاقتەك. گۇنسىز پارقىراپ تۇرىدىغان، دۈردايغان كالپۇك، چىشلىرى ئۇدۇل كەلگەن نەرسىنى قاشاشقا تەييار ھالەتتە ھەڭگىدەپ تۇرىدىغان بىر سايىق ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىككى ئارتۇقچىلىقى — ئىشەكتەك ئىشچانلىقى ۋە سۆزمەنلىكى ھەممە كىشىنى تاڭ قالدۇراتتى، ئىش دېسە، مولغۇي ئىدى. قائىدە-قانۇن، ئېرەم-نىزامدىن سۆزلىگىلى تۇرسا، ئەمدىلا بۇردا ناننى ئېرىشكەن ئادەم قولتىدىكى ناننى، ئەزرائىل خەقتىن ئالغان ئىسسىق جاننى ئۇنىڭغا قانداق بېرىپ قويغىنىنى بىلمەي قالاتتى. چالا-بۇلا ساۋادىمۇ بار ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ بۇ يۇرتقا ناھايىتى ئوڭايلا قىتىلىنىپ، جايلىشىۋالدى ۋە بۇ يەردىن خوتۇن ئېلىش ئىستىكىنى بىلدۈردى. رىزىق پېشانىسى بويىچە بۇ ئۆيگە سۆز بەردى. ھەپتە ئۆتمەي ناھراتلارنىڭ ھەشەمىتىنى قىلىپ تويىمۇ ئۆتكۈزۈلدى. شۇنداق قىلىپ مەكۇنا ئۆي-ئوچاقلىق بولدى. ئۇ، ئاشۇ مەكۇنانىڭ خوتۇنى بولۇپ قالدى.

مەلۇم بولدىكى، مەكۇنانىڭ ئەسلى ئۇنى خوتۇن قىلغۇسى يوق ئىكەن، توي ئاخشىمىمۇ ئۇنىڭغا قارىماي قويىدى. توي كېچىسى مەكۇنا قوپال بولسىمۇ بۇ دۇرۇس سويىمدەك ياش ۋە تولغان خوتۇنىنى قۇچاقلاپ ھوزۇر ئېلىشنىڭ ئورنىغا، خوتۇنىغا ئارقىسىنى چاپلاپ يېتىپ ئورۇق ۋە رەزگى بارماقلىرىدىنى پۈكۈپ نېمىلەرنىدۇ ساناپ چىقتى ۋە تاڭ يورۇماستىنلا يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

كۈنلەر ئاشۇنداق باشلاندى. مەكۇنا ئىشتىن باشقىنى زادىلا ئويلىمايتتى. تورغاي چۇچۇلىماستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا چىقاتتى-دە، ئاللا قانداق قوزۇقلارنى قېقىپ، قوشام قوشۇپ ئېرىق ئېچىپ، چىت-چىتلاپ تۈن تېنەگ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىچە قىمىرلاپ يۈردىتتى. ئۇ توي قىلىپ ئەتىسىلا قېيىن ئاتىسىغا قاراشلىق باغ-ۋاران، يەر-ئوتلاق، ئېتىز-ئېرىقنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئىگىلىكنى باشقۇرۇشى تەرتىپلىك ۋە پۇختا ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرى ھەممىگە ئۇلگۇرەتتى. ئالماس قول، ھارماس ئاياغ ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئېكىن يەر، ئاختاما يەر، تىنىڭ يەر... نىڭ ھەتنىۋاسى رەتلىنىپ، ئېرىق-سۆگكۆچلەر قېزىلدى. تاناپتەك قىرتىرگەنلەر تارتىلدى. ئويمان-دۆڭلەر تۈزلەندى. ئىلگىرى قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك سېمىز يەرلەر نېمىشقىدۇر قېرى قىزدەك تاشلىنىپ قالىتتىكەن، ئاشۇنچىلىك قىلىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتىكەن، ئەسكى كىگىزنىڭ پارچىسىدەك ئۇ دۆڭدە بىر پارچە، بۇ ئويدا بىر پارچە بولۇپ بوزۇرۇپ قالىتتىكەن، ئەمدى قارىسالىڭ باغ-ئارام، رەندە سالغان تاختىدەك تۈپتۈز ۋە تەكشى كەتكەن ئېكىنزار.... بۇ، مەھەللىدىكىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇلار «توۋا!» دېيىشىپ ياقىسىنى چىشلەشتى، ئۇنىڭغا قىزلىرىنى بېرىۋالمىغىنى ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ-ئۆكۈنۈپ قېلىشتى. مەكۇنانىڭ قېيىن ئاتىسى ئىلگىرى سوخىرۇن بولۇپ روناق تاپمىغان، ئەمدىلىكتە مەكۇنانىڭ ھىممىتى بىلەن بىردىنلا جارىپ كەتكەن ئىگىلىككە قاراپ پادىشاھنىڭ قېيىن ئاتىسىدەك كېرىلىپ كەتتى. قىزىنى بېرىپ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالغىنى ئۈچۈن مەغرۇرلاندى، مەكۇنا شەرەپلىك كۈيئوغۇل بولۇپ چىقتى. ئۇ گويا بىر ئىش ھايۋىنى ئىدىكى، كۈچ بىلەن ئەقىلدىن قىسىنچىلىقى يوق ھايۋان ئىدى، يەنە كېلىپ ئەڭ ياخشى يېرى مەكۇنا ئۇچىسىغا كىيىم، قارنىغا تاماق ئالالمايتتى. ئۇدۇل كەلگەن نەرسىنى يەۋېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلا بولمىسۇن پەقەت قورساققا دال بولسىلا بولاتتى. بۇنداق تاماق ئالالماي ئىشلەشنىلا بىلىدىغان، ئىشلىگەندىمۇ ئون ئەرنىڭ كۈچىنى يەيدىغان ئىگىلىكنى ئۇكچە، بىر ئۆزى پىرقىرىتىۋېتىدىغان ئادەمنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. مانا، ئاشۇنداق بىباھاسىز كىشى ئۇنىڭ كۈيئوغلى، بەت، جىنۋەك بولسا نېمە بوپتۇ؟ پەقەت سۇۋقا بىلەن ساپاننى يەپ قويسىلا مەيلى...

لېكىن جۇۋاننىڭ ھالى تەس ئىدى. ئۇنىڭ تازا بوغۇزلىنىدىغان ئەڭ ئىشتىھالىق ۋاقتى ئىدى. بوغۇز ئەمەس، ھەلەپكىمۇ ئېرىشەلمىدى...

جۇۋان كەچ كىرىشىنى تاقەتسىزلىك، تەشنالىق ئىچىدە تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭ چاقىشى ۋە زارىقىشىغا ئۇرۇق، ئەتىسى، لاتىدەك سولاشقان مەيىنەت سۆگەكچىنى پات-پات كارتىلدىتىپ تاقىلاپ يېتىپ، تۆگىمەس بارماق ساناشلىرى، ئانىدىن قورتەك تۈگۈلۈپ يېتىپ، ئۇيقۇغا كېتىشى بىلەن جاۋاب بېرەتتى. گويا ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى خوتۇن ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە ئاشۇ ئىگىلىكنىڭ غوجىدارى بولۇۋېلىش ئۈچۈن ئىدى.

جۇۋان ئىچىگە تىنالاتتى. ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. مانا، ئۇنىڭ ياشلىقى شامدەك ئېرىمەكتە. ئۇ سۆيۈشكە، سىيلاشقا، ئەركىلىتىشكە، قۇچاقلاشقا، ئوتلۇق قۇچاقنىڭ ئاغرىتىپ-ئاغرىتىپ قىسىشلىرىغا تەشنا ئىدى. جىمى ياش جۇۋانلاردەك... ئەمما... ئاخىرى ئۇ ئارتۇق چىدالماسلىقنى كۆزى يەتتى، لېكىن [illegible]

بىر كۈنى ئۇ هويلىدا تۇرۇپ تامـ
نىڭ ئارقىسىدىن بىر ئەركەكنىڭ ناخشا
توۋلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ
قالدى. ئۇ چاغدا ئۇ يىگىنە ئىشى قىلىپ
ئولتۇرغانىدى. ئەركەكنىڭ ناخشىسىنى ئاڭـ
لاپ ئولتۇرغان يېرىدىن ئوخچۇپ قوپۇپ
كەتتى. ئۇ يات ئەركەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭـ
لاپ باقمىغىلى خېلى زامانلار بولۇپ قالـ
غانىدى. ئاللا قانداق بىر سېزىم ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. ئۇ قورۇنىڭ ئىشىكـ
دىن ئېتىلىپ يولغا چىققىلى تاس ـ ماس
قالدى. مەكۇنا ئۆينىڭ ئارقىسىدا ئىش بىـ
لەن بەنت ئىدى. جۇۋان دەرۋازا ئىشىكىنىڭ
ئېچىلغىنىنى ئاڭلىسا ئېرى تۇيۇپ قېلىشتىن
ئەنسىرەپ جايىدا تۇرۇپ قالدى. لېكىن
ئۇنىڭ ياش كۆڭلى چاپچىماقتا ئىدى. ئۇ
قورۇغا كۆز يۈگۈرتتى. هويلىدا ئۆزىدىن
بۆلەك هېچكىم يوق. ئۇنىڭ كۆزى تونۇر
بېشىدىكى شوتىغا چۈشتى. ئۇ لەۋلىرىنى
چىشلەپ ئويلىنىپ قالدى. ناخشا يېقىمـ
لىق، ئىسسىق، ئويناق ئىدى. ئاخىرى ئۇ
قەتئىي قارارغا كەلدى ـ دە، شوتىنى تامـ
غا قويۇپ تامدىن بېشىنى چىقىرىپ يولـ
غا قارىدى.

يول تامنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتەتتى.
يولدا مەهەللىدىكى پادىچى تاز بىر توپ
قوينى هەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تاز يېـ
تىمەك ئىدى. جۇۋاندىن خېلىلا چوڭ ئىـ
دى. ئۇ ئەقلىنى بىلگەندىن بېرى بۇ تاز ـ
چاق مەهەللىدىكىلەرنىڭ قويلىرىنى بېقىپ
جېنىنى جان ئېتىپ كېلىۋاتاتتى.

جۇۋان بېشىنى تامدىن چىقىرىپ
هېلىقى تازغا دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قاـ
راپ قالدى. تاز ئاۋازىنىڭ بارىچە ئاللاـ
تاغىل توۋلاپ كېتىۋاتاتتى:

تۇخۇم كۆمدۈم ئوچاققا،
جېنىم...

جۇۋان هولۇقۇپ قالدى. ئۇ قامەتـ
لىك ياش تازنىڭ ئەتلەستەك ئالـ بۆلـ
ماچ كەلگەن يوغان بويىغا ئاچلىقتا غىـ
لايغان كۆزلىرىنى تىكتى. جۇۋاننىڭ ئەتـ
يېنى ئوتتەك قىزىپ، يۈز ـ كۆزى لاۋۇلـ
داپ كەتتى.

تاز جۇۋاننى كۆرمىگەنىدى. ئۇ
قويلىرىنى هەيدىگىنىچە ناخشىسىنى دۈك
توۋلاپ كېتىۋەردى. جۇۋاننىڭ تاقىتى تاق
بولدى. قېرىشقاندەك قويچى تاز بۇ تەرەپـ
كە زادىلا قارىمايتتى. جۇۋان ئاۋازىنى
چىقىرىپ يالغان يۆتەلدى:

— ئۆهۆ! ۋىيەي...

لېكىن تاز توپا ـ چاڭغا مىلەنگىنىچە
ناخشا بىلەن بولۇپ مېڭىۋەردى.

ئېتىلغاندۇ بۇ چاققا،
خېنىم...

ئەمدى قاراپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايتـ
تى. تاز بارغانسېرى ئۇزاقلاپ كېتىۋاتاتـ
تى. ئاخىر جۇۋان پايلىمىدى ـ دە، ئىچىدە
ئۆز ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ئىنچىكە ئاۋازـ
دا تازغا قاراپ توۋلىدى:

— هەي تۇڭگا باش، تۇخۇمۇم ئېتىـ
لىپ كېتەي دېگىلى نەۋاق...

ئۇشتۇمتۇت، «گۈلدۈر، غالاپ» قىلـ
غان ئاۋاز بىلەن تەڭ بېخەۋەر تۇرغان
جۇۋان ئېگىزدىن پەسكە ئارقىسىچىلاپ غۇـ
لاپ چۈشتى. نېمە بالا بولغىنىنى چۈشىـ
نەلمەي «ۋاي جان، ۋىيەي» لەپ كۆزىنى
ئاچتى ـ دە، قورقىنىدىن شۇ هامان زۇۋانـ
دىن قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا غەزەپتىن چىـ
رايى ئىستەك قارايغان مەكۇنا كۆزلىرىنى
چەكچەيتىپ ئۇنى «هاپ» قىلىپ يەۋېتىدىـ

غان ئەلپازدا قادىلىپ تۇراتتى. غەزەپتىن، ئۇنىڭ كارنىيى خىرقىراپ قالغانىدى.

— سەنزە، ئىتىزىڭنى ئاشۇ تازغا بېرىپ بۇ روزىغارغا ئاشۇ قۇماق باشنى ئىگە قىلماقچىمىدىڭ؟...

مەكۇنا جۇۋاننىڭ تامغا يامىشىپ چىققىنىنى كۆرۈپ قېلىپ ھەممە ئىشنى چۈشەنگەن ۋە تۇيدۇرماي كېلىپ جۇۋان دەسسەپ تۇرغان شوتىنى تارتىۋەتكەنىدى.

جۇۋان «لاغ-لاغ» تىترەپ، توپا-تۇماننىڭ ئىچىدىن تىرىشىپ-تىرمىشىپ قوپۇپ تىزلاندى-دە، چۈشۈنۈكسىز ئىڭرىدى.



— ۋىيىيەي... نېمە بولەۋگىلا ھوي... نېمە ئىش بولدى... ۋىيىيەي...

مەكۇنا خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك جۇۋان تۆت پۇتلۇق بولۇشى بىلەن تەڭ جۇۋاننىڭ قالپاق قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك لىغىرلاپ تۇرغان ساغرىسىغا جان-جەھلى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى. جۇۋان ئۈمىلەپ قوپۇپ ۋارقىراپ-جارقىرىغىنىچە ئۆيگە قاچتى.

— ۋاي ئۆلەي... بوشراق تەپ ئوغرى...!

مەكۇنا مىكىياننى قوغلىغان جاغامبايدەك قامەتلىك خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن لىكىلداپ يۈگۈرۈپ قوغلاپ ماڭدى.

يىراقتىن قويچى تازنىڭ ناخشىسى بىر خىلدا ياڭرايتتى:

شەپەرەڭنى سۆگىسا...
خېنىم...

شۇ كۈنى جۇۋان ئۆلگۈدەك دۇمبىلىنەپ ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۆزى ساككىپمۇ قويمايدىغان ئاشۇ بالداق تازغا بوگۇن بويۇنداپ ۋارقىردسىمۇ ئۇ تازنىڭ ئۆزى تەرەپكە كۆز قىردنىمۇ سالماي كېتىپ قالغىنى شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يېگەن تاياقتىنمۇ ئۆتە ئەلەم قىلغانىدى. جۇۋان بىر ھازاغىچە دۇنيادىكى جىمى ئەركەكلەرنى (ئۆزىنىڭ دادىسىنىمۇ قوشۇپ) ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ يامان تىللار بىلەن تىللاپ يىتىپ ئاستا-ئاستا جىمىقتى.

جۇۋاننىڭ تولۇق تاشتەك چىڭ بىجىرىم تېنىگە مەكۇنادەك جىۋەكىنىڭ تايىقى ئۇنچە تەسىرمۇ قىلىپ كەتمىگەنىدى. جۇۋان چۈشكىچە قىنىپ ئۇخلاپ، چۈشتىن كېيىنلا ئورنىدىن قوپۇپ ھويلىغا چىققىتى. تاما

ياقىنىڭ ئاغرىقى بېسىققان بىلەن كۆڭلىدىكى ھېس-تۇيغۇنىڭ دەۋرىشى بېسىقمىغانىدى. ھېلىقى ئازىنىڭ قۇۋۋەتلىك، تۇم، قىزغۇچ ئالىبۇلا گەدىنى جۇۋاننىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى بولماي ئۇنىڭ كۆڭۈل پىنھانىنى غۇلغۇلىغا سالماقتائىدى. ئۇ ئۆزىگە ھېچ ئارام تاپالماي ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ھەر تۇستىرەك بالقىتىپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈللۈكلەرگە مۆڭلىنىپ قارىدى. ئۇ، ئۇشتۇمتۇت گۈللەرنىڭ تۈۋىدە بىر-بىرى بىلەن بوي تالىشىپ، مارىشىپ تۇرغان ئۈچ قولاقلار ئارىسىدا «مانا مەن» دېگەندەك دىڭگىيىشىپ تۇرغان تۆت قولاقلارنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ئانچە ئىشەنچ قىلالماي گۈللۈكنىڭ ئارىسىغا كىردى-دە، ئېگىلىشىپ تۇرۇپ تازا سىنچىلاپ قارىدى. دەرۋەقە، بىر يەردىلا بىرمۇنچە تۆت قولاقلار دىڭگىشىپ تۇرۇشاتتى. قولاقلارنىڭ يۇمران، تەڭگىسىمان قولاقلىرى گويا ۋىلىقلاپ كۈلگەندەك جىلمىيىشىپ تىترىشەتتى.

جۇۋاننىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى، «خۇدايىم نىكاھتىن ئېيتارمىش، ئەردىن ئېيتارمىش! ئىسسىقنى يەپ قاپتۇ شۇنداق دېگەن بوغقۇشلار!»

جۇۋان دەرەخ تەرەپكە كەلدى-دە، گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ھېلىقى تۆت قولاقلارنى دەسسەپ-دەسسەپ چەيلىۋەتتى. ئەمدىلىكتە «مىچچىندە» ئېزىلگەن تۆت قولاقلار ئايانچلىق كۆرۈنۈشتە ئىپلاسلىنىپ ياتاتتى. جۇۋان پوخادىن چىققاندەك يېنىك تىن ئالدى ۋە گۈللۈكتىن يېنىپ چىقىپ، بايىقى تۇرغان يېرىگە كېلىپ ئۆزى چەيلىۋەتكەن تۆت قولاقلارغا ئۆچلۈكى بىلەن ھومايدى. «ھۇ ئالدامچىلار! بىكاردىن-بىكارغا ئۈمۈندۈرۈپ قىينايدا كىشىنى!...»

جۇۋان بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ھېلىقى تۆت قولاقلار بىر-بىرلەپ تىكلىنىپ بۇرۇنقىدەك جىلمىيىشقا باشلىغانىدى. جۇۋان ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىۋېتىپ بىردەم يۇمۇۋالدى-دە، ئاندىن يوغان ئېچىپ قارىدى، دەرۋەقە، بايىقى بىر پارچە يەردىكى تۆت قولاقلارنىڭ ھەممىسى قايتىدىن جان كىرگەندەك تېرىلىپ «دىڭگىستە» بولۇشۇپ تىكلىنىپ كەتكەنىدى. قىزىقى، تۆت قولاقلارنىڭ غولىدىكى بايىقى ئىپلاسلىق ۋە ئايانچلىق كۆرۈنۈشنىڭ ئورنىنى بىرخىل جۇشقۇنلۇق، يارقىنلىق ئىگىلىدى. تۆت قولاقلارنىڭ سۈزۈك ۋە تال-تال قولاقلىرىدىن بىرخىل سۆيۈملۈك يېشىللىق ئەلەڭگىيتتى.

«تۇۋا قىلدىم خۇدايىم! نېمە كۆرۈۋاتىمەن ئۆزۈم؟...» جۇۋان ئۆزى بىلگىنىچە ئىستىغپار ئوقۇپ ياقىسىنى چىشلىدى. ئۇ بىرھازا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن يەنە بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ تۆت قولاقلار چاراقلاپ تۇرغان يېشىللىق ئارىسىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ بايىقى ئاياغ ئىزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يىرىتىپ ئېچىپ ئېگىلىشىپ قارىدى. راستىنلا تۆت قولاقلار! ھەقىقىي تۆت قولاقلار! دەسسەلمىگەن، يۇمران، ساغلام ۋە پاكىز تۆت قولاقلار! ئۇلار كۈلۈۋاتىدۇ، جىلمىيىشىۋاتىدۇ، ئەركىلەپ تىترىشىۋاتىدۇ، ھەتتا نېمىگىدۇر ئاغزىنى ئۆمەللىشىۋاتىدۇ... نېمە دېمەكچىكىن؟ يەنە شۇ: «نىكاھتىن بەختىڭ، ئەردىن تەلىيىڭ بار!» دەۋاتامدىكىن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۇۋاننىڭ كۆز ئالدىغا يېڭىلەپ قالغان مەكۇنانىڭ يىرگىنچلىك تەلەتى، ھەر كېچىسى ئۆزىنىڭ تولۇق ۋە ئىسسىق تېنىقىمىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان مۇزدەك، ئەتىسىز، سولاشقان، تاتىلىنىشتىن يارا بولۇپ كەتكەن سۆڭگەكچى كېلىۋالدى شۇنىڭ بىلەن جۇۋاننىڭ قويقا چېچى تىك بولۇپ، ئەزايى بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى، ئۇخورلۇقتىن «پاڭگىمدە» يېرىلغۇدەك بولدى ـ دە، ھېلىقى تۆت قۇلاقلارنى ئۆكچىسى بىلەن يانچىپ ـ يانچىپ، نېمى كەتمىگەن ھۆل يەرگە پېتىلدۇرىۋەتتى. ئۇ، بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي ئۆيگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرىپ پۇچۇق كەتمەننى ئېلىپ چىقتى ۋە بايىقى گۈللۈكنى چاناپ، قاۋان تىلغىۋەتكەندەك ئوكتەي ـ توكتەي قىلىۋەتتى. ئەندى لە بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىغان رەڭگارەڭ گۈللەردىن، جىلمىيىشىپ تۇرغان ئۈچ قۇلاق، تۆت قۇلاقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ يەردە پەقەت قوتۇرغان ۋە ئەسەبىيلەشكەن غالجىر خوتۇننىڭ قولىدا چانىلىپ پايخان بولغان گۈل غوللىرى لاي ـ لاتقىغا مىلىنىپ بىچارە سىياقتا سولىشىپ ياتاتتى.

جۇۋاننىڭ دەردى چىققاندەك بولدى. ئۇ، ئۆزىنى تويدىن ئىلگىرىلا ئالداپ ئوڭدۇرغان، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە ئۇنى تۆپىلەپ زاڭلىق قىلغان ئاشۇ لەنىتى تۆت قۇلاقلاردىن بىراقلا قۇتۇلغانىدى. جۇۋاننىڭ ئىچى سەل بوشاپ پىغانى كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. لېكىن كۆڭلىدىكى غەشلىك تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ؟ ئىپلاسلانغان پۇچۇق كەتمەننى سۆرەپ، بىرخىل كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

* *

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن جۇۋان قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىندى. ئۇ ئىلگىرىكىدەك مەھەللە ئارامىنى ئارىلايدىغان، زېرىكسە ئېتىز ـ قىرلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىدىغان ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيى بەكرەك جىڭغىسا يەتكۈدەك يەردە بولسىمۇ، كەمدىن ـ كەم بارالايتتى. بارغاندىمۇ مەكۇنا ئۆزى ئېلىپ باراتتى ۋە ھايال قىلغۇزمايلا خۇددى ئوتۇنچى ئېشىكىنى ھەيدىگەندەك ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلەتتى.

جۇۋان كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ، سولىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھورۇن خوتۇننىڭ تاراقسىز چېچىدەك بىسەرەمجان ۋە مالىمان ئىدى. شۇڭا ئۆزىمۇ تالا ـ تۈزگە چىقىشنى ھېچ خالىماسىدى، گاھى ـ گاھى قورۇغا چىقىپ قالمىسا، ئەتىدىن كەچكىچە سامان تەكىينى قوچاقلاپ ئۈمىدسىز ۋە گىرتەيگەن كۆزلىرى بىلەن بورا قومۇچ پايلىرى ساڭگىلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئۆمۈچۈكنىڭ تورى تارتىلىپ كەتكەن، ئىستا قارايغان تورۇسقا تىكىلگىنىچە ياتقىنىنى ياتقانىدى. ئۆينىڭ ئىچىمۇ تەرتىپسىز ئىدى. سۇپىغا سېلىنغان كىگىز شىرداقتىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. قاچا ـ قۇمۇچلار يۇيۇلمىسىز پېتى قويغان جايىدا دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. نە ئۆزىنىڭ ئۇستىبېشىنى تۈزۈگۈدەك، نە ئۆي ئىچىنى جۇگۇرغۇدەك رىغبىتى يوق ئىدى. مەكۇنا، ئۆي ۋە ئايالىنىڭ بۇ ھالىغا نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويمايتتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا توخۇ قىچقارماستا ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. ئەل ياتقۇدا ئۆيگە كېلەتتى ـ دە، خوتۇنى ئېلىپ قويۇپ سوغۇلۇپ تېۋى قاچىقان

ئاشتىن ئۈچ ـ تۆت ئاپقۇرنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ ئۆيىنىڭ ئىچىنى تىترىگۈدەك بىر كېكىرىۋېتىپ، دوڭغاقلاپ يوتقانغا يۆگۈرەيتتى. بۇ چاغدا جۇۋان يا ئاللىقاچان ئۇيقۇغا غەرق بولغان بولاتتى، ياكى بولمىسا تام تەرەپكە قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتقان بولاتتى. مەكۇنا خوتۇنىنىڭ بار يوقلۇقىنى يادىغىمۇ ئېلىپ قويماي يەنە بارماق ساناشقا چۈشەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئەركەك مۈشۈكتەك خورۇلداپ ئۇيقۇغا كېتەتتى.

بىر كۈنى توپىغا ئېغىنىغان ئېشەكتەك، ئۇياققا ئېغىناپ، بۇياققا ئېغىناپ يېتىۋېرىپ جىسمى ۋە دىلى ھېرىپ كەتكەن جۇۋان ھويلىغا چىقتى، كۈن چۈشتىن قايرىلغان چاغ ئىدى. تامنىڭ تۈۋىدىكى دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن شۇڭغىغان قۇياش نۇرى بۇ چاغدا كۈنگە قاراپ تۇرغان ئېشىكنىڭ شامال ۋە ئاپتاپتىن چاك ـ چاك يېرىلغان سول تەرەپ كېشىكىگە ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل توغرىلىنىپ ئەلەڭشىپ تۇراتتى. باھار ئايلىرى بولغاچ ھەممىلا يەردىن ھۆللۈك پۇرايتتى، ئەتراپ يۇندىسىنى سىقىۋەتمەيلا يېيىپ قويۇلغان ماتا دەسمالغا ئوخشاش مەينەت ۋە كۆرۈمسىز ئىدى. قۇياشمۇ بەترەڭ ئىدى. كۆل تۆكۈۋەتكەندەك بوزۇرۇپ ياتقان دالىدىن شۇركۈن سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

جۇۋان ئۆيىنىڭ قىيسىق ئىشىكىگە يۆلەنگىنىچە ئىشىك كېشىكىدە ئەلەڭشىپ تۇرغان قۇياش نۇرىغا بىردەم قاراپ تۇردى. ئۇ خىيالغا پاتقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا قېرىپ كەتكەندەك، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قالىدىغاندەك سېزەتتى. ئۇ تېخى تۇۋۇ ـ

گۈللا خوشلاشقان بالىلىق، قىزلىق چاغلىرىنى ئەسلىيەلمەيتتى ـ ئۇمۇ ئويناپمىدىكىن؟ ئۇمۇ كۈلۈپمىدىكىن؟ ئەمدىچۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟... ئۇ نېرىسىنى ئويلىيالمىدى. ئويلاشنىمۇ خالىمىدى، ئۆلسە نېمە بوپتۇ، ھازىرمۇ تىرىك ئەمەسقۇ؟...

سوغۇق شامالدىنمۇ ياكى يۈرىكىنى مۇزلاتقان خىيالدىنمۇ، ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ غوللىرىنى قورۇپ شۈمشەيدى ۋە ئەتراپقا سەسكەنگەندەك بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆيگە كىردى. ئۆي بىلەن تالانىڭ پەرقى يوق ئىدى.

ئۇ قورسىقىنى غەملەش ئۈچۈن ئوچاق بېشىغا كەلدى ـ دە، بىردىنلا داڭقېتىپ قالدى. ئوچاق بېشىدا تام بويلاپ «مىقىقىدە» تۆت قۇلاق ئۈنۈپ كەتكەنىدى. جۇۋان ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە قارىدى.

راستىنلا تۆت قۇلاق! يەنە شۇ لەنەتگەردى! تۆت قۇلاقلار تۈڭلۈكتىن شۇڭغۇپ كىرگەن نۇر ئىچىدە «دىرىلدىك ـ دىرىلدىك» ئۈچلىنىپ جىلمىيىشىپ تۇراتتى، ئۇلار گويا «بەختلىك بولىسەن، ئەردىن تەلىيىڭ بار!» دەۋاتقاندەك ئۇنىڭ ئىنچىدە شامال بولمىسىمۇ يەڭگىل تەۋرىنىپ، نازۇك، سۈزۈك، نەمخۇش، تازا ۋە چىرايلىق قۇلاقلىرىنى ھىلپىرلىتىپ قويۇشاتتى. ئاچچىقىدىن ئۆتى يېرىلغۇدەك ھالغا كەلگەن جۇۋان، ھۈرپەيگىنىچە خۇددى چاشقانغا ئېتىلغان ئاچ مۈشۈكتەك ھېلىقى تۆت قۇلاقلارغا غەزەپ بىلەن چاڭگال سالدى. دەل شۇ چاغدا ئۆيىنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرىدىن كىمدۇر بىرى،

www.uyghurkitap.com

رىنىڭ «يۇلما، ئۇلار راست ئېيتىدۇ!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. جۇۋان قوللىرىنى تۈت قۇلاقلارغا سوزغىنىچە داڭ قېتىپ قالدى. جۇۋان شۇ تۇرغىنىچە خۇددى روھى قېچىپ كەتكەندەك بىر ھازاغىچە تىنالمىدى. بىركەمدىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كەلگەندەك بولدى-دە، دېمىنىمۇ چىقارماستىن ئۆي ئىچىگە قۇلاق سالدى. ئۆينىڭ ئىچى جىملىقتا چۆمگەنىدى، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئاستاغىنە بېشىنى بۇراپ ئۆينىڭ بولۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە كۆزىنى يۈگۈرتتى. ئۆيدە ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم يوق ئىدى. جۇۋان مەڭدەپ قالدى. كاللىسىدا خىلمۇ-خىل قىياس \ كاللەكلىنىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن مېڭىسى سەل-پەل سۇزۇلگەندەك بولدى. «راست ئاڭلىدىممۇ ياكى... ھە... راست، تاز دېگەن مەككار بولىدۇ دېيىشىدىغان، ھېلىقى قويچى تاز ئۆيگە «غىپپىدە» كىرىپ بىر يەرگە مۆكۈۋالغانمۇ-يە...»

جۇۋان بىلىنى رۇسلاپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى-دە، ئىشىكنىڭ ئارقىسى، ئۇن سالىدىغان كات ساندۇقنىڭ كەينى ۋە ئورۇن-كۆرپە يىغىدىغان بىجىك تەكچىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىنتىپ چىقتى. ھەتتا سەل غەيرەتلىنىپ:

— كىم؟ كىم بولساڭمۇ چىق! — دەپ ۋارقىراپ باقتى. ئۆينىڭ ئىچى تىمتاس. ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا جان يوق ئىدى. جۇۋان ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىغا ئىشەندى-دە، بايا ھېلىقى تازنى بىر يەردىن «لوڭڭىدە» چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ھېلىقى كۆرۈندىكىدەك ئۆرۈدەشكە باشلىغان كۆڭلى بىردىنلا «لەسسىدە» بولدى: شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جەھلى باشقىدىن قاتتى. «نېمانچە خورلۇق! نېمىدېگەن ئەلەم...!»

جۇۋان يۈگۈرۈپ بېرىپ ئويۇقتىن قىڭراقنى ئالدى ۋە ئوچاق بېشىغا ئېتىلىپ باردى.

«چانىمىغىن! ئۇلار راست ئېيتىدۇ!»

جۇۋاننىڭ تۈت قۇلاقلارنى قىيما-چىيما قىلىۋېتىش ئۈچۈن قىڭراقنى ئېگىز كۆتۈرگەن قولى ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى. بۇ، بايىقى ئاۋاز ئىدى. جۇۋان بۇ قېتىم بۇ ئاۋازنى شۇنچىلىك ئېنىق ئاڭلىدىكى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ يېنىدىنلا چىققانىدى. ھەتتا كىمنىڭدۇر ئىنىسىق تېنىقى جۇۋاننىڭ سەزگۈر قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىگە تەگكەندەك بولدى. ھولۇقۇشتىن جۇۋاننىڭ قولىدىكى قىڭراق يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئېگىز كۆتۈرگەن قولىنى چۈشۈرۈشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاستا-ئاستا يېنىغا ئۆرۈلدى.

ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئاۋۋالقىدەكلا تىپ-تىنچ ئىدى. جۇۋان قولىنى ئاستا چۈشۈردى ۋە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ يەردىمۇ ھېچكىم يوق، كات ساندۇقنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى. «ئۇ ھېلىگەر تاز، قىزىقچىلىق قىلىپ ساندۇققا كىرىۋالغان بولمىسۇن-يەنە!» جۇۋان پەملەپ تۇرۇپ كات ساندۇقنىڭ ئاغزىنى «غاچچىدە» ئاچتى، ساندۇقنىڭ ئىچىنىمۇ قوپ-قورۇپ تۇراتتى.

جۇۋان بىردىنلا ئالاقزادە بولۇپ كەتتى: كۆڭلىگە ھەرقىسما خىياللار كېلىۋالدى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ بىردەم

ئۇنى چىقماي تۇرۇۋالدى، ئاندىن سۈپىغا
يۆگۈرۈپ چىقتى - دە، تەكچىگە تىزىق-
لىق يوتقان - كۆرپىلەرنى سۈپىغا بىر - بىر-
لەپ تاشلىغىلى تۇردى، ئورۇن - كۆرپى-
نىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولسىمۇ ئە-
جەپ ئەمەس - دە!

جۇۋاننىڭ تىنىقى بىر - بىرىگە ئۇ-
لاشمايتتى. ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆ-
پۈپ، يۈرىكى ۋەھىمىلىك دۈپۈلدەيتتى...
ئۇ ئاخىر يوتقان يىغىدىغان ئويۇقنى بى-
كارلىدى. ئۇ يەردىمۇ ھېچكىم كۆرۈن-
مەيتتى. بۇ بىرلا ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئەس-
تىرى تېشىغا ئۆرۈۋېتىلگەنىدى. ئەمدى
ئۆرۈپ قارىغۇدەك ھېچنەرى قالمىغانىدى.
دېمەك، بۇ ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ھېچ-
قانداق ئىنسان ئورۇقى يوق، مۇبادا بار
بولسا جىن باردۇر تايىنلىق! جۇۋان ئۆ-
زىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى قورقۇپ كېتىپ
ئۆپچۆرىسىنى سۈپكۈشلىدى، ئۆزىگە دۇئا
ھۈردى «خۇدايىم ساقلار! جىن - ئالۋاس-
تىنى كۆزۈمگە كۆرسەتمىگىن ئىلاھىم...
ئۇنداقتا، ھېلىقى ئاۋاز نەدىن كەلدى،
ناھايىتى ئوچۇق، ناھايىتى ئېنىق ئاڭ-
لاندىغۇ؟ ھەتتا ئۇ ئاۋازنىڭ تىترەپ
چىققانلىقى، ئۆزىنىڭ يۈزىگە كىمنىڭ
دۇر ئىسسىق نەپىسىنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى
ئوچۇق سەزدىغۇ؟ ئەمىسە بۇ كىم؟ ئۇ
قەيەردە؟ شۇنداق زائى بولدىمۇ - يە؟»

جۇۋاننى بىردىنلا دەھشەتلىك ۋە-
ھىمە باستى. قورقۇنچتىن ئۇنىڭ پۇت-
قولى لاغىلدايتتى. يۈرىكى ئەنسىز دۈ-
پۈلدەيتتى. جۇۋاننىڭ پېشانىسى ۋە بۇر-
نىنىڭ چۆرىسى سارغىيىپ، چېكىسىدىن
مۇزدەك تەر تامچىلىرى بۇزۇلداپ چىقتى.
ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ - مادارىدىن
قېلىپ، خۇددى ئەسكى چاپاندەك لاكاس-
لاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇدەمدە
خۇددى ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك قېتىپ قال-
غانىدى. ئاخىرى ئۇ بىردىنلا «ۋاي...»
دەپ ئىڭرىدى - دە، سۈپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
دۆۋىلەنگەن يوتقان كۆرپىنىڭ ئۈستىگە
يىقىلدى.

* *

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، جۇۋان
ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى. ئۇ توغرا
كەلگەن بىر يوتقاننى تارتىپلا بېشىنى
چۆمكىۋالدى. ئۇ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇ-
مۇپ تۈگۈلۈپ ياتقىنىچە بايىقى سادىر
بولغان ھادىسىنى ئېسىگە ئالدى. ئەمدى-
لىكتە قورقۇنچ ئاستا - ئاستا ھەيرانلىققا
ئالماشتى. «زادى كىم؟ ئۇ نەدە؟ ھېلىقى
تازىمىدۇ؟ قانداق كىرىۋالدى؟ نەگە مۆ-
كۈۋالدى؟ خاتالاشمىغاندىمەن - ھە؟ ياق!
ئىلالا - بىللا خاتا ئاڭلىمىدىم؟ ئاشۇنداق
بىر ئاۋاز... ئاۋازلا ئەمەس ھەتتا يۈ-
زۈمگە ئۇرۇلغان بىرسىنىڭ ئوتلۇق دەم-
نەپىسىنى ئېنىق ھېس قىلدىم. يەنە كې-
لىپ ئەركەكنىڭ تىنىقى، مەكۇناغا ئار-
راقمۇ ئوخشىمايدىغان ھەقىقىي ئەركەك-
نىڭ...!»

ئەمدى ھەيرانلىق قىزىقىشقا ئال-
ماشتى. «ئاشۇ تاز بولسا ـ ھە، راست شۇ-
مىدۇ؟ مېنىڭ تام تۆپىسىدە ۋارقىرىغى-
نىمنى ئاڭلىمىدى دېسەم ئاڭلاپتىكەن-
دە! بىر پەيتنى پايلاپ تۇرغانمىدىكىن؟
ماڭا ئەسلىدىلا چەن سوقۇپ يۈرگەنى-
كەن... ھېلىقى ناخشىنىمۇ ئەتەي مېنى
غىدىقلاش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان - دە!
ئاھ چېچەن تاز، ۋاي تازچىقىم... تۈگۈ
باش... ئالتۇن كوكۇلا بەگزادەم... جېنىم

يەگىچەك...»

جۇۋان پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ، تىپچەكلەپ ئەزايى بەدىنىگە تولىمۇ يېقىملىق بىر جۇغۇلداش تارقاشقا باشلىدى. «ۋۇي... راست شۇ تازىمىدۇ، يا بولمىسا... ئۇ، ئۇش!.. مەيلى كىم بولسا بولمامدۇ؟ ئىشقىلىپ ئەركەكنىڭ! ئەركەك... ۋاي ئەركەك... جېنىم ئەركەك...»

بايىقى ئىللىقلىق ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تاراپ يۈرىكى ئۆرتەشكە، ئاندىن پۇت-قوللىرىنىڭ ئۇچلىرىغا قاراپ تاراشقا باشلىدى. جۇۋان گاھ ئۇنداق، گاھ مۇنداق ئويلايتتى: نېمىلا ئويلىمىسۇن، خىياللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان، قانلىرىنى جۇشقۇنلىتىپ تەشنا يۈرىكىگە خۇشاللىق، شادلىق، ھاياجان بەخش ئېتىدىغان خىياللار ئىدى.

ئۇ ياتقان يېرىدە تولغىناتتى، دەم تىنەپسى ئىتتىكلەپ، گاھ تۇختاپ قالاتتى. پۇتلىرىنى گاھ سوزۇپ، گاھ يىغىۋالاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تولغان كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانچاق ئىسسىق تەر بىلەن ھۆللەندى...

ئۇ بۇ ھاياجانلىق ئىزتىراپقا چىدالماي يوتقاننى قايرىۋەتتى-دە، سەل پەسكارىغا چۈشۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا زەن سېلىپ قارىدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر ئەركەكنى ئۇچرىتىش ئۈمىدىدە ئىدى. لېكىن ھېچنەرسىنى ئۇچرىتالمىدى. شۇنداقتىمۇ جۇۋان خېلىلا روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇ يوتقاندىن ئاستاغىنە سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. يوتقان-كۆرپىلەرنى چىرايلىق قاتلاپ، قىرىنى-قىرىغا كەلتۈرۈپ ئويۇققا تىزدى. قولىغا سۈپۈرگىنى ئېلىپ خېلىدىن بۇيان سۈپۈرگە تەگمىگەن كىگىز-شىرداقلارنى، چاۋا-چاتقاللار بىلەن بېتىمنى كۆرگىلى بولماس دەرىجىدە مەينەتلىشىپ كەتكەن پەگاھنى ئالدىرىماي سۈپۈرۈپ چىقتى. يۇيۇقسىز ياتقان چىنە-قاچىلارنى كۆڭۈل قويۇپ يۇيۇپ دەستىلىدى، بىردىنلا قولىغا پۇچۇق ئەينەك چىقىپ قالدى. شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئۇستىبېشى ئېسىگە كەلدى-دە، تويلۇق سوۋغا-سالام قاتارىدا كەلگەن ئەتىر سوپۇننى تېپىپ چىقىپ باش-كۆزلىرىنى يۇدى. ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلاپ تويلۇق كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى. ئاندىن يەنە ئەينەكنى قولىغا ئالدى. پاھ...! ئەمدى قىزغا، قىزغا ئەمەس، قىپقىزىل گۈلگە، يېلىنجاپ تۇرغان چوغقا ئايلانغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا قىز چېغىدىمۇ بۇنچىلىك چىرايلىق ئەمەس ئىدى. مانا بۈگۈنلا چىرايلىق بولدى. چىرايلىق بولالىدى. ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى تېخى شۇ تاپتىلا بايقىدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ تولۇپ تاشقان قانائەت ئىلكىدە پىسىڭىدە بىر كۈلۈۋىدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى غۇنچىدەك چاچراپ، نۇرلىنىپ تۇرغان نۇرلۇق مەڭزى قوشكېزەك زىناق تۇغدى...

ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى. لەۋلىرى تىنىمسىز قىمىرلايتتى: «ئەركەك... ئەركەك... ئەركەك...»

ئۇ ئەينەكنى قويۇپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئوچاق بېشىغا كەلدى. ئۇ بايىقى ئاۋازنى، بايىقى تەسىرلىك، جەزىبىلىك ئەركەك ئاۋازىنى يەنە بىر ئاڭلاشنى خالايتتى. ئوچاق بېشىدىكى تۆت قۇلاقلار بايىقىدەك ئۇماق، سەبى ۋە سۆيۈملۈك سىياقتا ھىلپىرلەپ تۇراتتى. تۆت قۇلاقلارنىڭ تىللادەك قۇلاقلىرى تۈڭلۈكتىن شۇڭغۇپ چۈشكەن نۇر بى-

لەن جىلۋە قىلاتتى. جۇۋان ئۆت قۇلاقلارنىڭ كۆرۈملۈكلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇنى يۇلۇۋەتمەكچى بولغىنىغا ئۆكۈندى. ئۇ، ئۆت قۇلاقلارنى قوللىرى بىلەن يېزەشاقىنە پەپىلىمەكچى بولسا، تېخى يۇمران قۇلاقلىرىغا قايناق ھېسسىياتىنىڭ شىددىتىدىن نەملىشىپ كۆپۈشكەن قىزىق لەۋلىرىنى ياقماقچى ئىدى. جۇۋان ئۆت قۇلاقلارغا قوللىرىنى سوزۇپ ئاستا ئېگىشتى.

«ئۇلار راست ئېيتىمدۇ...»

دەل شۇ ئاۋاز! بايىقى ئاۋاز! ئەركەكنىڭ ئاۋازى...

جۇۋان پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېچ ئىككىلەنمەي بېشىنى شارتتىدە كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى-دە، ھاڭ-تاڭ بولۇپ چەكچىيىپ قالدى.

سۈپىنىڭ تۆرىدە، ئورۇن-كۆرپە يېغىلغان تەكچىنىڭ ئۇدۇلىدا سۈرەتتەك كېلىشكەن بىر يىگىت چازا قۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. يىگىتنىڭ قىيغاچ كۆزلىرى ئوتتەك ياناتتى. قاش-كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غۇنچىدەك ھىمىرىلگەن لەۋلىرى قان تېپىپ تۇرغاندەك قىپقىزىل بولۇپ جۇلالايتتى. يىگىتنىڭ قاپقارا، قويۇق، بۇدۇر چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ كەڭرى پېشانىسىدە ۋە قاڭشىرىدا نۇر-زىيا جۇلا قىلاتتى. يىگىتنىڭ تېرىسى شۇنچىلىك ئاق ۋە سۈزۈك ئىدىكى ئاقلىقتىن كۆكۈچ كۆرۈنەتتى. يىگىتنىڭ كەڭرى يەلكىسى، نازۇك بېلى، ئۇزۇن كەلگەن پۇت-قوللىرى ئىنسان بالىسى تەڭ كېلەلمەيدىغان بىر قۇدرەتنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. يىگىت ئۇ يەردە خۇددى ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرۈۋاتقان ھۆكۈمراندەك شۇنچىلىك بەخىرامان، ئازادە، جىۋجىل ۋە بەھۇزۇر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقى-سىياقىدىن قورۇنۇشنىڭ كىچىككىنە ئالامىتىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

يىگىت جۇۋانغا قاراپ ئىستېھزا ئارىلاش خۇمالىق كۈلۈمسىرىدى.

— بۇ يەرگە كەل.

جۇۋاننىڭ ۋۇجۇدى تىنىمقىتەك تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىنسان ئورۇقىدىن بۇنداق گۈزەل سۈباتنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. يىگىتنىڭ تەسىرلىك، ساپ ۋە جاراڭلىق ئاۋازى جۇۋاننىڭ يۈرىكىنى جۇغۇلدىتىۋەتتى. جۇۋان قەددىنى تەسلىكتە رۇسلاپ يىگىتكە قاراپ جىلمايدى.

— بۇ يەرگە كەل...

ئەمرانە تەكرارلىدى ساھىبقىران يىگىت.

جۇۋاننىڭ پۇتلىرى تۇرغان ئىزىدا مىخلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە ئاياغلىرىنى يۆتكىدى ۋە سۈپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بەگنىڭ ئالدىدىكى قۇلچاقتەك قول باغلاپ بېشىنى ئەدەب بىلەن تۆۋەن سالدى. ئۇ يىگىتنىڭ بۈركۈتتەك قاراشلىرىغا چىدىيالمىغانىدى.

يىگىت جۇۋانغا قولىنى ئۇزاتتى. جۇۋان ۋەھىمە، تەئەججۈپ، ھاياجان ۋە شادلىق ئىلكىدە يىگىتكە قولىنى بەردى. يىگىتنىڭ قولى نېپىزشىقىدۇر ھەيكەلنىڭ قولىدەك سىلىق ۋە مۇزدەك سوغۇق ئىدى. يىگىت ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىپايىغىنە تارتتى. جۇۋان ئۆزىنىڭ سۈپىغا ياق، سۈپىغا ئەمەس ساھىبقىراننىڭ قۇچىقىغا قانداق چىقىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. يىگىت جۇۋاننى كۆكرىكىگە مەھكەم باستى ۋە لەۋلىرىنى جۇۋاننىڭ تىترەپ تۇرغان، كۆيجۈپ-كۆپۈشكەن تەشنا لەۋلىرىگە ياقتى. جۇۋانمۇ قورقۇنچ ھەم ۋەھىمىنى ئۇنتۇپ بىھوش بولۇپ

يىگىتنىڭ بەرنا بويىغا ھەشقىپىچەكتەك ياماشتى. جۇۋان شۇ مىنۇتتا ئۆزىنى يوكسەك چوققىلارنى چۆمگەپ تۇرغان ئاپئاق ماموق بولۇتنىڭ ئۈستىگە، گاھ كۆپۈلداپ يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈلبوستاننىڭ ئارىسىدا ئىلەڭدىن تۇغما، ياپيالىڭاچ ھالدا كۆردى ۋە شادلىقتا ھوشىدىن كەتتى.

...ئۇلار ئىشرەت ئېتىزلىرىنىڭ نەپسى-تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقاندىن كېيىن يەنە مۇگداشتى، سىرداشتى، كۈلۈشتى، يىغلاشتى...

بىركەمدە يىگىت جۇۋانغا قاراپ:

— كۆزۈڭنى يۇمغىن، — دېدى.

جۇۋان يېرىم بىھوش ھالەتتە سورىدى:

— نېمىشقا؟ سىزنىڭ جامالىڭىزغا قاراپ تويمايمەن... يىگىت قوشۇمىنى تۈردى:

— كۆزۈڭنى يۇمغىن، مەن سېنى سەيلە قىلغۇزاي. جۇۋان چۆچۈپ كەتتى:

— ياق جېنىم، ئېرىم كېلىپ قالىدۇ... يىگىت قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.

— رىسقى غايىب، ئەجەل غايىب، نىكاھ غايىب، سېنىڭ ھەقىقىي ئېرىڭ مەن بولىمەن. ئۇ يەر-جايىڭنىڭ غوجىسى، ئېرىڭ ئەمەس!

سىرتتا كىمنىڭدۇر تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولدى، جۇۋان چۆچۈپ يۇلقۇندى.

— چاققان قېچىڭ، ئېرىم كەلدى...

ساھىبقىران ئىستېھزا بىلەن كۈلدى. ئۇنىڭ ئاپئاق ئۇششاق ۋە زىچ چىشلىرى مەرۋايىت تىزىقىدەك چاقناپ كەتتى.

— ئۇ مېنى كۆرەلمەيدۇ. سەندىن باشقا ھېچكىم مېنى كۆرەلمەيدۇ.

— كۆزۈڭنى يۇمغىن.

جۇۋان قوزىدەك مۆلايىملىق بىلەن كۆزلىرىنى يۇمدى.

— كۆزۈڭنى ئاچ! — يىگىت ئەمىر قىلدى.

جۇۋان كۆزىنى ئاچتى-دە، ھەيرانلىقتىن ئەقلى خىرەلەشتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پايانى يوق بىر كەڭرى زېمىن يايراپ ياتاتتى. بۇ يەردە ھەممىلا نەرسە كۆك رەڭدە — ئاسمانمۇ كۆك، يەرمۇ كۆك، تاغ-ئېدىرلارمۇ كۆك، شامالمۇ كۆك، ھاۋامۇ كۆك ئىدى. بۇ يەردە نە زىرائەت، نە ئېتىز-ئېرىق، نە پاسىل، نە قاشا، نە ئۆي، نە سوقما تام يوق ئىدى. ھەممىلا يەردىن نەغمە-ناۋانىڭ، بەزمە-مەشرەپنىڭ ساداسى ياڭرايتتى.

ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق ئويناشتى، سەيلە-ساياھەت قىلىشتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى جۇۋان ئېرىدىن خەۋپسىرىمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ دەمدە ۋاقىتنىڭ قانچىلىك بولغىنىنى بىلمەكچى بولۇپ ئاسمانغا قارىدى. كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزىدە يا قۇياش، يا ئاي، يا يۇلتۇز كۆرۈنمەيدۇ. بۇ يەر پەقەت كۆپكۆك نۇر قۇچىقىدا چارقلاپ يورۇپ تۇرىدۇ. ھەممىلا يەردە كۆك نۇر، كۆكۈچ يېقىملىق ناخشا. كۆكۈچ بەزمە-مەشرەپ. مەشرەپ ئەھلى بىر-بىرىدىن گۈزەل، بىر-بىرىدىن چىرايلىق، ھەر بىر ئادەم ئۆزگىچە چىرايلىق، ئۇلار يىگىت ۋە قىز-جۇۋانلار، بىرەرمۇ ياشانغان ئادەم ياكى بىرەرمۇ ئۆسمۈر بالا كۆرۈنمەيدۇ. ھەممىسىلا ساھىبجامال، ساھىبقىران گۈزەللەر، ھەممىسىلا تەڭ قۇرداش. ھېچكىمنىڭ يۈز-كۆزىدە بىرەر تالمۇ پېچىم قورۇق يوق، مەرمەردەك سىلىق ۋە تازا، بۇ يەردە

كۆلدۈز ۋە كېچە يوق، ھەممىدىلا نەرسە
ئەبەدىي تۇراقلىق ۋە ئۆزگەرمەس...
— ئېردىم كېلىپ «نەگە يوقالدىڭ؟»
دەپ سوراق قىلدۇ. مەن كېتىۋالاي...—
جۇۋان يىغلىندى.
— ئېرىدىڭ مەن! مەن سېنىڭ! مۇ-
شۇنىلا بىلىپ قال. يۇم كۆزۈڭنى.
جۇۋان چەكسىز بەخت - ئىپتىخارلىق
ۋە ۋەھىمە ئىچىدە كۆزىنى يۇمدى.
— كۆزۈڭنى ئاچقىن.
جۇۋان كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆز ئۆ-
يىدىكى چۈشەكتە غايىب ئېرى بولمىش
ساھىبقىراننىڭ قۇچىقىدا ئانىسىنىڭ ئېتە-
كىدىكى بۇۋاقتەك تەلپۈنۈپ - تولغىنىپ
ياتاتتى.
ئىشىك ئالدىدا ئاڭلانغان قەدەم
تىۋىشى بىر خىلدا داۋام قىلىۋاتاتتى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۈركۈت سۈ-
بات ساھىبقىران بىلەن جۇۋان بىر-
بىرىگە جان - جىگەر، ئىجىل - ئىناق مەھ-
بۇپ بولۇپ قېلىشتى. جۇۋان ھېكايە
قىلىپ سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز شادلىق قۇ-
چىقىغا بۆلەندى. ئۇ، يىگىتنىڭ جامالىنى
سېغىنغان ھامان يىگىت ھېلىقى چۈشەكتە
مەيلى كېچىسى بولسۇن، مەيلى كۈندۈزى
بولسۇن پەيدا بولاتتى. ئۇلار قانغۇچە
مۇھەببەتلىشەتتى، مۇڭدىشاتتى، سىردى-
شاتتى. يىگىتنىڭ جىلۋە - جۇلاسى جۇۋان-
نىڭ جېنىنى ياشارتسا، جۇۋاننىڭ غەمزە-
نازىدىن يىگىت قانائەت تاپاتتى. بۇلارنى
ھېچكىم بايقىمايتتى ۋە كۆرەلمەيتتى.
خوتۇنىنىڭ كۈندىن - كۈنگە تولۇپ،
چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۇنىڭ
مەڭزىلىرىدىن ئانار قىزىللىقى بالقىپ،
كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر روشەنلىك ۋە
جۇشقۇنلۇقنىڭ پارلاپ تۇرغىنىنى مەكۇنا
زادىلا بايقىمايتتى. ئۇ پەقەت خوتۇنى-
نىڭ ئۆزىچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدىغان،
ئۆزىچىلا ھېچ سەۋەبسىز ۋىلىقلاپ كۈلۈپ،
بېلىقتەك سىرغىتىپ - سىرغىتىپ ماڭى-
دىغان، بەزى كۈنلىرى ئايالىنىڭ چېكى-
سىدە زەردەك تەر تامچىلىرى جىمىرلاپ،
يۈز - كۆزى يالقۇندەك يېلىنجاپ، لەۋلى-
رىدىن ئۇشتۇمتۇت «جېنىم، مېنى ئېلىپ
كېتىڭ...» دېگەن سۆزنىڭ چىقىپ كېتى-
دىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ ھۇرۇن، دۆت خو-
تۇنىنىڭ ئۆزىچىلا ئۆي ياسايدىغان، ئۆ-
زىنى تۈزەيدىغان بولۇپ قالغىنىنى،
ئەمدى ئېشەكتەك ئېغناپ ياتماي ئۆي
ئىچىدە «بېشىنى بەركەش، يەلكىسىنى
ئەپكەش» قىلىپ چېپىپ يۈرگىنىنى كۆ-
رۈپ ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭغا
ۋەھىمە ئارىلاش قاراپ قالىدىغان بولۇپ
قالدى...
ئىشىك تۈۋىدىكى قەدەم تىۋىشى
بىر خىلدا داۋام قىلاتتى. قۇياش نۇرى
قاشا يېنىدىكى دەرەخنىڭ شاخلىرى ئارى-
سىدىن شۇڭغۇپ كۈنگەيگە قارىتىلغان
قىيسىق ئىشىكنىڭ ئاپتاپ ۋە شامالدا
چاك - چاك يېرىلغان سول تەرەپتىكى
كېشىكىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل چۈشۈپ تۇ-
راتتى.
جۇۋان كۆزلىرىنى ئىشىك كېشە-
كىدىكى قۇياش نۇرىدىن يۆتكەپ قاشا-
نىڭ نېرىسىدىكى يولغا، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى
يىراق دالىغا تىكتى. ئۇ يەردە غۇچچىدە
ئۈنۈپ چىققان تۆت قۇلاقلار بەرق ئۇ-
رۇپ، ئۇزۇن ياپراقلىرىنى ھىلپىرلىتىپ،
جىلمىيىپ يەلپۈنمەكتە ئىدى... قاشانىڭ
سىرتىدىن ئاڭلانغان قەدەم تىۋىشى بىر
خىلدا داۋام قىلىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى...
مەسئۇل تەھرىرى: كامىل تۇرسۇن

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ

(ھېكايە)

يۇرتۇمدىن ئايرىلغاندىن بېرى كۈن ئىنى، ئاي يىلنى قوغلاپ دېگۈدەك توپ-توغرا ئون ئىككى يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت، كەينىڭگە قارىساڭ ئۇزۇن، ئالدىڭغا قارىساڭ قىسقا تۇيۇلىدىكەن. شۇ ئون ئىككى يىل ئىچىدە چوڭ شەھەردە ئوقۇدۇم، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدۇم، يېشىمغا ياش، ئەقلىمگە ئەقىل قېتىلدى. مانا ئەمدى تۇغقان يوقلاپ يۇرتۇمغا كەلگەندىن بېرى، ئېتىزلارغا، يۇرت مويسىپىتلىرىگە ئوخشايدىغان كاداڭ دەرەخلەرگە، كوچىلارغا، كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەرگە، ھەتتا كۈندۈزلىرى كۈنگە، كېچىلىرى ئايغا يېپيېڭى بىر نەزەر بىلەن قارىماقتىمەن. كۈن بىلەن ئايدىن ئۆزگە ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەندەك قىلىدۇ. مەھەللە سىياقىغا كىرىپتۇ، ئۆز ۋاقتىدىكى كەڭ - كەڭ سالا ئېتىزلار ئەمدى ئۆمۈچۈك تورلىرىدەك ئۇششاق - ئۇششاق ئېتىزلارغا بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ. ئىشنىڭ ئېپى - چېپىنى ئۇقىدىغان، ئامراتلىقنى نومۇس دەپ بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپ، چۆنتىكىدە پۇل پەيدا بولۇپتۇ. ئەقەللىسى كەتمەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۆيىمىزنىڭ كەينىگە قويغان ئىككى تۈپ ئۆرۈك كۆچىتىمۇ مېۋىگە كىرىپ، سايىسى ئۆگزىنى ياپقۇدەك بولۇپ قاپتۇ.

بىر ئايلىق رۇخسەت مۇددىتىمنىڭ ئاخىرقى چېكى كۆرۈنۈپ قالغاچقىمۇ، كەلگەن كۈندىن باشلاپ داۋام قىلىۋاتقان مېھماندارچىلىققا ئەمدى چەك قويۇشقا توغرا كەلدى. كەلگەنلا تەكلىپىنى قوبۇل قىلىۋېرىدىغان بولسام ھەتتا بىر يىلمۇ ئازلىق قىلغۇدەك. دۇرۇس، مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلدۇم، چوڭ بولدۇم، ھازىر بولسا ئۆزۈم چوڭ شەھەردە تۇرىمەن، خېلى ئاتىقى بار يازغۇچى بولۇپمۇ قالدىم. كىچىك چاغلىرىمدا بىللە ئوينىغان ئاداشلىرىمنىڭ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ مېنى كۆرگۈسى، كەڭ قوللۇق بىلەن داستىخان ھازىرلاپ كۈتۈۋالغۇسى كېلىدۇ.

بىراق، ئاخىرقى كۈنلەردە يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئاتا - ئانام بى-

لەن كـۆپرەك بىللە تـۇرۇپ، ئۇبدانىراق
مۇڭدىشەلمىسام، قېنىشەلمىسام قانداق
بولىدۇ؟ ئۇلارغۇ رەنجىمەيدۇ. لې-
كىن مەن يەنە قانچە يىلدىن كېيىن بۇ
يەرگە كېلەلەيمەن، ئۇ چاغدا كىم بار،
كىم يوق، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئاۋغۇستنىڭ بىر يەكشەنبىسى، ھا-
ۋا جىمى جانلىقنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغۇ-
دەك ئىسسىق ۋە دىمىق ئىدى. دەرەخ
يوپۇرماقلىرى چوغدەك يېلىنجاۋاتقان قۇ-
ياش تەپتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي سول-
شىپ، سالپىيىپ قالغانىدى. ئارىلاپ ئېسىپ
قويىدىغان شامالمۇ گۈرۈلدەپ يېنىۋاتقان
مەش ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان يالقۇن-
دەك قىززىق. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى
تال بارىڭى ئاستىدىكى سالقىن سۇپىغا
جەم بولۇپ سەگىدىمەكتە ئىدۇق.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تۇغقانلار!

پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھويلا
دەرۋازىسىنىڭ قانداق ئېچىلغىنىنى ۋە
بىر كىشىنىڭ قانداق كىرىپ كەلگىنىنى
تۇيمايلا قاپتۇق.

ھەممىيلەن ئورنىمىزدىن تۇردۇق
ۋە سالام ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كىر-
گۈچىگە سۇپىدىن جاي كۆرسەتتۇق. بى-
راق ئۇ ئالدى بىلەن ماڭا ۋە كېيىن دا-
دامغا سىپايىلارچە قول بېرىپ كۆرۈشۈپ
بولغاندىن كېيىن تۆت قەدەم كەينىگە دا-
جىپ، بويىنىنى قىسىپ، قول باغلاپ تۇ-
رۇپ:

— يوقسۇ، يوقسۇ، مۇشۇنداق تۇ-
رۇپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن، مۇشۇنداق تۇ-
رۇۋېرەي ... — دېدى.

— ئېلاخۇن، سۇپىغا ئۆتسىلە، تۇ-
زۇت قىلغانلىرى نېمىسى، خۇددى يات

ئادەمدەكلا، — دادام سۇپىدىكىلەرنى سە-
پەرۋەر قىلىپ، داستىخان ئالدىدىن يەر
بىكارلاۋېتىپ دېدى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، قاسىمجاننى
كەپتۇ دەپ ئاڭلىغىلى خېلى كۈنلەر بول-
دى. ۋاقتىدا كېلىپ كۆرۈشۈپ كېتەلمى-
دىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە باللار تولا ئاغرىپ
ئارام بەرمىدى، مانا بۈگۈن قاسىمجاندىن
ھاردۇق سورىغاچ، ئۆيىمىزگە چىللىغىلى
كېلىشىم. شۇنداق، شۇنداق، چىللىغىلى
كېلىشىم ...

بىر قاراشتىلا 44 - 45 لەردىن
ھالقىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ساقال-
بۇرۇتلىرى خۇددى قاغا چاڭگىسىدەك
گىجەكلىشىپ كەتكەن، تومۇز بولۇشىغا
قارىماي ياماق سېلىنىۋېرىپ توقۇمدەك
قېلىنلىشىپ كەتكەن پاختىلىق چاپان كى-
يىۋالغان بۇ كىشىنى دەماللىققا تونۇيال-
مىدىم.

«دادامنىڭ تەلەپپۇزىغا قارىغاندا
بۇ كىشى بىزگە تۇغقان كېلەمدۇ نېمە،
يا كىچىك چاغلىرىمدىكى ئاداشلىرىمنىڭ
بىرىمىدۇ...»

يېقىن - يىراق تۇغقانلارنىڭ چىراي
ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆز ئالدىمدىن بىرمۇ -
بىر ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا بوي، كۆزلىرى
كىچىك، ئىلمەك بۇرۇن، سېرىق چىراي
كەلگەن بۇ كىشىگە سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم.
بىراق، ھېچكىمگە ئوخشىتالمىدىم. ئاخى-
رى ئۇنىڭ ئېگىلگەن قەددىگە، ھاياجانغى-
مۇ، خۇشاللىقىمۇ ئوخشىمايدىغان غەلى-
تە بىر خىل كۈلۈمسىرەش ئويۇپ قال-
غان چىرايىغا سەپسېلىپ قاراۋېرىشتىن
خۇدۈكسىرەپ قالدىم. ئەگەر يەنە قاراۋې-
رىدىغان بولسام ئۇ ئۆزىنىڭ پور تىرناق-

لىرى ئۆسۈپ، قارىيىپ كەتكەن يالىڭا-
ياغلىرى، تىزىنى ئاران يېپىپ تۇرغان
ئىشتىنى، يۇڭلىرى بۆرتۈپ چىققان
تېرە تەلپىكى ئۇچۇن، قىسقىسى، يىگىر-
مىنچى ئەسىرنى مەسخىرە قىلىپ تۇرغان
پۈتكۈل بەستى ئۇچۇن ئىزا تارتىپ قىلى-
شى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر كۆڭلى زىلىراق
بىرسى بولسا ھەتتا مەندىن رەنجىپمۇ
قېلىشى مۇمكىن.

ئاخىرى بۇ مېھماننىڭ بىر خىللا
ھىجىيىپ، بىر تەرىزدە ئۆرە تۇرۇۋېرىشىدىن
ئۆزۈمچە ئوڭايسىزلاندىم ـ دە، سوئال نە-
زىرىدە دادامنىڭ كۆزىگە تىكىلدىم.

بۇ كەمتەر، ئاۋارە مېھماننى ئول-
تۇرغۇزۇش بىلەن خېلىدىن بېرى ئاۋارە
بولۇۋاتقان دادام:

ــ تونۇمىدىڭمۇ ئوغلۇم، ئۇ ھېلى-
قى سادىراخۇننىڭ ئوغلى ئېلاخۇن بولىدۇ،
رەھمەتلىك سادىراخۇن بىزگە يىراق تۇغ-
قان كېلەتتى، ئېلاخۇنمۇ ئەلۋەتتە يات
ئەمەس، ــ دېدى ۋە باش لىڭشىتىپ گېپى-
نى تەستىقلاپ تۇرغان مېھماننى كۆرس-
تىپ تۇرۇپ، ــ ئېلاخۇن بەلكىم ئېسىڭدىن
كۆتۈرۈلۈپ قالمىغاندۇ، سىلەر تېخى ئىك-
كى ـ ئۈچ يىل بىللە ئوقۇدىڭلارغۇ دەيمەن، ــ
دەپ قوشۇپ قويدى.

دادامنىڭ سۆزىدىن «تۇغقانلارنى،
ساۋاقداشلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالما» دېگەن-
دەك بېشارەتلىك ئاگاھلاندۇرۇش چىقىپ
تۇراتتى. دېمىسىمۇ، دادام يوللۇق ئىدى.
بىراق، ماڭا نېمە ئامال، ئادەملەر يىللار-
نىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرى-
دىغۇ ئاخىر...

«ھېلىقى سادىراخۇن دېگىنى زادى
كىم بولغىيدى؟»

شۇ ئەسنادا پاچىقىدىن ساقىپ چۈش-
كەن تەر بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن
يەردە بەئەينى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك
ئۆرە تۇرغان مېھمان توساتتىن ماڭا قا-
راپ كۈلۈمسىرەپ، تىلىنى چىقىرىپ قويـ-
دى ـ دە، ئاپتاپتا قاقلىنىپ قاقىرام بو-
لۇپ كەتكەن يەرگە تىز چۆكتى. بېشىنى
ئېگىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئاستا تەۋرى-
نىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى دۇئا قىلغان
قىياپەتتە ئالدىغا سوزۇپ، چۈشىنىپ بول-
مايدىغان بىر ئايەتنى غىڭشىغىلى تۇردى.

«سادىراخۇن، سادىراخۇن، ئەمدى
يادىمغا ئالدىم!»

مەن تۈۋلىۋەتكىلى تاس ـ تاماس
قالدىم. چۈنكى كۆز ئالدىمدا كىچىك چې-
غىمدا چوڭ يولنىڭ بويىدا مەن ھەر كۈ-
نى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدىغان سادىرا-
خۇن دىۋانە پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا
ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى ئېلەك يادىمغا يەت-
تى. ئۇ چاغدا ئېلەك مەن بىلەن باشلان-
غۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن سىنىپىدا بىللە
ئوقۇيتتى. بىر دۆۋە لاتا ـ پۇرۇچقا ئو-
رالغان ئۇ سەبىي بىچارە مەكتەپتىن قاي-
تىپلا دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋالاتتى ـ دە،
ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ
ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە ھېسسىداشلىق ئوتىنى
يېقىۋېتەتتى. مېنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىممۇ، سا-
ۋاقداشلارنىڭ، مۇئەللىملەرنىڭ نەسىھەتى-
مۇ، ھەتتا كەپسىز باللارنىڭ چالما
ئېتىپ مەسخىرە قىلىشلىرىمۇ ئۇنى دادىسى-
نىڭ «ھۆنىرىنى ئۆگىنىش» تىن قول
ئۈزدۈرەلمىگەنىدى.

كارامەت دېگەن مانا مۇشۇ! مەن
تونۇيدىغان ئاشۇ ۋىجىك، قورۇق ئېلەك
شۇنداق ئۆزگەرگەنىدىكى، ئۇنىڭ ھا-

زىزقى چىراي تـۇرقى مـەرھۇم دادىسىغا خۇددى تېرىسىنى چاپلاپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇراتتى.

ئېلەكىنىڭ ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئۇچۇن تاللىۋالغان بۇ چارىسى مـاڭا ئانچە يېقىپ كـەتمىگەن ۋە كۆڭلۇمنى ئاز ـ تولا غەش قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم ـ دە، يۆلەپ تـۇرۇپ:

— ئېسىم قۇرۇسۇن ئاداش، سـەن ئېلاخۇنغۇ، ھە دېگەندىلا تونۇيالماي قاپتىمەن، كۆڭلۇڭگە ئالما جۇمۇ، — دېدىم ئۆتۈنۇش ئاھاڭىدا.

ئۇ سـەنلەپ خىتاب قـىلغىنىمدىن سەل چۆچۈگەندەك بولدى ۋە يـەنە قول باغلىغان پېتى ئۆرە تۇرۇۋەردى. يېنىمغا ئولتۇرغۇزالمايدىغىنىمغا كۆزۈم يـەتكەچ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ھـەمراھ بولۇپ ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ئەمىسە مەن قايتاي، سەل تۇرۇپ بىز تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بىر پىيالە چـېيىمىزغا داخىل بولارلا.

ئۇ چـاپىنىدىن ئۈزۈلۈپ چـۈشەي دەپ قالغان بـىر پـارچە لاتىنى ئويناپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى - دە، ئون ئىككىنچى ئاينىڭ سوغۇقىدا سۇغا چىققان يېتىمچىدەك شـۇمشەيگەن ھـالدا كـەينىگە بۇرۇلدى.

ئۇ شۇنداق تېز غـايىپ بولدىكى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن بىر ـ ئىككى سېكۇنت ۋاقىت ئىچىمدا بىر بوشـلۇق ھاسـىل قىلدى. مېنىڭ يا «ماقۇل» يا «ياق» دېيىشىمگە زادىلا ئىمكان بولمىدى.

يەنە ھېلىقى گەپ، ئېلىكىمدە قالـغان مۇشۇ قـىسقىغىنا ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلغۇم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھالـئەھۋالى بۇ تەرىقە تۆۋەن بىر كىشىنىڭكىدە مېھمان بولىمەن دەپ ئۇنى ئارتۇقچە ئاۋارە قىلىشنىڭ ئۆزى ئانچە قاملاشمىغان بىر ئىش بولاتتى. «ياكى بارمايلا قـويايمۇ؟ يـاق، نـامراتنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق كـۆڭلى بار ـ دە. مۇبادا ئۇ مېنى نامرات كۆرۈپ كۆزگە ئىلمىدى، تۇغقانچىلىقنى ئۇنتۇدى، دەپ رەنجىپ قـالسا قـانداق بولغىنى؟»

مېنىڭ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقىنىمنى تۇيغان دادام:

— ئوغلـۇم، دۇنيـادا نـامراتنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقاندىن يـامان ئىش يوق، مەيلى بارىۋەر، شۇ باھانىدا ئۇ بىچارىنىڭ بالىلىرىغا تۆت ـ بەش كـوي تـۇتقۇزۇپ قويارسـەن، بۇمۇ بـىر پۇرسـەت، — دېدى چوڭقۇر مەنىلىك قـىلىپ.

دادامنىڭ سـۆزى بـىلەن كـۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى. بـىردەمدىن كېيىن كىچىك ئوكامنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرۋازىدىن چىقتىم.

ھـېلىمۇ يـاخشى، ئېلەكىنىڭ ئۆيى ئانچە يىراق ئەمەسـكەن. بـىز ئەللىك ـ ئاتمىش مو كېلىدىغان بىر زاراتگاھلىقتىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن يارداڭلىقنىڭ يېنىدىكى چىغىر يولغا چـۈشتۇق، ئوكام بىر ئوچۇقچىلىقنى كۆرسىتىپ تـۇرۇپ:

— ئېلەك سالۋانىڭ ئۆيى ئاشۇ، — دېدى. مەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. كېتىۋېتىپ ئەجەبلەنگەن ھـالدا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئېلەك سالۋا دەيسەنغۇ، سـالـۋا

دېگىنىڭ نېمىسى؟

— سالۋا، سالۋا دېيىشىدىكەنغۇ، سالۋا دېگەن نېمە، دەپ سورىسام، دادام: «تەييارغا ھەييار بولىدىغان بىر خىل ھورۇن قۇش» دېگەندەك قىلىدىغۇ - تاڭ،— دېدى ئۇ بەئەينى بىر نېمىدىن يىرگەنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ. ئۇ شۇنداق دېدى - دە، قايتىپ كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ رايىغا باردىم.

ئىلەكنىڭ ئۆيى سىرتتىن قارىغاندا ئۆي ئەمەس، بەلكى يوغان بىر شاخ - شۇمبا دۆۋىسىگە ئوخشايتتى. شاخ - شۇمبا ياكى قوناق شېخى دۆۋىسىمىكىن دېسەك، چېغىر يولغا تۇتاشقان تەرىپىدە ئۈجمە تاللىرىدىن توقۇلغان بىر ئىشىك تۇراتتى، ئۆي ئەتراپىدا ئۆرۈك ياكى ئۈجمە باغلىق بىرەر تۈپ كۆچەت بولسا كىمىك دەردى؟

«كەپىنىڭ سىرتى بۇنداق بولسا ئىچى قانداقتۇر» دېگەن قىزىقىش بىلەن قەدىمىمنى ئىتتىكلەتتىم - دە، تالدىن توقۇلغان ئىشىكنى ئاستا كۆتۈرۈپ، كىچىككىنە ھويلىغا كىرىپ كەلدىم.

مەن ئۆزۈمنى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەمەس، بەلكى كونا تاش قورال دەۋرىدە، ھېچبولمىغاندا ئىپتىدائىي جەمئىيەت مۇزېيىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتقىنىمدا ئىلەك چىقىپ كەلدى - دە، قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ، رەسمانە تىنچلىق-ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

ئۆي ئىچى تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن ياخشىراق بولۇپ چىقتى. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۆيدە ئادەمزاتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەر — قازان - قومۇچ، بىر - ئىككى سوغا، تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن بىر پارچە پالاس بار ئىدى.

ئىلەك مېنى سۆپىگە باشلىدى. ئولتۇرۇپ بولۇشۇمغىلا تاشقىرىدىن كىردىمۇ، ياكى يەردىن ئۈندىمۇ، ئىشقىلىپ پىيازلىقتىكى قارانچۇققا ئوخشايدىغان ئۈچ - تۆت بالا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى، سۇس يورۇپ تۇرغان ئۆيدە كۆزلىرىنى مۆشۈك ياپىلاقنىڭ كۆزىدەك پارقىرىتىپ ماڭا قارىغىلى تۇردى.

كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان شولا يېتىشمەيۋاتامدۇ ياكى بالىلارنىڭ يۈز-كۆزى مەينەت بولغانلىقتىنمۇ، ئۇلارنىڭ نەچچىسى ئوغۇل، نەچچىسى قىز ئىكەنلىكىنى دەماللىققا پەرق قىلغىلى بولمىدى. بەزىسى بۇرنىنى كولىغان، بەزىسى دېنى قالمىغان كۆكباشنىڭ مەيدىكىنى غاجىلاۋاتقان، بەزىسى سالمىدەك ساڭگىلاپ ئارام بەرمەيۋاتقان ماڭقىسىنى سۈرتۈۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇپ، مېنى خۇددى ئۆمرىدە كۆرمىگەن بىر غەلىتە مەخلۇقنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك كۆزەتمەكتە ئىدى.

لايىقىدا تەربىيە كۆرمەك تۈگۈل، يورۇق دۇنيانىڭ ئەڭ ئەقەللىي كاپالىتىدىن مەھرۇم قالغان بۇ بالىلارغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى: پۈتكۈل زېمىننى قاپلىغان، بىز ھەر كۈنى ھەشقاللا - تەشەككۈر ياغدۇرۇۋاتقان ئىسلاھات شامىلىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقتىكى بۇ كەپىنى، بۇ بىچارە بالىلارنى ئۇنتۇپ كەتكىنىگە ئەپسۇسلاندىم.

كۆزلىرىم ئېچىشىپ، يۈرىكىمگە مۇڭ قاپلاشقان ھامان قولۇمنى ئىختىيارسىز تۆش يانچۇقۇمغا ئۇزاتتىم - دە، بەش كويلۇق تىزىدىن تۆتىنى ئېلىپ بالىلارغا

تەڭلىدىم.

— كېلىڭلار بالىلىرىم، مۇنۇنى ئېلىڭلار، ئاز بولسىمۇ ئاتا - ئاناڭلار خەج - خىراجەت قىلىپ بېرەر...

شۇنچە دەۋەت قىلساممۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچبىرى ئالدىمغا كېلىپ پۇلنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەكسىچە، پالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان بىر نەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك، بىرىنىڭ كەينىگە بىرى ئۆتۈپ، ئىسىلىشىپ، خۇمداندەك قارىداپ كەتكەن تامغا دۈمبىسى تاقاشقىچە چېكىنىشتى.

— ئېلىڭلار بالىلىرىم، ئېلىڭلار، قېنى قايسىڭلار يامان، بىرى كېلىڭلار.

بەلكى داستىخان بولسا كېرەك، رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر پارچە لاتىنى قېقىشتۇرغاچ، ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدىكى بىر تۆشۈكتىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئېلەك قولۇمدا دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان پۇلنى ناھايىتى تېزلىكتە كۆرۈۋالدى - دە، بۇ يەردە قانداق بىر ھال ھۆكۈم سۈرۈۋاتقىنىنى ئاڭقىرىۋالدى. ئالقىنىنى يوتىسىغا سۈرتكەن پېتى ئالدىمغا كېلىپ پۇلغا قول ئۇزاتتى.

— ھەي... بۇ يېتىم ئوغۇللار پۇل نېمە، قەغەز نېمە، ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ. پەقەت ئاش، نان دەپ ۋارقىراشنىلا بىلىدۇ، — ئۇ بىر بۇرجەككە تۈگۈلۈۋېلىشقان بالىلارغا ئالىيىپ قويۇپ، ھېلىقى تۆشۈك تەرەپكە قاراپ توۋلىدى، — ھوي ئانىسى، چاپسان بۇياققا چىقىڭلار!

ئۆيدىن سۆت دېگى بىلەن قېتىپ كەتكەن ماتا كۆڭلىكى ئاستىدىكى كۆكرىكى لەپەڭشىپ تۇرىدىغان، ساندۇقتەك يوغان، قارىمۇتۇق بىر ئايال چىقىپ كەلدى ۋە



ئېرىنىڭ قولىدا تۇرغان پۇلنى كۆرۈپ قەددىنى ئىتتىكلەتتى.

— قېنى خوتۇن، بۇ شەپقەتلىك تۇغقىنىمىزغا رەھمەت ئېيتىلى!

ئېلەك ھاياجىنىنى تەسلىكتە بېسىپ تۇرۇپ، پۇلنى ئاۋايلاپ قاتلاپ قويۇن يانچۇقىغا مەزمۇت جايلاشتۇردى. پاقالچىقىغىچە تاياق تەگكەندەك تېزلىنىپ دۇئا قىلغىلى تۇردى.

ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمسىلا سىرغىپ چىقىدىغان ئىككى تامچە يېشى، قىيسايغان بېشى ۋە بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقان گەۋدىسىنىڭ توختىماي ئىرغاڭلىشى، سوداينىڭ ئۇنىدەك زىل، ئەمما مۇڭلۇق ئاۋازى مەرھۇم دادىسىنىڭكىگە شۇنچىلىك

ئوخشايتتىكى، ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆ-
تۈپ، بىر ئەۋلادنىڭ ئورنىدا يەنە بىر
ئەۋلادنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا ئىشەنگۈم
كەلمەيلا قالدى.

ئۈزۈنغا سوزۇلغان دۇئا ۋە تەشەك-
كۈر - تەۋەززۇلاردىن كېيىن، ئېلەك قو-
لۇمغا سۇ بەردى. ئاندىن ھېلىقى تۆشۈك-
تىن كىرىپ كېتىپلا يوغان بىر لىگەن پولۇ-
نى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئالدىمغا قويدى.

پولۇنىڭ ۋە خورمىدەك قىزىرىپ پىش-
قان گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىقىمغا
ئۇرۇلۇپ، سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ ھەممىسى-
نى غىدىقلىۋەتتى. ياق، سەزگۈ ئەزالىرىم-
ملا ئەمەس، پىكرىمنىمۇ قوزغىتىپ، مېنى
بىر سىرلىق تېپىشماقلار دۇنياسىغا باش-
لاپ كىردى. ئەسكى پالاس، ئاچ - زىرىن
باللار بىلەن تولغان، يەنە كېلىپ، تۆت
موچەنگە ياردىغۇدەك ئەڭنى بولمىغان كى-
شىلەرنىڭ ئۆيىدە خۇددى بىركىم سېھىر-
جادۇ قىلغاندەك مەززىلىك پولۇ ۋە سېمىز
گۆشنىڭ پەيدا بولۇشى مېنى گاڭگىرىتىپ
قويدى.

— بۇنچىلىك كايىمىساڭلارمۇ بولات-
تى ئېلاخۇن، گەپ يېمەك - ئىچمەكتە
ئەمەسقۇ، — دېدىم مەن لىگەننى ئېلەكنىڭ
ئالدىغاراق ئىتتىرىپ، — قېنى، يەڭمىز-
مۇ، باللارمۇ كەلسۇنچۇ!

— يوقسۇ، باللار ئىچكەركى ئۆيدە
ئولتۇرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، پولۇ بىلەن زاغرى-
نىڭ تەمى ئۇلار ئۈچۈن ئوخشاش.

ئېلەك قول بېغىشىدا ساڭگىلاپ تۇر-
غان لاتىلارنى جەينىكىگە سىيرىپ قويدى.
گۆشنى توغراپ، ئاش ئۈستىگە دۆۋىلىدى.
ئۆزى بىر تال ئۈستىخاننى غاجىلىغاچ،
مېنى ئاشقا تەكلىپ قىلدى.

پولۇ خېلى ئوخشىغان بولسىمۇ، لېكىن
بىر يوشۇرۇن قول كېكىرتىكىمنى چىڭ
سىقىۋالغاندەك ئىشتىھايىم قوزغالمايۋاتات-
تى. ساھىبخانىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا بىر
نەچچە كاپام يېدىم. كۆڭلۈمدە، بىر تە-
رەپتىن ئۆي ئىگىسىنى چىقىمدار قىلىپ
قويدۇممىكىن دەپ خىجالەت بولسام، يەنە
بىر تەرەپتىن بۇ بىر ۋاقىلىق غىزانىڭ
تەننەرخىنى ھېسابلاپ، ئۇنى ئىشتىھان ۋە
كۆڭلەككە سۇندۇراتتىم. كۆكباش مەدىكى-
نى غاجىلاۋاتقان باللار، باللارنىڭ ئانى-
سىنىڭ كونا ئىشتاندىن كۆرۈنۈپ قالغان
تىزى كۆز ئالدىمدىن بىردەممۇ نېرى
كەتمەيتتى.

— قېنى، چوڭ - چوڭ باقسىلا، چوڭ-
چوڭ باقسىلا...

كۆز ئالدىمدا يەنە ھېلىقى باللار،
ساپسېرىق كۆكباش مەدىكى، تۆت بالى-
نىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان چوپچوڭ
بىر ئايالنىڭ تىزى...

ئېلەك لىگەندىن ئارانلا قوشۇقىنىڭ
بېشىدەك يەرنى بىكارلىغىنىمنى كۆرۈپ،
تەكەللۇپىنىڭ ۋە گۆشنى ئالدىمغا ھە دەپ
ئىتتىرگىنىنىڭ ئۇنۇم بەرمەيۋاتقانلىقىنى
تۇيدى بولغاي:

— قېنى سىلە خوتۇن، پولۇنى بەك
ياغلىق قىلىۋەتكەن ئوخشايسىلەر، مېھمان-
نىڭ كۆڭلى تارتمىدى، بولۇڭلار چاپسان،
داستىخىنىڭلارنى ئېلىپ چىقىڭلار، — دېدى
ھېلىقى تۆشۈككە قاراپ بويىنىنى سوزۇپ.

ئۆزرەلىرىمۇ، قارشىلىقلىرىممۇ بى-
كارغا كەتتى. خوتۇن بولغۇچى ئېرىنىڭ
بۇيرۇقىنى پەرمانبەردارلىق بىلەن بەجا
كەلتۈرۈپ، ھىدى چىقىپ تۇرغان بىرلى-
گەن گۆشنى ئېلىپ چىقىپ ئالدىمغا قويدى.

www.uyghurkitap.com

«مانا، كۆزگە ئېلىنغان چوماق باشـ
نى يېرىپتۇ، دېگەن مۇشۇدە!» دېگەنلەرنى
خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ كارامەتـلەرگە
ھەيرانۇ ھـەس قالدىم.

لىگەندە ئالاھەزەل بىر قوينىڭ تۆتـ
تىن بىرىگە باراۋەر كەلگۈدەك گۆش بـار
ئىدى. بۇنچىلىك گۆشنىڭ پۇلى مۇشۇنچـ
لىك بىر ئائىلىلىك نامرات ئۇچـۇن كـەم
دېگەندە بىر ھەپتىلىك ئوزۇقۇقا يارايتتى.

گېلىمگە خۇددى ھېلىقى كۆكباشنىڭ
مەدىكى مەھكەم كەپلىشىۋالغاندەك بولدى.
ساھىبخانىنىڭ زورلاشـلىرىـغـۇ ماڭـا تەسىر
قىلالمىدى.

«باردا پولدۇرۇك، پولدۇرۇك، يـوقتا
قاراپ ئولتۇرۇك» دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ،
مېنى مۇشۇنچە كەڭ قوللۇق بىلـەن مېھـ
مان قىلىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ـ ھە؟ بۇنـ
داق سېخىيلىقتىن نېمە پايدا، يا بۇلارنىڭ
دەپئى ـ دۇنياسى ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇـ
رامدىغاندۇ؟

مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نـازۇ نېـ
مەتلەر ۋە بۇ نازۇ نـېمەتلـەرگە زادىـلا
ماس كەلمەيدىغان ۋەيرانە تۇرمـۇش سېـ
لىشتۇرمىسى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

ــ قارىغاندا، ھال ـ كۈنۈڭلار يـامان
ئەمەس ئوخشىمامدۇ، ئېلاخۇن؟

ئۇ قوۋزىغا توشقۇزۇۋالغان گۆشنـى
چايناۋېتىپ، جاۋاب بەردى:

ــ خۇداغا شۈكرى، ئېلكىمىزدە بارى
ئۆزىمىزگە يېتىدۇ.

ــ بىرەر ھۈنەر قىلىدىغـان ئوخـشـ
ىمامسىلەر؟

ــ يوقـسۇ، ھۈنەر ـ پۈنەر بۆگەنـمەپـ
تىكەنمىز.

ــ ئەمىسە دېھقانچىلىققا تايىنىدىكەنـ
سىلەر ـ دە، ئاشلىقنىڭ باھاسىمۇ يـامان ئەـ
مەسمىش.

ئېلەك قاقـاقـلاپ كۈلـۈپ كـەتتى.
ئۇ مايلىشىپ كەتكەن سـاقىلىنـى سىيلاپ
قويۇپ، ئاپقۇردىكى شورپىنى بىر كـۆتۈـ
رۈپلا ئىچىۋەتتى ۋە:

ــ قاقىرامدا قاقلىنىپ، زىمىستانـىدا
شۈمشەرەپ نېمە قىلاتتىم. ئېتىزدا مۇشەقـ
قەت تارتىپ، توپا بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرـ
گەن كىشىنى كۆرسەم كۈلگۈم كېلىدۇ.

«ئەمىسە ئوغرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق
قىلامسىلەر؟» دېگەن سۆز ئاغزىمنىڭ ئۇچـ
غا كەلدى ـ يۇ، يېگەن تۇزىنىڭ ھـەققىـ
ھۆرمىتى ئۇچۇنلا گەپنى ئاياپ قـالـدىم.
بىراق، ئۇنىڭ ھارامزادىلىك، كـۆرەڭلـىك
چىقىپ تۇرغان بۇ گەپ ـ سۆزلىرى باياملقى
ياۋاش، مۇلايىم ئېلەكنىڭ سۆزلىرىگـە زاـ
دىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ كۆزىنى ئەپ قېچىشقا
ئامالسىز قېلىپ، سۆزىنى ئۇلىدى:

ــ ئالدى بىلەن ئۇلـۇغ خـۇدا، ئانـ
دىن قالسا كومپارتىيە بار. دادام رەھمەـ
تىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ پېـ
شىنى چىڭ تۇتتۇق. ئىشقىلىپ، بولسىمۇ
يوق دەپ، توق بولساقمۇ ئاچ دەپ، يالـ
ڭاچ مۇرىمىزنى كۆرسىتىپلا يۈرسەك، قۇتـ
قۇزۇش دېگەن كېلىپ تۇرىدىكەن، مۇشـۇ
ھۆكۈمەتنىڭ نامراتنى يۆلەيدىغـان، پۇقـ
راسىنى ئاچ ـ يالىڭاچ قويمايدىغان يېرى
بەك ئوبدان ـ دە، قانداق دېدىم، قاسىمجان؟

«ھە مۇنداقكەن ـ دە» دېدىم ئىچىمدە
ۋە ئۇنىڭ خۇنۇك يۈزىگە شالاققىـدە تۇـ
كۈرۈۋەتكۈم كەلدى. مەندىن تەستىق تەمە
قىلىپ ھىجىيىپ تۇرغـان بۇ تىـزىكتاپ
نەزەرىمدە گـويا يىر ئۆلۈمـتۈك قۇرتقـا،
يەپ تويمايدىغان بىر توڭگۇزغا ئايلاندى.

لېكىن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن ھومىيىشتىن، ئىككى ئېغىز قاتتىق تەگكۈدەك گەپ قىلىپ تەرلىتىپ قويۇشتىن ئۆزگە ئامالىم يوق ئىدى. مەن كۆزۈمگە بىر دۆۋە ئوغا بولۇپ كۆرۈنگەن لىگەننى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ دېدىم:

—ئېلاخۇن، بۇ قىلىقىڭلار زادى بولماپتۇ، ھۆكۈمەتنىڭ سىلىنى يۆلىگىنىڭگە ئىچىم قىزىرىۋاتقىنى يوق، مەسىلەن ئېيتايلۇق، باشقىلار سىلىنى قانچە يۆلىگەن بىلەن شوتىغا ئۆزەڭلىمۇ ياماشمىساڭلار ئۆگزىگە چىقالمايسىلەرغۇ. ھازىر دېھقان ئۇچۇن ھال- كۈننى ياخشىلاشنىڭ ئىمكانىيىتى تولا، كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئىشلىسەڭلار، ئاۋۇ قىزىل گۆش بالىلىرىڭلارنى ئوبدانىراق كىيىندۈرسەڭلار...

ئۇ يەنە بىر قېتىم كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن:

—بىز ئۆزغۇ، گەپنى يوشۇرماي ئېيتاي، ئۆگزىگە چىقىۋالغۇم يوق. ئۆگزىگە چىقىپ قالدىڭمۇ، ھۆكۈمەت سېنى يۆلىمەيدۇ، بېرىدىغان يارىدەمدىنمۇ قۇرۇق قالىسەن. بالىلىرىمغا كەلسەم، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىزىل گۆش پېتى تۇرغىنى خوپ. مانا بۈگۈن ئۇلارغا ئەڭ كونا كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويدۇق، — دېدى كۆزىنى سىرلىق قىسىپ قويۇپ.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭلار؟

— ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا، بۇ چايغا كەنت باشلىقى بىلەن سېكرېتارنىمۇ چىللاپ قويۇۋىدىم، ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن، ئۇلارنىڭ كۆزىگە مانا مۇشۇ تۇرقىدا كۆرۈنۈش كېرەكقۇ، بولمىسا...

باياتىن بېرى بىر دەم ئېلىكنىڭ، بىر دەم ئۇنىڭ ئايالىنىڭ پات-پات تاشقىرىغا چىقىپ كىمنىڭدۇ يولىغا تەلمۈرۈۋاتقىنىنى يادىمغا ئالدىم ۋە:

— ئۇلارنى مېھمان قىلىپ نېمە تاپاتتىڭلار، يەيدىغاننى يەيدۇ-دە، پېشىنى قېقىپ كېتىدۇ، شۇ، — دېدىم مەسخىرە ئاھاڭدا.

— بايام دېدىمغۇ، ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا، ھازىرقىدەك چاغدا ئۇلارنى مېھمان قىلمىساق، بىزنى نامرات سايلىماسلىقى تۇرغانلا گەپ، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن نامرات سانى ئاران ئالتە ئىكەن، نامرات سايلىنىمىز دەپ تالىشىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەسكەن.

— شۇنچىۋالا چىقىمدار بولۇپ نامرات سايلىنىپ نېمىنىمۇ تاپارسىلەر، ئۇيالساڭلار بولمامدۇ، نامرات دېگەن شۇنچە چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان گەپمىكەن؟

— سىلە بىلمەيدىلا، بۇ قېتىم سايلانغان نامراتلارنى ناھىيىدىن بىۋاسىتە ھۆددىگە ئالىدىكەن، دېگەن گەپ بار. مۇبادا سايلىنىپلا قالساق، كۈنىمىز تۇغدى دېگەن گەپ. ئۇلار يەيدىغاننى، كىيىدىغاننى بىكارغا بېرىدۇ، يىلىغا ئىككى خالتا ئاق ئوغۇت ۋە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدۇ، ھەتتا ئۆلۈپ-تارتىپ قالساق كېپەننىمۇ بىكارغا بېرىدۇ.

— سىلىنى سايلايدىغاندەك تۇرامدۇ؟

— مېنىڭچە چاتاق يوق، تۈنۈگۈن ئەل ئايىغى بېسىققاندا ئىككى باشلىققا بەش جىڭدىن گۆش ئاپىرىپ بېرىپ داتلىنىۋىدىم، ئۇلار ئويلىشىپ كۆرىدىغان بولدى. ھېلى ئۇلار كەلگەندە مېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن يېقىن تۇغقان ئىكەنلىكىمنى ئېي-

www.uyghurkitap.com

تىپ، ئىككى - ئۈچ ئېغىز لىلىلا گەپ قىلىپ قويسىلىلا ئىشىنىڭ پۈتكىنى شۇ.

مەن ئۆزۈمنى خېلىلا چېچەن ھېسابلايتتىم، لېكىن ئۆزۈمنىڭ بىر تومتۇرۇك ئەبگاھ تەرىپىدىن قانداق ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىلغىنىمنى ئەمدى بىردىنلا چۈشەندىم. ئىچ - ئىچىدىن قايناپ تاشقان خورلۇق، ئاچچىق نەپرەت مېنى شۇ ھامان زۇۋانغا كەلتۈردى. ئورنىمدىن تۇرماقچى بولۇپ، دېدىم:

— رەھمەت سىلىگە ئېلاخۇن، داستىخىنىڭلار ماڭا تېگىل بولدى. ئەمدى...

ئېلەك قايتىشقا تەمشىلۋاتقىنىمنى كۆرۈپ بىردىنلا ئالدىمدا تىزلاندى - دە:

— خوش بولۇپ قالاي، ئۇرۇغ - تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، سىلە ئولتۇرۇپ بەرمىسىلە ئۇلار بىزنىڭ تۇغقان ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەنمەي، ئۆز يېقىنلىرىنى سايلاپ كېتىدۇ. قىلغان ياخشىلىقلىرى مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار، — دېدى يالۋۇرۇپ.

ئۇ مېنىڭ كېتىپ قېلىپ، تۇغقانچىلىقىمىز توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرەلمەسلىكىمدىن قاتتىق ئەندىشە قىلماقتا ئىدى. قوللىرى تىترەيتتى، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى.

بىرلا تېپىك بىلەن توسۇلغان يولۇمنى راۋان قىلىشقا قۇدرىتىم يېتەتتى. ئەمما ئاجىزلارچە ئۆتۈنۈش، تىترەپ تۇرغان قول، توختىماي تامچىلاۋاتقان كۆز يېشى ئىرادەمنى سۇندۇرۇپ، ئاياغلىرىمنى دەرمانسىزلاندۇردى. قارارىمنى ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئۆزگەرتىپ، «بىردەم ئولتۇرسام ئولتۇراي، مەندىن نېمە كېتەتتى» دەپ قويدۇم.

ئېلەك يېڭىباشتىن بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالدى. داستىخاننىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئارقىمۇ ئارقا چاي يەڭگۈشلىدى. ئۆزىنىڭ مەندە قالدۇرغان يامان تەسىرىنى يۇيۇۋەتمەكچى بولدىمۇ ياكى ۋاقىتنى سوزماقچى بولدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر چۆچەك باشلىدى:

— بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا بىر نامرات ئادەم بولغانىكەن، ئۇنىڭ نە روزىغارى، نە ئىززەت - ھۆرمىتى يوق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چىشىنىڭ كاۋىكىدا يىغىپ يۈرگەن تەڭگىلىرىنى ئېلىپ يۇرت مۆتىۋەرى ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. ئۇ تەڭگىلەرنى مۆتىۋەرنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. مۆتىۋەر ئۇنىڭدىن: «بىلمىدىم، ماڭا بەكاردىن - بىكار تەڭگە تەقدىم قىلغىنىڭنىڭ سەۋەبى نېمە، بىرەر ھاجىتىڭ بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. نامرات كىشى بولسا: «يوقسۇ مۆتىۋەرىم، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلغۇدەك چوڭ ھاجىتىم يوق، ئىلتىماسىم شۇكى، ئۆزلىرى يۇرت - جامائەت جۈمە نامىزىدىن تارقىغان چاغدا مېنىڭ ئېتىمنى ئۈنلۈك چاقىرىپ: ‹ھەي پالانى، قانداق تۇرۇۋاتىسەن، بالا - چاقىلىرىڭ سالامەتمۇ› دەپ سوراپ قويسىلا، شۇ چاغدا مەن قۇلاقلىرىغا يېقىن كېلىپ ئاغزىمنى مىدىرلىتىپ، پىچىرلىغان بولىمەن، ئۆزلىرى باشلىرىنى لىڭشىتىپ بەرسىلىلا بولدى، بۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچبىر ھاجىتىم يوق» دەپتۇ. «ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ، بېشىمنى لىڭشىتىپ قويغانغا نېمە كېتەتتى» دەپ ئويلىغان مۆتىۋەر ئۇنىڭ بۇ ئادەتتىكى تەلىپىگە رازى بوپتۇ ۋە كېيىنكى جۈمە كۈنىلا ۋەدىسىنى ئورۇنداپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن جاما-

www.uyghurkitap.com

ئەت ھەيران بولۇشۇپ: «پالانى بىلەن پالانى شۇنچە يېقىن ئىكەن، يۇنى بىلمەي يۈرۈپتۇق» دېيىشىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى نامراتقا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قاراپ، ھەر كۈنى چايغا ئېيتىدىغان، تۆرگە تەكلىپ قىلىدىغان بولغانىكەن...

— بۇنداق ئويدان چۆچەكنى نەدىنمۇ ئۆگىنىۋالغانسىلە ئېلاخۇن؟

— نەدىن بولاتتى، دادام رەھمەتلىكتىن ئۆگىنىۋالغان...

شۇ ئارىدا، كۆكباش مەدىكىنى ئېغىز گارمۇنى چالغاندەك يالاپ يۈرگەن بالا تالادىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى-دە، مېھمانلارنىڭ قارىسى كۆرۈنگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

چۆچەككە تەبىر بەرمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى ئەمدىلا ئۇشلاپ تۇرغان ئېلەك پۇرژىنا ئۈستىدىن قاڭقىغاندەك سەكرەپ ئورنىدىن قوپتى-دە، ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى مېھماننى باشلاپ كىرىپ، مېنىڭ يېنىمدىن ئورۇن كۆرسەتتى. مېھمانلار ئۆزلىرىنى مەندىن چوڭ چاغلىدىمۇ ياكى ئادىتى شۇنداقمۇ، ئەيتاۋۇر ھېچ تۈزۈتسىزلا ئوڭ تەرىپىمگە ئۆتۈپ بەداشقان قۇرۇشتى.

بۇ ئىككىيلەن بوي-بەست جەھەتتىن بولسۇن ياكى قەددى-قامەت جەھەتتىن بولسۇن بىر پارچە ھەجۋى رەسىمگە ئوخشايتتى. بىرى قوناق شېخىدەك ئېگىز ۋە ئىنچىكە، يەنە بىرى پۈۋلەپ قويغان تۇلۇمدەك سېمىز، پاكىنەك بولغاچقا، ئىككى باسقۇچلۇق پەلەمپەي ھاسىل قىلاتتى. ئورۇقى «ئورۇق ئۆيگە يوغان مۈڭگۈز» دېگەندەك، قولاق تۈۋىگە يەتكۈزۈپ بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. سېمىزنىڭ بولسا، ساقكىلاپ تۇرغان ئىڭەك كۆشلىرىدە دىڭگىيىپ تۇرغان تۈكلەر سانىۋالغۇدەكلا ئاز ئىدى.

ئۇلار موخۇركا يۆگەشكە تۇتۇنغاندا باياتىن بېرى پەگادا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئېلاخۇن نام-شەرىپىمنى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۆزىگە تۇغقان كېلىدىغىنىمنى ئېيتىۋىدى، مېھمانلار يەملاۋاتقان موخۇركىلىرىنى ئالمان-تالمان يانچۇقلىرىغا تىقىشىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ، پەگاغا چۈشتى-دە، يېڭىباشتىن قول بېرىپ، مېنى يۆلەپ، ئىنتىرىپ دېگۈدەك تۆرگە ئۆتكۈزۈشتى. بىئەدەپلىك قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك خۇشامەتكۈيلارچە ھىجىيىشتى.

ئېلەكنىڭ مېنىڭ كېلىدىغىنىمدىن ئۇلارنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرمىگەنلىكى، توساتتىن بىر دەبدەبىلىك كەيپىيات ھاسىل قىلماقچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى.

بۇ مىنۇتتا ھەقىقەتەن دەبدەبىلىك بىر تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئويلىمىغاندا يۈز بەرگەن ئۇچرىشىشنىڭ تەسىرىدىن جىم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، بۇ جىمجىتلىقنى قانداق ئۇسۇل بىلەن بۇزۇپ تاشلاشنى ئۇقمايۋاتاتتىم.

ھېلىمۇ ياخشى، بۇنداق چاغلاردا ئېلەكنىڭ كاللىسى خېلىلا ئويدان ئىشلەيدىكەن. ئۇ ھەممىمىزنىڭ تاماكىسىغا بىربىرلەپ ئوت يېقىپ بولۇپ، ئۇچەيلەننىسى ئاغزىغا كەلگىنىچە ماختاپ، ئۇچۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭغىچە، ھېلىقى ئايال يەنە بىر لىگەن گۆش ئېلىپ چىقىپ ئېلەككە تۇتقۇزدى.

— قېنى، باشلىقلىرىم، بىر نەۋرە تۇخـ

قىنىم، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، داستىخىنى
مىزغا ئېغىز تېگىشىسىلە، ــ دېدى ئۇ لىگەن
نى داستىخانغا قويا - قويماي، ــ بۇنداق
جەم بولماق ئاسان ئەمەس، ئىچىلىپ - يې
يىلىپ ئولتۇرايلى!

خۇدايا توۋا، بۇنداق ئىشتەيىلىك،
بۇنداق ئاچ ئادەملەرنى ئۆمرۈمدە كۆرمە
گەنىكەنمەن. چىشىنىڭ مەزمۇتلۇقىنى
دېمەمدىغان تېخى، مەن ئۇلارنىڭ گۆش
يېيىشىگە قاراپ ئولتۇرۇپ يېقىندىلا تېلې
ۋىزوردا كۆرگەن شىمالىي قۇتۇپ كۆل رەڭ
ئېيىقىنىڭ بىتەلەي بۆكەن بالىسىنى تىت
تىپ، يالماپ يېگىنىنى ئىختىيارسىز كۆز
ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

ئۇلار يېنىدا ئۆزىدىن باشقا ئادەم
بارلىقىنى تامامەن ياددىن چىقاردى بول
غاي، ئېلەك ئۇدۇللۇق تۇتقۇزۇپ تۇرغان
گۆشنىڭ ئۇدۇل كەلگەنلا يېرىدىن مۇشتۇم
دەك - مۇشتۇمدەك ئۈزۈپ ئالاتتى. ئاغزى
غا گۆش توشۇپ قوۋۇزلىرى چىلگىدەك
كۆپكەندىن كېيىنلا چايناشقا باشلاپ، مۇ
شەققەت بىلەن يۇتۇۋالاتتى - دە، تومۇزدا
سوقا سۆرەۋاتقان بۇقىدەك ھاسىراپ كې
تەتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئىچىپ تۇرغان
قىزىق چاي بىردەمدىلا يۈز - كۆزىدىن
تەپچىپ چىقىپ، زاڭىقىدىن، بۇرنىنىڭ
ئۇچىدىن قارا يامغۇردەك تۆكۈلەتتى.

بىر پەسلىك جاپالىق كۆرەش ئاخى
رى ئاياغلاشتى. سېمىز مېھمان چاپىنى
نىڭ يېڭى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتۈۋېتىپ:

ــ گۆشۈڭلار بەك ئوبدان پىشىپتى
كەن ئېلاخۇن، ــ دەپ ماختىدى. ئورۇق
مېھمانمۇ ھەمراھىنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغان
لىقىنى بىلدۈرگەندەك، باش لىڭشىتىپ،
كۈلۈپ قويىدى.

ــ شۇنداق، شۇنداق، گۆشىمۇ يامان
ئەمەس پىشىپتۇ، بىراق گۆشنى مەززىلىك
قىلغان يەنىلا ھەر قايسىلىرىنىڭ ھىممى
تى، بۇ قوينى پېقىرغا بۇيرۇپ بەرمىگەن
بولسىلا، مانا بۇ تۇغقىنىمنىمۇ قورۇقلا ئۇ
زىتىشقا توغرا كېلەتتى، دېسىلە! ــ ئېلەك
مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى.

ــ ھە، بۇ تۈنۈگۈن بىز تەستىقلاپ
بەرگەن ھېلىقى ساغلىقىنىڭ گۆشىمۇ؟

ــ دۇرۇس، شۇ ساغلىقنىڭ گۆشى،
بولمىسا بىزدەك نامرات ئائىلىدە نەدىمۇ
مۇشۇنچىلىك گۆش سېتىۋالغۇدەك پۇل
بولسۇن؟

ــ ئېست ... بۇ نەسىللىك ساغلىق
ئىدى، سېلىنى ئازراق بولسىمۇ كۆكلىۋال
سۇن دەپ تەستىقلاپ بەرگەن ئەمەسمۇ
بىز، ــ ئورۇق باشلىق خورسىنغان
قىياپەتتە ئۇھ تارتىپ قويۇپ گېپىنى
داۋام قىلدى، ــ ھېلىمۇ ئوبدان بولۇپتۇ،
بۇنداق ئېسىل مېھماننى قورۇق ئۇزاتقىلى
بولامتى ئەمىسە، يەنە كېلىپ، نامراتلارنى
قۇتقۇزۇش پۇلىنى بىز ئۆز يېنىمىزدىن
چىقىرىۋاتقىنىمىز يوققۇ، كەتسە ھۆكۈمەت
نىڭ كېتىپتۇ!

ــ خاتىرجەم بولۇڭلار ئېلاخۇن، ئەتە
قەلەمنى شۇنداقلا تەۋرەتسەك يەنە بىر
قوي ئىبىراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا
ئاسماندىن چۈشكەن كۆك قوشقاردەك ئال
دىڭلاردا پەيدا بولىدۇ.

ــ ھىممەتلىرىگە رەھمەت سېكرىتارە
ئەمدى مېنىڭ ھېلىقى ئىلتىماسىم ھەل
بولسىلا بولاتتىغۇ؟

ــ قايسى ئىلتىماس؟

ــ پېقىرنى يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ
بېرىلگەن ئالتە نامراتنىڭ بىرى قىلىپ

www.uyghurkitap.com

سايلاپ قويۇشقان بولسىلا، ھەر قايسىلىرىدىن ئالەمنى بەرگەندەك خۇش بولاتتىم. قاراپ تۇرۇپ باشقىلار سايلىنىپ كەتسە ئادەمنىڭ نەپسى ئىزا تارتىدىغان گەپ ئىكەن.

— چاتاق يوق، ئا سۇڭجاك باش لىڭشىتسىلا ھەل بولىدىغان ئىشقۇ بۇ، يەنە كېلىپ مۇنۇ ئىنىمىز بىلەن بولغان تۇغقانچىلىقىڭلارنىڭ يۈزىنى قىلمىساقمۇ بولماس...

— سېكرېتار چاتاق يوق دېگەندىكىن، چاتاق يوق، مۇشۇ يەردىلا ئېلان قىلىۋەتسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ، سىلىنى نامرات ئائىلە قىلىپ سايلاپ قويدۇق، بولدىمۇ!

ئېلەك ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، بىر پەسكە ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى، ئالدى بىلەن كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش، ئاندىن ئاغزىدىن مۇنۇ گەپلەر ئېتىلىپ چىقتى:

— ھوي خوتۇن، ھوي بالىلىرىم، ئاڭلاڭلار، بىز يەنە ئالتە نامراتنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندۇق، چاپسان كېلىپ باشلىقلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتىڭلار، ھە، مۇنۇ تۇغقىنىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار!...

مەن كۆز ئالدىمدىلا پۈتكۈزۈلگەن بۇ غەلىتە سودىنى ۋە غەلىتە ئادەملەرنى كۆرۈپ، يا كۈلۈشنى يا يىغلاشنى بىلمەيلا قالدىم. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ سېخىي داستىخاندىن پاتراق يىراقلىشىش ۋە بۇ ھىممەتلىك مېھمانلار بىلەن قايتىش يولىدا بىللە بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئېلەكنىڭ ئۇزىتىشىنىمۇ كۈتمەي تالاغا چىقتىم.

بۇ چاغدا شەرقتىن كۈگۈم قىستاپ كېلىۋاتاتتى. كۆز يەتمەس بىر پارچە نامرات زېمىن بىر نەچچىلا يۇلتۇز پارقىراۋاتقان ئاسمان ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. مەن ئاسماندىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ يەرگە قارىدىم، مېنى ئىختىيارسىز يىغا قىستىدى.

مەسئۇل تەھرىرى: روزىمەھەممەت جۇمە

باتۇر روزى

# شېئىرلار

## خائىن

چۈشۈمدە،
ئەزرائىلنىڭ سوتىدا،
ئېسىلغانمىش ئۇپۇق دارىغا.
ئۆلمىگەننىڭ جازاسى ئۈچۈن،
قەبرىلەرنى گۈللىغان قۇياش.

ئەرۋاھىمنى ئايلانسۇن دۇنيا!
كېچىلەرنى يۇدۇپ،
ھالسىراپ،
ئېزىققانچە ئادەمدەك گويا،
تېپىۋالسۇن دەرۋىش قەبرىنى —
ھالاكەتنىڭ ئورىستاسىدا،
ئۆلۈكىگە دۇنيانىڭ —
كۆيگەن ئىمىش مىڭ-مىليون يىللاپ!
شۇ چاغ
ھۇجرىسىدا ئارمانلىرىمنىڭ
داڭ ئۇرارمۇ نۆلگە سائىتىم؟

كىم بولساڭ بول ئەي يېڭى خۇدا،
خائىنمەن، خائىن
مىڭ تىرىلسەم مىڭ ئۆمۈر ساڭا!

## ئىسلاھاتچى AQ

AQ
تەگرى كوچىسىدا
شېئىرىدىم بىلەن قاپتۇ ئۇچرىشىپ،
بولماق ئۈچۈن پەيغەمبەر
ئىزدەر ئىمىش سەرسان خۇدانى
مېيىقىدا كۈلگەنچە شېئىرىم.
كاچاتلاپ قويۇپ،
كۆيۈپ قالغان پەرىشتىنى،
جىنايەتنى يۇدكەنچە،
بولغانمىش جەننەتكە راۋان
ئىزدەپ شەيتاننى
بولماققا ئادەم ...

شەيتان
AQ نى يۇرەرمىش قوغلاپ،
خۇدا
ئايۇنىدا قارچۇقلىرىمنىڭ
چۈشمەكتە شېئىرلىرىمنى...

## ئۇپۇقنىڭكى تەقدىرداش قۇشلار

ھەممە نەرسە «مەن» دىن باشلانغان...
كىچىكلەپ ئۇپۇق،
سىرتماق بولدى بوينۇمغا شۇئان.
ئۇچۇپ كەلدىم قۇشقا ئايلىنىپ،
قوندۇقىغا يېڭى ئۇپۇقنىڭ.
سەنمۇ كەلدىڭ،
قانات ياساپ غەيرىي دۇنيادىن...
ھەممە نەرسە «مەن» دىن باشلانغان...

www.uyghurkitap.com

چۈشلىرىمنىڭ ئايۋانلىرىدا،
جەننەت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ،
تانسا ئويناپ تەڭرى ئالدىدا،
مۇنار بولۇپ قاتتىم ئاخىرى.
ئېسىلدىم
ئەگىم ئاينىڭ دارىغا،
ئۇچۇپ كەلدىم قۇشقا ئايلىنىپ،
سەن كەلدىڭ،
مىڭ يىللىق كرېستتىن مىخ پېتى ئاجراپ؛
كرېستىسمان قۇش بولۇپ...

قوندىقىدا يېڭى ئۇپۇقنىڭ،
تۇتاشتى قىتئەلەر،
چېگرالارنى ئاتتۇق ئەجەلگە!

ھەممە نەرسە «مەن» دىن باشلانغان...
كۈمۈلەر ئالەم،
«مەن» دىن پۈتكەن كاتتا قەبرىگە!

## ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى

1

يەر
ئېسىلىپتۇ پاشنامغا،
چۈشلىرىم،
يۇلتۇزلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا،
زېمىن — سوتچى،
كېچە بىر جاللات،
قىلىچى — چاقماق.
قان ساقىتار يارىدار يۇلتۇز...
ئېغىزلانغان يارام شەلۋەرەپ،
ياپىدۇ كېپەن،
شېھىت بولغان چۈشۈمگە،
يەر ئەۋەتكەن تەلۋە شامالار،
ئىسقىرتىشار تويى بولغاندەك!

2

يېڭى بىر ئالەمگە ھامىلدار يۈرەك،
قورۇق تامنىڭ كەينىدە،
پىچىرلىشار سۆيگىنى بىلەن.
تەكشۈەتتى شامالار،
كۆتۈرەلمەي شەلپەر دۇلقۇننى،
ئېغىر - ئېغىر ھالسىراپ!

3

ئالەم ئارا،
سوزۇلغان بىر قول؛
ھەممىنى ھاپ ئېتەر،
ھەممىنى.
ئەڭ غالىپ دۈشمىنى بىر ئۆلۈم!

4

بولسا ئىدى مەشۇقىڭ
كۆيۈپ قالغان ئۆلۈكۈم ئۆلۈم،
ئۆگەنمىش سېنىڭدىن تىرىلدۈرۈشنى،
خۇدا...

5

يېلىنمايمەن ساقىمۇ ئەبەد،
ئۆلۈشكىمۇ قادىرمەن،
تىرىلىشكىمۇ...

6

ئالەم ئارا سوزۇلغان بىر قول،
سوزۇلالماس ئۆلۈمگە ئەمما.
ئادەم ئارا سوزۇلغان بىر قول،
ئۇ ئۆلۈمگە تېخى مۇئەمما...

## تۇغۇلدى بىر ئالەم

ياساپ بەردى بىر قۇياش ئانا
مەڭزىگە ئوخچۇغان تەبەسسۇم بىلەن!

ئۇپۇقلار كەلكۈندەك كەلدى دېۋەيلەپ
دولقۇن ياساپ يېڭى - يېڭى سەھەردىن ...

بىر تەرەپتە ئېغىنايدۇ يەر،
تۆكۈلىدۇ سانسىز قەبرىلەر،

بىر تەرەپتە ئۇخلايدۇ خۇدا،
ياستۇقى قىيامەت،
يېپىنچىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئەسىرلەر...

## جىنايەت

سەپكە تىزىپ ئەسىرلەرنى،
ئادەملەردىن تارقىتىپ قورال،
چايناپ كەلدىڭ دۇنيانى ھامان!

مۇبارەكلەپ يۈرۈشلىرىڭنى،
قەبرىلەرنى يوللىدى ئەجەل،
ۋاقىت ساڭا ئەل بولدى بىراق،
ئەل بولمىدى بىر ساڭا ئەجەل.

سەن دۇنياغا سىغساڭمۇ، ئەمما
سىغماي قويدى بىر ساڭا دۇنيا.
سېنىڭ بىلەن ئەجەل پالۋان،
سېنىڭ بىلەن قۇدرەتلىك خۇدا.
شەيتان سورار خۇدادىن جەننەت،
سەن جەننەتكە ۋەھىمە ئەمما...

## شائىرى يوق بىر دۇنيا

ئەجەل،
چىللاپ قاپسەن ھاشارغا مېنى،
ماڭا ئاتاپ ياسات بىر كەتمەن
ئالقىنىدا خۇدانىڭ
يىغ بارىنى،
دەستىسى ئۈچۈن
ئىلكىڭدىكى سۆڭەكىنىڭ،
تەكلىپ قىل،
تۆمۈرچىنى دوزاقتىن،
مەن ياسايكى شۇنداق بىر قەبرە،
پېتىپ قالسۇن يەر شارى دەپ-دەل
كېچە قېپ قالسۇن،
ئۆلگەن يەرگە ئەلەملىك ئۈچۈن!

شېئىرىمغا ئوخشىتىپ ياساي بىر دۇنيا
يېلىنمىسۇن شائىرغا ئەمما...

## سۆڭەكلەرگە ئويۇلغان خەتلەر

سەن نېمىشقا تىمتاس ئەي زېمىن؟
كونىراپ قالغاندۇ ئوقۇغۇمۇ بەلكىم
قويايمىكىن ئۇنى يەڭگۈشلەپ...

ساڭا پاتماي
قەبرەڭگە پاتتىم
ئايلىنىسەن نېمىشقا مېنى؟
سەن چېكەڭگە قىستۇرۇۋالغان،
سۆڭىكىمنىڭ كاۋاكلىرىدا،
ياسايمىكىن قەبرەڭنى...
يېڭى زېمىن، ئەي يېڭى زېمىن،
ئالساڭمۇ ئال جېنىمنى ئەمما.
تىلەپ يۈرمە خۇدادىن،
كونا زېمىن يۇدۇۋالغان،
ئابىدىدەك كونا قەبرەمنى...

## جەڭنامە

رەقىبىمنى سورىمايلا قوي،
رەقىبىمەن مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈملا پەقەت!

تۈنۈگۈنكى دەرەخ، تۈۋىگە،
بېرىۋالسام ئەزىمىلىك قىلىپ،
كىرپىكلەردىن سەپ تارتىپ كۆزۈم،
كەپتۇ مېنى قورشىۋالغىلى،

لەشكىرىگە تارقىتىپ قورال
قەبرىلەرنىڭ ئەلەملىرىدىن...

ئۆلۈپ قالسام توۋلىدى بۈگۈن،
كارناي ياساپ يېڭى قۇياشتىن،
ئۈن ئېلىپ
بۆشۈكنىڭ غىچىرلىشىدىن،
ھاياتنىڭ كۈلكىسى،
ئەجەلنىڭ گۈلدۈرى؛
ھەقىقەتنىڭ يىغىسى
ۋە شەيتاننىڭ پىچىرلىشىدىن...

گۈلخان يېقىپ سۆڭەكلىرىمدە،
كاۋاپ قىلىپ يېدىم ئەتىمنى،
ئەجەل يەنە پايپاسلاپ كېلىپ،
باشلىۋەتتى يېڭى «پەتە» نى،
بىر مەڭزىگە سالدىمۇ تەستەك،
سۆيۈپ سالدىم يەنە بىرسىنى...

ئابلىجان ھېيت

# شېئىرلار

## تىلسىز ناخشا

1

يوق دېيدۇ كىم تاغنىڭ زەپەر مارشىنى،
نۇرلارنىڭ چاراقلاپ ئېقىشىدا ھەم؟
راست يوقمۇ بىخ سۈرگەن مايسىدا ناۋا،
ھاياتقا تەلپۈنۈپ ئېلىشىدا دەم؟
ناۋاسىز ياشىماس بارچە مەۋجۇدات،
شادلىق ھەم ھەسرەتتىن تۆككەندىمۇ ياش.
مەيلى شاد كۈلكىدىن تېلىقسۇن دۇنيا،
بىر قەترە ئېلكىدە ئۆچسىمۇ قۇياش!
ئۇرۇلغان جىسمىدا گۈلدۈرلەيدۇ كۈي،
دىر غەزەپ ياڭرايدۇ چاقماق ساداسى.
تامچىغان تامچىدا تەكشى رىتىمى،
كۈيلەيدۇ كۆكلەمنى ياپراق ناۋاسى.
دىللاردا ياڭرايدۇ ھۆرلۈك مەرغۇلى،
قىلىچلار ئۇرۇلسا چۇقانلار ئارا.
ئالەمنى مەست قىلار بىر لىرىك ھايات،
ئەركىنلىك قۇياشى چالغاندا ناۋا.
لەۋلەشكەن لەۋلەردە مۇھەببەت كۈيى،
ھەر مەرغۇل ئەۋجىدە تىترەيدۇ ئالەم؛
جۇدالىق ئوتىدا كۆرۈلدەر دېمى،
چاكىلداش، پىژىلداش ئىلكىدە مۇڭ ھەم.
بۇ ئېزگۈ كۈيلەردە ياشار ھاياتلىق،
بار شۇنداق ھەممىدە ئوتلۇق بىر سادا.
بىر ئۇلۇغ ئىستەكتە ياڭرار ئۇ ھامان،
قىيامەت كۈنىمۇ، سوراق ئالدىدا.
ئوخشىماس بۇ كۈيلەر ئوخشىماس ئەسلا،
ساختىلار قەلبىدىن چىققان ناخشىغا.
يوق ئۇندا ياسالما مەدھىيە تۈسى،
جاھالەت گۆرزىسى سوقسىمۇ گويا.
بۇ كۈيلەر شۇ قەدەر ساپ ھەم ھەقىقىي،
يالقۇنلۇق تەپتى تەڭ ئوتلۇق قۇياشقا.
بۇ ھايات تىنىقى، يۈرەك چېقىنى،
مەڭگۈگە يوقالماس — تىلى يوق ناخشا!

2

غىڭشىشتىن باشلىنار ئىنسان قارغىشى،
ئۆلسىمۇ جان بېرەر غىڭشىش بىلەن تەڭ،
بۇ ئۇزۇن مۇساپە، چەكسىز تىنىقلار،
ئۇنىڭسىز ئۆتمەيدۇ، ئۆتمەيدۇ ھەردەم؟

شۇ كەبى باشلانغان مېنىڭمۇ دېمىم
ئېيتىلار ئىڭشىشقا قەلبىم ناخشىسى.
قانداقتۇر بىر كۈيگە ئىڭىلداشلىردىم،
ئارمانلىق باغرىمنىڭ ئوتلۇق نالىشى.
بۇ تۇيغۇ قىلغاندا قەلبىمنى ئەسىر،
ئوت ئالار ھۇجەيرەم، قانلىردىم قىيان.
بۇ ھايات ئارزۇسى، يۈرەك خاھىشى،
بۇرۇقتۇم يۈرەكتىن ئېتىلغان چۇقان.
تاڭ بىلەن باشلانسا بۇ ئېزگۇ سادا،
چۇشىنى ئۈزىتىپ تۇڭلۇكلەر قاقار.
ئۆزگە دىل چۇشەنمەس بۇ كۈي سىرىنى،
ئۇ ئاتەش يۈرەكتە لاۋا بوپ ئاقار.
بۇ كۈيدە نامايان ئەك ئالىي ئىستەك،
قايرىلغان بېغىچىنىڭ قاراسلىشى ھەم.
تىڭشىساڭ كېلىدۇ ئۇنىڭ تەپتىدىن،
كۆيگەن چوڭ توغراقنىڭ چاراسلىشى ھەم.
ئۇ ئەمەس ھەرگىزمۇ ساسلىق ئاشىقى،
بىناۋا ياشىنىڭ كۈيسىز ئىڭشىشى.
بار ئۇندا ھۇر ھايات ئىشقىدا كۆيگەن،
نۇر خۇمار ئوغلاننىڭ يۈرەك سوقۇشى.
بۇ شۇنداق ناخشىكى ھايات ئىشقىدا،
ئىنسانغا تەئەللۇق ئارماندا يانغان.
شۇڭىمۇ بۇ ئوتلۇق ناخشا، ناۋالار،
ئۆلمەسلەر قەلبىنىڭ تەپتىنى ئالغان.
ئىڭشىشتىن باشلانغان مېنىڭ بۇ ناخشام،
ئىز سېلىپ كەلمەكتە ھايات باغرىغا.
كەتسىمۇ ئالەمنىڭ دېمى بوغۇلۇپ،
ئۇ مەڭگۇ جاراڭلار—تىلى يوق ناخشا!

3

ئالەمدە كۆپ، شۇنداق غەزەل، ناخشىلار،
بەردىن ئۆزگىچە سادا تارايدۇ.
تېخى كۆپ كۈيلەرنى سەزمەس- بەزگۈمىز،
شۇڭا كۆپ تۇيغۇلار ناۋاسىرايدۇ.
كۈيلەرنىڭ گۈلخانى مېنىڭ بۇ ناخشام،
ئاھ، دېسەم تەپتىدىن خەلقىم پۇرايدۇ.

ھەر دىقىق كارۋىنى بەرگەن مەرغۇلدىن،
بىر زېمىن سۆيگۈسى، يالقۇن تارايدۇ.
بۇ سادا شۇ قەدەر ساپ ھەم ھەقىقىي؛
شۇڭىمۇ ئۇ ئوخشار چاقناق قۇياشقا.
ئۇ ھايات ئارزۇسى، يۈرەك قەرغىشى،
مەڭگۈگە يوقالماس—بۇ تىلسىز ناخشا!

## ياش

1

ئوتتۇز ئىككى تامچە ياش
تامچىلاپتۇ،
كۆزلىرىمدىن غەپلەت ئىچىدە.
قانچە تامچىسى كۆلكىدىكىن تاڭ؟!
ياشلىرىنى
گۆھەر كۆزلىرىم
ئۈزىتىپتۇ ھەسرەت ئىچىدە.
يا قالماپتۇ ياش ئىزلىرىدا
تەملىكتىن نىشان.
تۇرار خۇددى ئۇ
تەكلىماكاندەك،
قۇرۇپ، قاغجىراپ.
ئاھ... نېچۈن دەمسىنا؟
بىلگۈك كەلسە سوراپ باققىنا،
تەكلىماكاندىن،
نېمىشقا شۇنداق قۇرۇپ قالدىڭ دەپ!
بىراق،
ھەر بىر تامچىدا،
لاۋا ئاقىدۇ،
سادا باغرىمدا دېڭىز يارىتىپ.
تېنچ، شاۋقۇنسىز
چاپچىپ بىتاقەت...

2

ھەر تامچە ياش
ئۆمرۈمنى ئۆمرۈمگە قوشۇپ،
غەمگە، قۇتۇمۇشكە ...

تاشلاپ بەردى
يەم قىلىپ پارچىلاپ،
كىممۇ خالىسۇن،
بۇگۈننى، كەلگۈسىنى،
تاشلاپ بېرىشكە،
ئۆز قولىدا بوغۇزلاپ؟...

3

مېنىڭ قۇياشىم قەلبىم كۆكىدە
پارلىماقتا كۈلۈپ خۇش چىراي،
ھەر بىر بېقىشىم،
مەندە يېڭى مەنە يارىتار.
قەترە ياشلىرىم،
ئەمدى، ئەبەدى
تۈنلەر قوينىغا
يۇلتۇز بولۇپ تامچىلار...

### سېغىنىش

ئويلىسام، ئايرىلىش ئالدىدا قەلبىم
ساياھەت زوقىدىن ئېچىلغان گۈلدەك.
ئايرىلدىم سېنىڭدىن ئېزىلدى دىلىم،
ئۈششۈكتە قارايغان ئاجىز غوزەكتەك.
ئاھ، دېدىم ئۆزۈمدىن بەزدىم، ئۆكۈندۈم،
مېھرىڭنىڭ نۇرىدا يانغاندا يىراق،
بارىمدا - بارىڭنى سۆيمىگەن دىلىم.
سۆيگۈسى قولۇمدىن قاچقانچە يىراق.
مېھرىڭگە نۇرلاردىن قوشۇپ يەتكۈچە،
پاناھسىز باشىمنى ئەيلىسەڭ ئەزىز.

سېنىڭدىن زارلىنىپ، چالۋاقاپ يەنە،
دەپتىمەن «ئۆمرۈمنى قىلدىڭ قەدىرسىز...»
بىلمەيمەن،
بۇ راستىن زارلاشلىرىممۇ،
ۋە ياكى بالىلىق ئەركىلەشلىرى.
سېنىڭدىن ئايرىلىپ بىلدىم قەدرىڭنى،
بوغقاندا يېتىملىك ئېسەدەشلىرى.

ھە ئەمدى،
تەپتىڭنى سەزمەس سەزگۈلەر،
ئوت ئالدى خىيالىڭ ئۆركەشلىرىدە.
مەن ئۆزۈم ئوت قويغان سامان، خەسلىرىڭ،
ئايلاندى ۋاپادار دىلكەشلىرىمگە.
يۇرسەممۇ توزسىمان چىمەنلىك ئارا،
سېھىرلىك باقىشمۇ نازلىق قاراشلار.
كۆزۈمدىن يوتمىدىڭ،
قۇياش كۆزىڭنى —
چاقناتقان قارا كۆز، چاقناق. چىرايلار.
سېغىنسام توپاڭنىڭ پۇراقلىرىنى،
ھىدلىدىم ئۆزۈمنى تويماستىن ئۇزاق.
سەن بەرگەن مېھرىڭدىن،
ئاياز كۈنلىرى،
ئىسسىندىم تېنىمنى مەھكەم قۇچاقلاپ.
سېغىنىش قىينىغان ھىجران تۈنلىرى،
تولۇن ئاي سەن بولدۇڭ كۆڭلۈم كۆكىدە.
كۆزۈمدىن ئەگمەگەن ياش يۇلتۇزلىرى،
نەم بەردى بۇ تەشنا يۈرەكلىرىمگە.

داۋۇتجان سەئىدى

## پەردازسىز سۈرەتلەر

### بېھۇدىدۇر

بېھۇدىدۇر ئۆكۈنۈشلىرىڭ،
ئۆز يولىدا ئاقىدۇ دەريا.
قورام تاشلار توسالماس ھەرگىز،
ئاڭا دولقۇن قىلماس ھەم پەرۋا.

بېھۇدىدۇر ئۆكۈنۈشلىرىڭ،
تۆكۈلىدۇ چېچەك بورانىدا.
قۇياش نۇرى قالار ئېچىنلاپ،
كۆكنى باسقان كۈلرەڭ تۇمانىدا.

بىھۇدىدۇر ئۆكۈنۈشلىرىڭ،
بىھۇدىدۇر ھەممە زورۇقۇش!
ئۇيلاپ باقساق بىھۇدە ئىشتۇر،
بۇ ھاياتىمۇ — ئۆلۈش... تۇغۇلۇش.

## ئۇنتۇلار

ئۇنتۇلار ھەممىسى،
ئۆچەر دىللاردىن،
جۇپ كۆزنىڭ سەتھىدىن چىقىپ كەتكەندە.
ئۇنتۇلار،
ۋە لېكىن تۇيغۇلار شىرىن،
ئۆتكەنلەر خىيالدىن غىل-پال كەچكەندە.

ئۇنتۇلار بىر بىرلەپ ۋاقىت ئۆتكەنچە،
دىللارغا يېڭىدىن سۈرەتلەر كۆچەر.
كونىنىڭ يېڭىدەك بولماس قىممىتى،
قىممەتسىز نەرسە ھەم بەك ئاسان يۇتەر.

ئۇنتۇلار ئەمدىكى قايغۇ-ئەلەملەر،
ھېلىلا ئورنىنى شادلىق ئالغاندا.
«ئەبەدى ئەسلەيمەن» دېگەن قەسەملەر،
ئۇنتۇلار يېڭىدىن قەسەم قىلغاندا.

## ماۋزۇسىز

بار دېسە مەۋجۇت سەن سايىدەك غۇۋا،
يوق دېسە يوقايسەن شامالدەك ئىزسىز.
بارلىقىڭ بارلىققا بولالماس گۇۋاھ،
يوقلۇقۇڭ ئۇنتۇلار شەبنەمدەك ھېسسىز.

ئۇ ماڭغان يوللاردا كېلىنسەن سەنمۇ،
ۋە لېكىن كۆرمەيدۇ سېنى ھېچ بىر كۆز.
ئاڭلانماس قۇلاققا مۇڭلۇق ناخشاڭمۇ،
يىغاڭمۇ،
ئۆلسەڭ گەر كۆندە نەچچە يۈز...

تىرىلسەكسەن،
مەنمۇ ھەم قىلمايمەن گۇمان،
ۋاقىتسىز قەبرىگە مۆكۈندىڭمىكىن؟
ئىزدەپ ئۇ ئالەمدىن پاناھ جاي-ماكان،
بۇ دوزاق دۇنيادىن ئۆكۈندىڭمىكىن؟

## بۇ جاھان

بۇ جاھان گويا كى بىر رەپ-رەپ چاپان،
تىتىلىپ توزغاقتەك مېزى چۇۋۇلغان.
كىيىشىپ كەلمەكتە بەس-بەستە ئۇنى،
قەدىمدىن تا ھازىرغىچە
ياشىغان جىمى جان-مەخلۇقات، ئىنسان.

دەسسىدى، چەيلەشتى، بۇلغىدى تامام،
پاك ھالال جىسمىنى ئەيلىدى ھارام.
كىمنىڭلا ئۇچىسىغا چىقسا سالمىدى،
يۇمىدى، پىتلارغا ئەيلىدى ماكان،
شۇ پېتى كىيىشنى قىلدۇرۇپ داۋام.

سۆكۈلدى، چاك-چېكى، بولدى مىڭ پارە،
ۋە لېكىن ئىنسانلار يامىماپ ئاۋارە.
يېڭىنىلەر ھەم يىپلار تاپمايدۇ تىنىم،
ھەتتاكى تېنىنى قىلىشتى شىلىم،
چىرىگەن رەخت ئۇچۇن يوقتۇر ھېچ چارە.

يېڭىلاش مۇمكىنمۇ كونىنى ياماپ؟
مۇمكىن ئەمەس!!
ئۇ كونا ساقايماس بىتاپ.
ھە ئەمدى كونىغا لازىمدۇر قەبرە،
تۇغۇلسۇن يېڭىدىن پاك ۋۇجۇد نەۋرە.
يۈيۈلسۇن جاھاندىن خورلۇق ۋە ئازاب.

## گۈزەل ئەمەس ھېچ نەرسە

گۈزەل ئەمەس بۇ دۇنيا، گۈزەل ئەمەس ھېچ نەرسە،
گۈزەل ئەسلى يۈرىكىڭ، گۈزەل قىلغان كۆرۈنۈش.
ئەينىكىڭدە قەلبىڭنىڭ پەرداز لانغان - نۇرلانغان،
گۈزەل پەقەت كىرپىمۇ بەرسە ساڭا سۆيۈنۈش.

خىرەلەشكەن كۆزۈڭگە ئەينەك تاقاپ قاراپ باق،
بۇ دۇنيانىڭ ھۆسنىدە بارمۇ زادى گۈزەللىك؟
ھەممە يەرنى ئىس - تۈتەك بۇرۇقتۇملۇق قاپلىغان،
ھەر قەدەمدە پۇتلىشار تۈمەن - تۈمەن رەزىللىك.

ئۇيناپ ئاققان دەريامۇ دولقۇن ئېتىپ تىل سوزۇپ،
دەيدۇ، كەلسە نۆۋىتى «سېنى يالماپ يۇتىمەن».
مەغرۇر تاغلار دەر: «سېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قاماللاپ،
سوۋغا قىلىپ بىر كۈنى ئەزرائىلغا تۇتىمەن.»

كېچە - كۈندۈز قۇياش ئاي ئىزدەپ يۈرەر ئاسماندىن،
گاھ قىزدۇرۇپ، مۇزلۇتۇپ تېزرەك قۇرۇپ، سول، دەيدۇ.
ئېتىزلاردا مايسىلار مۆلدۈرلىتىپ كۆزىنى،
ئېچىرقىشىپ، ئەسنىشىپ بىزگە ئوغۇت بول، دەيدۇ.

قاراپ باقساڭ زېمىنگە، ئويغۇل - دوڭغۇل ھەممە يەر،
بېرەلەمدۇ گۈزەللىك تاغ - ئويمانلار ئېگىز - پەس.
چاتقاللىقنى ئارىلاپ ئەگرى - بۈگرى ئۆچەيدەك،
ئېزىقتۇرار يوللىرى ئۇدۇل ماڭماق زەپمۇ تەس...

گۈزەل ئەمەس بۇ دۇنيا - گۈزەل ئەمەس ھېچ نەرسە،
باردۇر ھەممە چىرايدا، يىركىنچلىك سوغ تەلەت.
گۈزەل بىلگەن ئۆزەڭنى كۆرسە ئەگەر مايمۇنلار،
كۆرۈنسەن كۆزىگە ئالۋاستىدەك سەت - غەلەت!

### تىنچ قوي

تىنچ قوي،
كەيىمنى بۇزماي تىنچ قوي،
مەن ياشاي غەۋغادىن يىراقتا بىر پەس.
خىيال دېڭىزىدا ئۈزەي بىمالال،

شادلىناي،
قايغۇمنى قوغلاي دەقىقە،
ئاھ شۇ دەم مەن مەيسىز بولاي غەرق مەس!
جاھانغا قاچاندىن چۈشكەندۇ سەۋدا؟
سالىدۇ نېمىگە، نېمانچە غەۋغا؟
ھەي!!!

مېنىمۇ قويدىڭۇ ئېلىشتۇرۇپلا،
قىلمايدۇ ئاچچىقىم — تەنەمگە پەرۋا...

ئاھ، قانداق گۈزەل ھە خىيال دۇنياسى،
خىياللار ئەپكېتەر مېنى ھاپاشلاپ.
ئاشۇ دەم تەبەسسۇم تېپەر چېھرىمگە،
روھىمۇ تاشقىنىدەك بولىدۇ ئازاد،
يەلكەممۇ بەل پۈككەن تاغلارنى تاشلاپ.

تىنچ قوي،
مېڭەمگە سانجىما خەنجەر،
مەن ياشاي قايىنامدىن يىراقراق بىر پەس!
دەريانىڭ تەكتىگە چۆككەن تاش كەبى،
تىنچلىناي،
قايتىپ چىن ئادەملىكىمگە،
كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ ئالاي بىر نەپەس.

## مەن يېگانە ياشاي دۇنيادا

ئادەممۇ بۇ پاكى ئالۋاستى،
ئىنسانمۇ بۇ ۋە پاكى ھايۋان.
قارىغانچە پەرقسىز ماڭا،
قاراڭغۇ بازاردەك كۆرۈنەر جاھان.

چىن دوست ئىزلەپ تاپقىلى بولماس،
دۈشمەنىڭدىن قاچقىلى بولماس.
ئايلانغانمۇ ھەممە چايانغا،
بىردەم تىنچلىنىپ ياتقىلى بولماس.

ھەي!
ھېچ ئىنسانغا ئىشەنگۈم كەلمەس،
ئۆزگىلەرمۇ ھەم چىن پۈتمەس ماڭا.
بۈگۈن ئېگىلىپ كۈلسەم ھېچىيىپ،
ئەتە ھومىيىپ قارايمەن ساڭا...

مەن يېگانە ياشاي دۇنيادىن،
چۆلدە يېگانە قالغان دەرەختەك.
قۇم، بوران ئۇسۇپ يىقىتسا ئەگەر،
ھېچ بىر تايانچىسىز تۇراي پەلەكتەك.

پاكى تۇرالماي كۆمۈلەي ئەبەد،
شۇندىمۇ كۈتمەي ھېچكىمدىن شەپقەت.
چۈنكى كۈتسەممۇ سۇنماس بىراۋ قول،
ۋاپاسىز ھەممە،
چەكمەس ھېچ ھەسرەت!

## ماۋزۇسىز

بەرمىگىن، بەرمىسەڭ زەررىچە ئەسلا،
شادلىقنى، قايغۇنى-جاپانىمۇ ھەم.
ئاھ قانداق ئازابسىز يېنىڭ بۇ سەپەر،
ھەممىدىن بەھرىسىز دۇنيادىن ئۆتسەم.

گەر بەرسەڭ بەرگەندەك بەرگىن ئايىماي،
جاكارلا بەردىم دەپ ئاغزىڭ تولغۇدەك.
بەر، ئەمما، ھەممىنى بەرگىن ئالدىدىن،
ئارقىدا قالغانغا ئارمان بولغۇدەك.



www.uyghurkitap.com

قاھار جېلىل

# تەقدىرنى ئىشلەر يارىتىدۇ

(پوۋېست)

## مۇقەددىمە

مەھەللىنى ياقىلاپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ بويىدىكى باراقسان سۆگەت سايىسىدە 25 - 26 ياشلار چامىسىدىكى ئىككى يىگىت پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يېيىقلىق كېزىت ئۈستىدە يېرىملاشقان بىر بوتۇلكا ھاراق، توغرالغان پىششىق قوي گۆشى ۋە بىر قاپ تاماكا بار ئىدى.

يىگىتلەرنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئايۇپ ئىدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، زىلۋا يىگىت بولۇپ، قوي كۆزلىرى ۋە ئاقۇش چىرايىدىن بىر خىل خىيالچانلىق ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. پاكار ۋە سېمىزرەك يىگىتنىڭ ئىسمى ئەيسا ئىدى، ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى ۋە بۇغداي ئۆڭ چىرايى ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى. بۇ يىگىتلەر مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بىر سىنىپ، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان قەدىناس ئاغىنىلەر ئىدى. ئۇلار ئالىي مەكتەپتىمۇ بىر كەسىپ، بىر سىنىپتا ئوقۇيمىز دەپ ۋەدىلەشكەن، بىراق ئايۇپقا يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن، ئەيساغا پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن چاقىرىق قەغىزى كەلدى. كېيىن ئۇلارنىڭ خىزمىتىمۇ ئىككى ناھىيىدە بولۇپ قالدى. ئايۇپ قوشنا ناھىيىنىڭ سۇ ئىشلار ئىدارىسىدە بىر نەچچە يىل تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن تۆت ئاي بۇرۇن شۇ ناھىيىگە قاراشلىق قاراتاش يېزىلىق ھۆكۈمىتىگە باشلىق بولۇپ يۆتكەلدى. ئەيسا بولسا، تۆت يىلدىن بېرى مۇشۇ ناھىيىدىكى بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇلار ئۈچ - تۆت ئايدىن بېرى پەقەت تېلېفون ۋە خەت ئارقىلىقلا ئەھۋاللىشىپ تۇرۇشقان، مانا بۈگۈن خۇددى كېلىشىپ قويغاندەك ھەر ئىككىلىسى تەڭلا ئاتا - ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن كېلىپ ئۇچرىشىپ قېلىشقانىدى. كېيىن مۇڭدىشىش ئۈچۈن مۇشۇ پىنھان جايغا كېلىشتى.

قۇياش پېتىشقا يۈزلەنگەنىدى. شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ، ئاستا چىقىۋاتقان سالقىن شامال، كەچكى شەپەق نۇرىدا يۇيۇنغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى، ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر ئۆستەڭ بويىغا يېقىن رومانتىك تۈس بەخش ئەتكەنىدى.

— كېيىنكىدىن قارىغاندا، سەنمۇ خۇددى «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قاپتۇ» دېگەندەك دەردكە مۇپتىلا بوپسەن - دە، — دېدى ئەيسا دوستىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئاندىن جىددىي ھالدا قوشۇپ قويدى، — ئۇنداقتا ئۇ قىزنى بىر ئامال قىلىپ ئوقۇشقا بېرىشتىن يالتايتىش كېرەك.

— ھەي ... شۇنداق قىلىش مۇمكىن بولسىغۇ بەك بەلەن ئىش بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ ئوقۇشقا بېرىش ئىرادىسى بەك قەتئىي ئىكەن ئەمەسمۇ.

ئەيسا دوستىغا ئالاقانداق سىرلىق تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى.

— ئاتا - ئانىسى قوشۇلمىسىچۇ؟

— ئۇلارمۇ قىزنىڭ خاھىشىغا قارايدىكەن.

— ئۇلارنى يالتايتىش كېرەك.

— قانداق قىلىپ؟ — ئايۇپ سەل ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى.

— خۇددى ھېچ ئىش كۆرمىگەن كىچىك بالىدەك گەپ قىلىسەنغۇ، ئاداش، — ئەيسا ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى ئايۇپقا ئۇزاتتى، — سەن بولساڭ ئاشۇ يېزىنىڭ باشلىقى، سېنىڭ گېپىڭنى يەردىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەگەر مەن سېنىڭ ئورنىڭدا بولىدىغان بولسام مۇنداق ئاھ ئۇرۇپ يۈرمەيلا مەقسىتىمگە يەتكەن بولاتتىم.

— ھوقۇقىڭغا تايىنىپ، قىزنى زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈر دېمەكچىمۇسەن؟

— ياق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم: قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەت. ئۇلار تەلىپىڭنى بارىكاللا ئېيتىپ قوبۇل قىلمىسا، قۇلىقىنى ساپالدا كېسىپ بېرەي.

ئايۇپ بىر پەس ئويلىنىپ قالدى. قارىماققا ئەيسانىڭ تەكلىپى خېلى ئورۇنلۇقتەك قىلاتتى. تۆت ئايدىن بېرى ئايۇپ قارا تاشتا خېلى ئابروي قازاندى. كىشىلەر ئۇنى ئالدىدىمۇ، ئارقىسىدىمۇ ماختىشىدۇ، ھۆرمەت قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ بوي - بەستى، رەڭگى - رويىمۇ قاملاشقان يىگىت. شۇنداق ئىكەن سىڭلەرگە كۆيئوغۇل بولسام، دېسە، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ھەرگىز رەت قىلالماسلىقى مۇمكىن. بىراق ... بىراق، قىزنىڭ ئۆزىچۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن ئېسى - يادى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىكەن، شۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ خاھىشىغا ماقۇل دەرمۇ؟ ئاندىن يەنە مۇھەببەت مەسىلىسىمۇ بار. مۇھەببەت دېگەن يەككىلىك بولمايدىغان بىر تېپىشماق. ئايۇپ ئۆزىنى قارا تاش يىگىتلىرىنىڭ ئالدى دەپ چاغلىغىنى بىلەن، قىزنىڭ ئۇنى چوقۇم ياخشى كۆرۈشىگە ھۆددە قىلالامدۇ؟ ناۋادا ئۇ خالىمىسىچۇ؟ ياق، ئايۇپقا ئۆمۈرلۈك جورا بولىدىغان قىز ئالدى بىلەن ئۇنىمۇ چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈشى كېرەك!

— ياق، ئاداش، قىزنىڭ خاھىشىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ، سەن دېگەندەك قىلالمايمەن. سەن بىلەن بىز يېڭى جەمئىيەتتە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ياشلار، مۇھەببەت، نىكاھ مەسىلىلىرىدە كونا يولدا ماڭساق بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

— سېنى مۇشۇنداق قۇرۇق نەزەرىيە ساتارمىكىن دېۋىدىم، راست، شۇنداق قىلدىڭ،— ئەيسا مەسخىرىلىك كۈلدى،— ئەمىسە، زادى قانداق قىلماقچىسەن؟

— ئالىي مەكتەپلەرگە ئېلىنىدىغان ئىمتىھان نەتىجىسى چىققۇچە سەۋرى قىلاي دەيمەن، بەلكىم ئۇ ئۆتەلمەي قالامدۇ، تېخى.

— ئۇنى ھايا ئىزچىل ئەلا ئوقۇغانىكەن دېدىڭغۇ؟

— بەزىدە ئەلاچىلارنىڭمۇ ئۆتەلمەي قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇغۇ!؟

— خوش، ئۆتۈپ كەتسىچۇ؟

— ئۆتۈپ كەتسە ... ئۆتۈپ كەتسە ...— ئايۇپ گېپىنىڭ داۋامىنى ئېيتالماي توختاپ قالدى.

— قويغىنا، سەن ئەخمەقنى!— ئەيسا ئاچچىقلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى،— بۇرۇندىن تارتىپ بىرەر جىددىي مەسىلىگە دۇچ كەلگىنىدە ھەمىشە كۆمسەم پىشارمىكىن، ياپسام پىشارمىكىن دەپلا ئىككىلىنىپ قالاتتىڭ، ھازىرمۇ شۇ مىجەزىڭدىن قۇتۇلالماپسەن. ئاداش، خۇداۋۇ تىرىشمىغان ئادەمگە رىسقىنى ھېچقاچان «مە، ئال بەندەم» دەپ تاشلاپ بەرمەيدۇ. ئادەم دېگەن ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك!

ئايۇپ يەنە ئويلىنىپ قالدى: سەن قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان نەرسىدە ساڭا بېرىلىش خاھىشى بولمىسا، قانچە زورۇقساڭمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسەن. ئەكسىچە، ئۇنىڭدا بىزارلىق، نەپرەت، ھەتتا قارشىلىق پەيدا قىلىپ قويۇشۇڭ مۇمكىن. ياق، ئايۇپنىڭ يەنىلا سەۋر قىلغىنى تۈزۈك. بەلكىم ئىشلار ئۇنىڭ پايدىسى بويىچە ئۆزگىرەر.

— ئاداش، بولدىلا، ئەمدى بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى،— دېدى ئۇ ۋە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ، بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى-دە، ئىككى-ئۈچ يۇتۇم ئىچىۋەتتى.

ئەيسا ئاغىنىسىنىڭ ئىچى كۆچلۈك يىگىت ئىكەنلىكىنى، كۆڭلىگە پۈككەن غەرىزىدىن ئاسان ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا يەنە تالىشىپ ئولتۇرمىدى. نېمە ئامال، بىراۋغا ئۆز ئىرادەڭنى مەجبۇرى تاڭالمايسەنغۇ! مۇبادا ئۇ قىز ئەيسا ئىشلەۋاتقان مەكتەپتە، ياكى ئەيسا ئاشۇ قارا تاشتا بولغان بولسىدى، دوستى ئۈچۈن جان دەپ يول ئېچىپ، ئۇنىڭ مەقسىتىگە يېتىشى ئۈچۈن يول ھازىرلىغان بولاتتى. ئەپسۇسكى ...

ئۇ ئايۇپقا ئېچىنغان ھالدا قاراپ قويۇپ، ئۆزىمۇ ھاراقتىن ئىككى-ئۈچ يۇتۇم ئىچتى-دە، قولى بىلەن جاۋغايلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتتى:

— ھەر ھالدا ئۇ قىزغا كۆڭلۈڭنى ئىزھار قىلىپ باقساڭ بولاتتى.

ئايۇپ بۇ گەپكە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

بۇ چاغدا قۇياش ئالىسقاچان ئولتۇرۇپ، ئەتراپ قويۇق كۈگۈم پەردىسىگە ئورالغانىدى.

## شۇم خەۋەر

— گۇلنىسانىڭ خاتىرىسىدىن I

1

تۇرمۇشتا كۇتۇلمىگەن ئىشلارنىڭ يۇز بېرىپ تۇرىدىغانلىقى ماڭا بۇرۇندىنلا ئا-يان. بىراق تەقدىرنىڭ بۇ قەدەر تەتۇرلۇك قىلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۇتتۇرگىچە ئىزچىل ئەلاچى بولۇپ كەلدىم، تاللاش ئىمتىھانىدا! ئالدىنقى قاتاردا نومۇر ئاپتىمەن. ئالىي مەكتەپلەر ئۇ-چۇن ئېلىنغان ئىمتىھان سوئاللىرىغىمۇ ئۆزۇمچە تولۇق دېگۇدەك جاۋاب يازغانىدىم. ئوقۇتقۇچىلىرىممۇ، ساۋاقداشلىرىممۇ «نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىشىڭدە گەپ يوق» دېيىشكەنىدى.

بىراق؛ كۇتۇلمىگەندە شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى — ئۆرۇمچىدىن ئەۋەتكەن ئىمتى-ھان نەتىجىلىرى ئىچىدە مېنىڭ ئالغان نومۇرۇمنىڭ ئېغىزغا ئالغۇچىلىقىمۇ يوق ئىكەن! كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم پىرقىرىغاندەك بولدى. ئۇستەلگە تايىنىۋېلىپ، لې-ۋىمنى مەھكەم چىشلىدىم، ئەزەلدىن يىغلاشنى ياخشى كۆرمەيتتىم، بىراق بۇ قېتىم كۆز ياشلىرىم رايىمغا باقمىدى.

— بىزنىڭچە، جەزمەن سەۋەنلىك يۇز بەرگەن گەپ، — دېدى ئىلمىي مۇدىر ماڭا تەسەللى بېرىپ، — بىز مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن سۆزلەشتۇق، دەرھال سۇرۇش-تۇرىدىغان بولدى، خاتىرجەم بول، ئەتە - ئۆگۇن ...



ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرلىشىشىنىمۇ كۇت-مەي، ئىشخانىدىن قۇيۇندەك يۇگۇرۇپ چىق-تىم - دە، ۋېلىسىپىتىمگە مىنىپ، ناھىيىگە قاراپ چاپتىم.

— ئۇ يەردىكىلەرمۇ مېنى خۇددى ئىلمىي مۇدىرىمىزدەك تەسەللى ۋە ۋەدە سۆزلە-رى بىلەن كۇتتۇۋالدى.

ئامال يوق، ئۆيۇمگە قايتىشقا توغرا كەلدى. ئۆيگە كىرىپلا ئۆزۇمنى ئورنۇمغا تاشلىدىم - دە، كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. ئانامنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىمۇ، دادامنىڭ تەسەللىلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى.

ھەم ئازاب، ھەم ئۇمىد ئىچىدە بىر نەچچە كۇن ئۆتۇپ كەتتى. بىر ھەپتە ئى-چىدە مەكتەپكە ئىككى قېتىم، ناھىيىگە بىر قېتىم قاتنىدىم، ئاڭلىغىنىم يەنە بۇرۇن-

www.uyghurkitap.com



قى گەپلەر بولدى. بۈگۈن يەنە مەكتەپكە باردىم. مەكتەپ مۇدىرىمىز ئىلمىي مۇدىر ۋە سىنىپ تەربىيىچىمىز بىلەن نېمە توغرىلىقتۇ سۆزلىشىۋاتقانىكەن، ئۇلار مېنى كۆرۈپلا سۆزىدىن توختىشىپلىشتى، چىرايلىرىدىن ئاللىقانداق ئاچچىقلىنىش ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى.

— قىزىم گۈلنىسا، — دېدى مەكتەپ مۇدىرىمىز بىرئازدىن كېيىن گەپ باشلاپ، — بىز مۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان. سەن مەكتىپىمىزنىڭ ئىپتىخارى ئىدىڭ، هازىرمۇ بىز سېنى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىمىز دەپ تونۇيمىز. قەلبىمىزنى چۈشەن، مۇشۇ ئىش تۈپەيلى بىزنىڭ چېكىۋاتقان قايغۇمىز هەرگىز سېنىڭكىدىن كەم ئەمەس. بۇ يەردە قانداقتۇ بىر ئۇقۇشۇلماسلىق باردەك تۇرىدۇ. بىز داۋاملىق سۈيلەۋاتىمىز. بۇ مەسىلە هامان ئېنىقلىنىدۇ، ئۈمىدۋار بولغىن!

كىشىنىڭ قەلبى ئازابتا پۇچىلىنىۋاتقان چاغدا تەسەللى بېرىدىغان سۆزلەر قۇلاققا نېمىدېگەن يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ - هە! بىراق، مۇزدا ئاچ قالغان كىشىنىڭ كۆڭلىگە بىردەملىك هۇزۇر بېغىشلىيالىسىمۇ، بىر بۇردا ناننىڭ ئورنىنى باسالامدۇ؟

باياتىن بېرى قاپىقىنى تۈرگەن پېتى ئۈنچىقماستىن تاماكا چېكىۋاتقان سىنىپ تەربىيىچىمىز ئاچچىقى بىلەن سۆز قاتتى:

— نەدىكى ئۇقۇشۇماسلىقكەن ئۇ! بۇ يەردە چوقۇم بىر رەزىل سۈيىقەست بار.

— هەي، هەي داۋۇت، مۇنداق قاملاشمىغان گەپنى قىلماڭ!

— نېمىشقا قاملاشمىغان گەپ بولىدىكەن؟ گۈلنىسانى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئادەم — مانا مەن! ئۇنى ئىمتىهاندا كۆچۈرگەن دېيىش — ئالتۇننى دات بېسىپتۇ دېگەنگە ئوخشاش گەپ!

قىش كۈنى بىر كىم مۇرەمدىن مۇزدەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك شۈركۈنۈپ كەتتىم.

— نېمە، مۇئەللىم، مېنى ئىمتىهاندا كۆچۈرگەن دەپتىمۇ؟

— قىزىم گۈلنىسا، — دېدى مۇدىر ئۇڭ قولى بىلەن مۇرەمنى سىلاپ، — هازىرچە بۇ گەپنى ساڭا ئېيتماي تۇرايلى دېگەن. داۋۇت ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ... سەن ئەقىللىق، ئاڭلىق قىز. ئۆزۈڭنى هەرگىز يوقىتىپ قويما. بىز ساڭا ئىشىنىمىز، بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىمىغۇچە...

مۇدىرنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. «كۆچۈرگەن» دېگەن بۇ بىر ئېغىز سۆز مېڭەمگە ئورۇنلىشىۋېلىپ، خۇددى چېكەتكىدەك چىرىلدايتتى، بىردەمگىچە پۈتۈن ئالەم زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆككەندەك بولدى. ئاندىن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن هالدا خۇددى ساداقتىن چىققان تېز ئوقتەك يۈگۈرۈپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئۆيگە قانداق يېتىپ كەلگىنىممۇ يادىمدا يوق. يەنە ئاۋۇ كۈندىكىدەك، دەردىمنى كۆز ياشلىرىمدىن ئالدىم، تەلىيىمگە دادام بىلەن ئانام ئېتىزلىققا چىقىپ كەتكەنىكەن. يىغلاپ - يىغلاپ كۆز چاناقلىرىم خۇددى سۈيى تارتىۋېتىلگەن بۇلاقتەك قۇرۇدى. ئەمما هېلىقى چېكەتكە هامان چىرىلداپ قەلبىمدىكى قايغۇ - هەسرەتنى هەدەپ ئۇلغايتماقتا ئىدى. كىشىلەر: «ئازابلىنىش — خىيالنى تۇغىدۇ» دېيىشىدىكەن، قانغۇچە يىغلىۋالغاندىن كېيىن مەن خىيالغا غەرق بولدۇم. مېنى «ئىمتىهاندا كۆچۈرگەن» دېيىش — قاپقارا تۆهمەت ئىدى، هېلىغۇ شۇنچە قاتتىق نازارەت ئاستىدا ئېلىنغان شۇ قېتىملىق ئىمتىهان ئىكەن، 11 يىللىق ئوقۇغۇچىلىق هاياتىمدىكى بىرەر قېتىملىق ئاددىي سىناقتىمۇ كۆچۈرۈشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرگەن ئەمەس مەن. بەزىلەر: «ئىم-

تىنھان دېگەن ناپولېئونىمۇ قورقۇتۇپتىكەن» دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ سۇر-ھەيۋىسىنىڭ يامانلىقىنى مەنمۇ ئېتىراپ قىلىمەن. بىراق، مەن ئىمتىھان مەيدانىدا بىرەر قېتىممۇ قورقۇپ، ھودۇقۇپ ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. ھېلىقى ئىمتىھان جەريانىمۇ خۇددى شۇنداق ئۆتكەن. ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: مەيدانىنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن جىددىي ئىدى. چىرايى سۇرلۇك نازارەتچىلەرنىڭ بىرى ئالدى تەرەپتە خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك مىدىرلىماي، پۈتۈن سىنىپ ئىچىگە تەكشى نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. يەنە بىرى، ئارىلىق يولدا تىنىماي ئايلىنىپ يۈرەتتى. دېرىزىلەر مەھكەم ئېتىۋېتىلگەنىدى. شۇنىڭغا قارىماي ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرۈشكەن ساقچىلار بىلەن مەخسۇس خادىملار سىنىپقا ھېچكىمنى يېقىن يولاتمايتتى.

ئەمما مەن ئالتە قېتىملىق ئىمتىھانىنىڭ ھېچقايسىسىدا ھودۇقۇپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويمىدىم. ھەر قېتىم ئاۋۋال سوئاللارنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. ئاندىن ھەربىرى ئۈستىدە بېرىلىدىغان جاۋابلارنى ئويلىنىۋېلىپ، بىر-بىرلەپ جاۋاب يېزىشقا كىرىشتىم. بىر سوئالنىمۇ جاۋابسىز تاپشۇرمىدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە قانداقمۇ «كۆچۈرگەن» بولۇپ قالاي؟ ياق، بۇ — تۆھمەت، رەزىل تۆھمەت! سىنىپ تەربىيىچىمىز ئېيتقاندەك، بۇ ئىشقا قانداقتۇ سۇيىقەست ئارىلاشقان!... بىراق كىم سۇيىقەست قىلىشى مۇمكىن؟ ھېلىقى نازارەتچىلەرنى ئىلگىرى زادى كۆرۈپ باققان ئەمەسمەن، شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ يامان كۆرىدىغان ئادىمى بولۇپ قېلىشىم مۇمكىنمۇ؟ تېخى، ئۇلار مېنىڭ تولۇق جاۋاب يېزىلغان قەغەزلىرىمنى كۆرۈپ، گويا مېنى تەبرىكلىگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويۇشقانىدىغۇ. يە باشقا ساۋاقداشلار كېيىن ئۈستۈمدىن يالغان مەلۇمات بەرگەنمىدۇ؟ بىراق بىر سىنىپتا ئىمتىھان بەرگەنلەردىن ئۈچەيلەندىن باشقىلىرى باشقا مەكتەپلەردىن كەلگەنلەر ئىكەن، بىز ئۈچىمىز ئادەتتە ناھايىتى ئىناق ئۆتكەنىدۇق. ئارىمىزدا بىر-بىرىمىزگە مۇنچىلىك يامانلىق قىلغۇدەك ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەنىدى... يە راستىنلا مۇدىرىمىز ئېيتقاندەك ئوقۇشماسلىق بولغانمىدۇ؟...

خىياللىرىم گادىرماچلىشىپ كەتتى. ئەقلىمگە مۇۋاپىق يەكۈن چىقىرالمىدىم.

ئارىدىن يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن مېنىڭ ئىشىم توغرىسىدا ھېچبىر سادا يوق. ئاخىر ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغانلارنىڭمۇ ئوقتۇرۇشلىرى كەلگىلى تۇردى. بىر كۈنى نەسىردىن ئىسىملىك ساۋاقدىشىم ئۆيىمىزگە كەلدى. ئۇمۇ سىنىپىمىزدىكى ئەلاچىلارنىڭ بىرى ئىدى، ئىككىمىز خېلى يېقىن ئۆتەتتۇق. ئىمتىھانلارنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا بىر پارچە خەت بەرگەن. ئېچىپ كۆرسەم، مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئەگەر مەندىمۇ شۇنداق تۇيغۇ بولسا، ئېنىق جاۋاب بېرىشىم لازىملىقىنى ئۆتۈنۈپ يېزىپتۇ.

مەن يىگىت-قىزلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان مۇھەببەت مەسىلىسىنى كىتابلاردىن ئوقۇپ، كىنولاردا كۆرۈپ بىلگەن، راستىمنى ئېيتسام، ئاخىرقى يىللى نەسىردىن ئىسىملىك بۇ يىگىت كۆزۈمگە بۆلەكچە ئىللىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ پات-پات خىيالىمنى بەند قىلىۋالاتتى. ھەتتا بەزىدە چۈشۈمگىمۇ كىرەتتى. يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا ئۇنى كۆرۈشنى، مۇڭدىشىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق ئۇچرىشىپ قالغاندا نېمىشقىدۇ ھودۇقۇپ، گەپلىرىم قولاشماي قالاتتى. «مۇشۇ مۇھەببەتمىدۇ؟ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ؟» دەپ سورايتتىم ئۆز-ئۆزۈمدىن بەزىدە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاپخۇمار بېكىتى

ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتىم. ئويلىغانسېرى ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى چۈشەندىم. بىراق، بىز ھازىر تازا ھالقىلىق پەيتتە تۇرۇۋاتىمىز، ئارزۇلىرىمىزغۇ ئوخشاش، ئەمما ئالىي مەكتەپ قوينىغا مۇشۇنداق مەنىۋى يۈكلىرىمىزنى بىللە ھەمراھ قىلىپ كىرسەك، بۇ يۈكلەر نەچچە يىللىق ئوقۇش ھاياتىمىزغا تەسىر قىلماسمۇ؟

ئاخىر مەنمۇ ئۇنىڭغا سىلىق-سىپايە سۆزلەر بىلەن جاۋاب يازدىم، تەكلىپىنى ئۇزۇل-كېسىل رەتمۇ قىلمىدىم، ئېنىق قوشۇلغانلىقىمنىمۇ بىلدۈرمىدىم. ئىشقىلىپ، ھازىرچە ئالدىرىمايلى دېگەن مەنە ئوقتۇرۇلدى.

نەسىردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەن بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ مېنىڭ مۇنداق «ئەزمىلىكىم» دىن قىلچە رەنجىمەپتۇ. ئەمما ئاشۇ خەتتىكى تەكلىپنىڭ ھامان كۆچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. مەن ھېچنەرسە دېمىدىم.

ئىمتىھاندا تۆۋەن نومۇر ئالغانلىقىم مەلۇم بولغاندىن كېيىن ئۇ مېنى كۆندە دېگۈدەك يوقلاپ تۇرغانىدى، بىللە قايغۇرۇپ، بىللە غەزەپلەنگەنىدۇق. بۈگۈن ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغانلىق ئوقتۇرۇشىنى كۆرسەتتى.

ئادەم دېگەن ئاجايىپ مۇرەككەپ مەخلۇقكەن. نەسىردىن مېنىڭ ئالتە يىللىق ساۋاقدىشىم، ھەتتا دوستۇم ئىدى، دوستلارنىڭ ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيىتى بىر-بىرىنى خۇشال قىلىشى كېرەككۇ، ئاخىر! مەنمۇ ئەلۋەتتە خۇشال بولدۇم. بىراق، يۈرىكىمنىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرى نېمىشقىدۇر لازا قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. بۇ — ئۇنىڭدىن ئۇزاق مۇددەت ئايرىلىپ قېلىش ئازابىمۇ ياكى بىر خىل ھەسەتخورلۇقمۇ؟ راستىنى ئېيتسام ھەر ئىككىلىسى بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى كۈلكىگە زورلاپ، ئۇنى تەبرىكلىدىم.

— ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقتۇرۇشلىرى تېخى كەلمەپتۇ، — دېدى نەسىردىن ماڭا تەسەللى بېرىشكە تىرىشىپ، — ئېھتىمال، بۇ كەمگىچە سىنىڭ ئىشىڭىزنىمۇ تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشقاندۇ، ئەتە-ئۆگۈن ئېچىدە ساڭىمۇ...

— بولدى، تەسەللى بەرمەي قوي، مەن بۇ يىل ئۈمىدنى ئۈزدۈم...

بوغۇزۇمغا قاپساپ كەلگەن يىغا مېنى ئارتۇقچە سۆزلەشكە قويمىدى. ئۆزۈمنىڭ تەستە تۇتۇۋالدىم. ئارىنى بىر پەس ئېغىر سۈكۈنات قاپلىدى.

— مەن ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقاي دەيمەن، — خېلىدىن كېيىن جىملىقنى يەنە نەسىردىن بۇزدى، — چۈشتىن كېيىن ناھىيىگە بېرىپ، ھەمراھلارنى ئوقۇشقاچ بىلەت ئالماقچىمەن.

يۈرىكىمدىكى بايىقى ئېچىشىش يەنە قوزغالدى. دەماللىققا ھېچنەرسە دېيەلمىدىم، «يول بولسۇن» دېگەن سۆزنى ئېيتىش ناھايىتى ئاسان ئىدى. كىشىلەر ئۇ سۆزنى تەنە-قېيداش مەنىسىدىمۇ، كۆيۈنۈش، سەمىمىي ئۇزىتىش مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىدىغۇ، بىراق شۇ تاپتا مەن ئۇ سۆزنى ئىشلەتسەم، ئايرىم ھالدا ھېچقايسىسىغا مەنسۇپ بولالمايتتى.

— مەن ماڭاي، — نەسىردىن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىك ئالدىغا بارغاندا سەل توختاپ قوشۇپ قويدى، — ئەته مېكتەپتىن بۇرۇن خوشلىشىشقا كېلىمەن.

ئاغزىمغا يەنە گەپ كەلمىدى. ئەمما ئاجايىپ بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭ چىرايىغا قاتتىق تىكىلدىم. شۇ تاپتا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ تازا يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى. يەنىلا ئۆزۈمنى تەستە بېسىۋېلىپ، ئاشۇ تىكىلىشىمدىن ئۇنىڭ كۆڭلۈمدىكى جىمىكى دەرد-پىغانلىرىم ۋە ئارزۇ-ھەۋەسلىرىمنى چۈشىنىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم. بىراق ئۇ يەنىلا بايىقى قايغۇلۇق چىرايىنى ئۆزگەرتمىگەن ھالدا:

— خەير، ئەمىسە، — دېدى-دە، بوسۇغىدىن ئاتلاپ كېتىپ قالدى.

ئۇنىڭ مۇنداق پەرۋاسىزلىقى كۆڭلۈمگە بەكمۇ ئېغىر تەگدى. ئىشىكنىمۇ ياپماي ئارقىمغا بۇرۇلدۇم-دە، ھۇجرامغا كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم، ياستۇقۇم يەنە بىر قېتىم ھەسرەت ياشلىرى بىلەن نەملەندى.

كەچكە يېقىن ئۆزۈمنى سەل بېسىۋالدىم. ئۇنىڭغا نېمىدەپ ئەيىب قويالايمەن؟ كۆڭلۈمنى ئىزدەپ كەپتۇ، تەسەللى بەردى، مەنچۇ؟ گويا ھەممىگە شۇ ئەيىبكاردەك دومسىيىپلا تۇردۇم. تېخى كۆڭلۈمدە ھەسەت قىلدىم. ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟ ...

ئاخىر، ئۇنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم، ئالدىراش-تېنەش سوۋغا تەييارلىدىم، ھەتتا ناھىيىگە بىللە بېرىپ، تاكى ماشىنىغا چىققۇچە ھەمراھ بولماقچى بولدۇم. بىراق نەسىردىن ئەتىسى ئۆزى ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلمىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆيدىن نېرى بولمىدىم. تىرىق قىلغان ئاۋاز ئاڭلانسا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم. نەچچە قېتىم دەرۋازا ئالدىدا ئۇيان-بۇيان ئايلىنىپ يۈردۈم، ئەمما كەچكىچە ئۇنىڭدىن دېرەك بولمىدى. «يە بېلەت ئالالماي كېچىكتىمىكىن؟» دېگەن سوئال نەچچە قېتىم خىيالىمغا كىرىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى قوشنا كەنتتە ئىدى. شۇڭا ئەھۋالىنى بىلەلمەي تولىمۇ تىت-تىت بولدۇم، ئائىلىسىگە بېرىپ ئۇقۇشۇپ كەلگۈم كەلدى. بىراق، مەن قىز بالا-دە، يەنە كېلىپ بويىنۇم قاتتىقراق قىز ئىدىم.

ئەتىسىمۇ ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. كەچكە يېقىن ھويلىدا ئولتۇرسام، قوشنىمىزنىڭ ئۆيى ئالدىدا بولۇۋاتقان پاراڭ قۇلىقىمغا كىردى:

— بىزنىڭ ئوغۇلغا بۈگۈن ئۈرۈمچىدىن خەت كەلدى، دوختۇرلۇقتا ئوقۇيدىغان بوپتۇ.

— مۇبارەك بولسۇن ئايىسخان، بىزنىڭ يۇرتتىنمۇ بىر دوختۇر چىققۇدەك.

— شاپتۇللۇق كەنتىدىكى ئەمەتاخۇننىڭ نەسىردىن ئىسىملىك بالىسى بېيجىڭ دېگەن شەھەردە ئوقۇيدىكەن، تازا ئامەتلىك كەپتۇ ئۇ بالىنىڭ، ئەتىگەن سىڭلىمنى قەشقەرگە يولغا سېلىشقا بېكەتكە بېرىۋىدىم، شۇ يەردە كۆردۈم. ئۇ بالا مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن ئانىسى بىچارە يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى.

— ئانا بولغان ئادەم چىدىمايدۇ-دە.

— مەرەمخان، سىلىنىڭ گۈلنىساغا تېخى خەت كەلمىدىمۇ؟

يۇرىكىم ئامبۇردا قىسىپ تارتقاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئانامنىڭ نېمىدەپ جاۋاب
بەرگىنىنىمۇ ئاڭلىمىدىم. ئىختىيارسىز ئورنۇمدا تۇرۇپ ئۆيىمىزنىڭ ئارقا تەرىپى بىـ
لەن ئېتىزلىققا چىقتىم-دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ توختـ
دىم. نەسىردىننىڭ خوشلاشماي كەتكەنلىكى باشتا خۇددى يارىغا تۇز سەپكەندەك يامان
بەك ئازابلىغانىدى. ئەمما شەپەق نۇرىدا سۇس يالتىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ ئولـ
تۇرغىنىمچە ئاستا-ئاستا بېسىقىمغا چۈشتۈم. نېمىگە ئازابلىناتتىم؟ مەن ئۇنىڭ نېمىـ
سى ئىدىم شۇنچە قىلىپ كەتكىلى؟ ياخشى كۆرگەن بولسا، كۆرگەندۇ؟ ئەمما ئەمدى ئۇ
بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندە شۇ يەردە ئىشـ
لەمدۇ، ئۇرۇمچىدە قالامدۇ، كىم بىلىدۇ؟ مەن دېگەن سەھرا قىزى. ئەمدى ئوتتۇرىـ
مىزدا ئاسمان-زېمىن پەرق پەيدا بولدى. ئۆز هالىمغا بېقىپ هال تارتاي. بىراق
ياخشى كۆرۈش، مۇهەببەت دېگەن شۇنچە ئوڭاي ئۇنتۇپ كەتكىلى بولىدىغان نەرسىمـ
ىدۇ؟ ئەمىسە، شۇ تاپتا نېمىشقا مېنىڭ يۈرىكىم ئاغرىيدۇ، كۆز ياشلىرىم توختىمايدۇ؟...
ئانامنىڭ يېنىمغا قاچان كەلگەنلىكىنى تۇيماي قاپتىمەن. ئۇ مېنى باغرىغا بېـ
سىپ، لېچەكىمنىڭ ئۇچىدا كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتى. ئاه، ئانا قۇچىقى، سەن نېمىدېـ
گەن ئىللىق، نېمىدېگەن مېهرىبان! مەن شۇ تاپتا پۈتۈن قايغۇ-هەسرەتلىرىمگە پە-
قەت سېنىدىنلا تەسەللى تاپتىم.
ئەمما كېچىسى يالغۇز قالغان چېغىمدا يەنە قايغۇ هەسرەت ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ
قالدىم. تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇممىدۇم. ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولغىنىمدا بېشىم
قېيىپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم، ئاغرىپ قاپتىمەن! كۈنبويى كې-
لىمدىن تۈزۈكرەك بىر نەرسە ئۆتمىدى. ئاتا-ئانام بېشىمدا پەرۋانە بولۇپ كېتىشتى،
بىراق ئۇلار دەردىمنىڭ پەقەت يېرىمىنىلا بىلىشەتتى.
— ئۇنچە قايغۇرۇپ كەتمە بالام، چوڭ مەكتەپتە ئوقۇلمىغان بولساڭمۇ خان
قىزلىرىدەك كۆرىمىز سېنى!— دەيتتى بىچارە ئانام ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ يېقىملىق
سۆزلەرنى تېپىپ سۆزلەپ.
هەي جېنىم ئانا، سەن شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر مېنى هېلىتىنىلا
ئەڭ قەدىرسىز ئوت-خەس قاتارىغا چىقىرىۋەتتى. بۇنى ساڭا قانداق چۈشەندۈرسەم
بولار؟...
دادام قاپىقىنى تۈرگەن پېتى ئېغىر-ئېغىر خورسىناتتى. گەپ قىلمايتتىيۇ، ئەم-
ما مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چەكسىز هەمدەردلىك مەنىسىنى چۈشىنەتتىم.
شۇ ياتقىنىمچە ئىككى هەپتىدىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاڭلىسام، ئۇرۇمچىـ
دىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشى ئاخىرلىشىپتۇ. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلىكىم
ئەمدى ئېنىق بولدى. شۇ ئىككى هەپتە ۋاقىتنى پۈتۈنلەي خىيال بىلەن ئۆتكۈزدۈم.
ئادەمدىكى ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ئىقتىدارى ئەڭ زور مەنىۋى كۈچ ئىكەن.
ئەگەر مەندە شۇنداق بىر كۈچ بولمىغىنىدا قايغۇ-هەسرەت ئوپقىنى مېنى ئاللىقاچان
غەرق قىلىۋەتكەن بولاتتى.

ئىنسانلىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ يۈكسەك ئىقتىدارغا ئىگە مەخلۇق دېيىشىدىكەن. ئەمما مەلۇم كونكرېت شارائىتتا ئۇ ئىنتايىن ئاجىز - ئىقتىدارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولۇدىكەن. ئۆزۈڭنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىڭ كۆز ئالدىڭدا ئايان تۇرغان ئەھۋالدىمۇ، يۈزۈڭگە سۈركەلگەن داغلارنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىشكە قۇربىڭ يەتمەيدىكەن. 11 يىللىق ئەجرىم نامەلۇم قولنىڭ بىرلا ھەرىكىتى بىلەن نۆلگە بارابەر قىلىۋېتىلدىغۇ، ئاخىر! بارلىق سۈرۈشتۈرۈشلەرمۇ نەتىجىسىز قېلىۋەردى. ئۇنىڭدىن ئارتۇق مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟ ئېھتىمال، نەچچە يىلدىن بۇيان مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغانلار مەنلا بولمىسام كېرەك. مەيلى، تەقدىرگە تەن بەردىم، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغانغا ئوت - خەسكە ئايلىنىپ كەتمەسمەن!

مۇھەببەت — ياخشى كۆرۈش دېگەنمۇ شۇنچىلىك بولسا، ئۇنىڭغىمۇ يول بولسۇن! ھېلىمۇ ياخشى ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ساختىپەزلىك ئۆز ۋاقتىدا ئاشكارىلاندى. كەلگۈسىدە، تېخىمۇ ئېغىر قىسمەتلەرگە گىرىپتار بولسام، ئۇنىڭ پۇشايمىنىنى سىغدۇرغۇدەك يۈرەك بارمىدى مەندە؟!...

كۆڭلۈم بوشاپ، روھىممۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئەمما يەنە بىر نەرسە — ماڭا سۈيىقەست قىلغۇچى ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىۋېلىش ئىستىكى يەنىلا پات - پات كۆڭلۈمگە غۇلغۇلا سېلىپ تۇراتتى. ئۇ سۈيىقەستچىنى ئۆمۈربويى ئەپۇ قىلغۇم يوق ئىدى، شۇڭا ئورنۇمدىن تۇرغانىمنىڭ ئۈچىنچى كۈنى مەكتىپىمگە يەنە باردىم، دەرۋازىدىن كىرىشىمگە مۇدىرىمىز بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ئۇچراشتى.

— كەلدىڭمۇ قىزىم؟ — ئوچۇق چىراي بىلەن سالاملاشتى مۇدىرىمىز. — سېنى ئاغرىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، بىر يوقلاپ كېلەي دەپ نەچچە قېتىم نىيەت قىلدىم. لېكىن قارىيالمىسەن، يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەلەكچىلىكىدە پەقەت ۋاقىت چىقىرالمىدىم. قانداق، ھازىر سەللىمازا ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟

مەن قىسقىلا جاۋاب بەردىم. مۇدىرىمىز يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ساڭا تەسەللىي بېرىش ماڭا ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، قىزىم. ئىشقىلىپ، ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما. بىلىشىمچە، ئۆز تەقدىر - قىممىتىڭنى ساقلاشنى بىلىدىغان مەغرۇر قىز ئىدىڭ، ھېلىمۇ شۇنداق بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىنسان بالىسىنىڭ بېشىغا نى - نى ئېغىر كۈنلەر كېلىدۇ، پەقەت ئۇنى يېڭەلىگەن ئادەملا باتۇر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ گەپنى ئوچۇق ئېيتمىغىنى بىلەن مېنىڭ دەۋا - دەستۇرۇمدىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

— سەن تېخى ئەمدىلا 17 - 18 ياشقا كىردىڭ، — دېدى ئۇ گېپىنى ئۇلاپ، — كېلەر يىلى يەنە ئىمتىھان بەرسەڭ بولىدۇ، — ئاندىن ئۇ گويا «سىز نېمە دەيسىز؟» دېگەندەك يېزا باشلىقىغا قاراردى.

يېزا باشلىقىنىڭ ئىسمى ئايۇپ بولۇپ، بۇ يىل 3 - ئايدا يېزىمىزغا كەلگەنىدى. يېزىمىزنىڭ يەرلىرىنىڭ يېرىمى قۇملۇق بولۇپ، سۇ قىسراق ئىدى. ئايۇپ ئاكا تونۇجى بولۇپ، ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى تۇتتى. ئۇ يەردىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە بو-

رونمۇ سولىياۋ يوپۇق ياتقۇزۇلغان، ئەمما تىتىلىپ، يىرتىلىپ دېگەندەك تازا ئۈنۈم بەرمىگەنىدى. ئايۇپ ئاكا ئالدى بىلەن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى يېرىم مېتىردەك قازدۇردى، ئاندىن سولىياۋ يوپۇق ياتقۇزۇپ، ئۈستىدىن 40 سانتىمېتىر توپا تۆكتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت چىم ياتقۇزۇلدى. بۇ ئىش ئەلۋەتتە كۆپرەك ئەمگەك تەلەپ قىلىدىكەن، ئەمما ئىشلىنىپ بولۇنغان جايلاردىكى دېھقانلار ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى تېزلا كۆرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن يېزىمىزدا بۇ ياش باشلىقنىڭ داڭقى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ئۇ مەكتىپىمىزگىمۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم كەلگەن، سىنىپلارغا كىرىپ دەرس ئاڭلىغان، ھەتتا بىر قېتىم مەن بىلەن ئايرىم سۆھبەتمۇ ئۆتكۈزگەنىدى. بەزىدە ئۇچرىشىپ قالساق ئالاھىدە توختاپ، سالاملىشىپ ئۇنى - بۇنى سورايتتى. ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقان چېغىدا ناھايىتى ئوچۇق - يورۇق، قىزغىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. لېكىن ئۇ ھازىر ماڭا نېمىشقىدۇ بىر نەرسىدىن خاپا بولغاندەك كۆرۈندى. يە ئۇمۇ مېنىڭ بەختسىزلىكىمگە ئېچىنىۋاتقانمىكىن؟

— سىڭلىم ئەھۋالىڭىزدىن مەنمۇ خەۋەر تاپتىم، — دېدى ئۇ مۇدىرنىڭ ئۆزىگە مەنىلىك قارىغانلىقىنى كۆرۈپ، — ئەلۋەتتە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسىڭىز ناھايىتى ياخشى بولغان بولاتتى. بىراق پەقەت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىلا ئىستىقبالغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قاراشمۇ توغرا ئەمەس. ئىستىقبال يولى ناھايىتى كۆپ. ھازىر يېزىمىز سىزگە ئوخشاش بىلىملىك ياشلارغا تېخىمۇ موھتاج، بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا نەتىجە ياراتقىلى، شان - شەرەپ قازانغىلى بولىدۇ، — ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى ئېچىلىپ، بۇرۇنقى خۇش خۇي ھالىتىگە قايتتى، — بايا بىز سىدىق ئاكا بىلەن مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە سۆزلەشتۇق. بۇ يىل تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 50 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئائىلىسىگە قايتىپتۇ. بىز ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشىمىز. سىزمۇ ئويلىنىپ كۆرۈڭ، قايسى ئىشنى خالىسىڭىز شۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامال قىلايلى.

مەن بۇ توغرىدا زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدىم. شۇڭا:

— رەھمەت، ئويلىنىپ كۆرەي، — دېيىش بىلەنلا كۇپايىلەندىم.

ئۇلارنىڭ ئالدىراش ئىشلىرى بار، يەنە تۇتۇۋېرىشكە بولمايتتى. ئەمما بۇ يەرگە كېلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتىم توغرىسىدا تېخى گەپ بولۇنمىدى.

— مۇدىر، مېنى «ئىمتىھاندا كۆچۈردى» دەپ مەلۇمات بەرگۈچىنىڭ كىملىكىنى بەكمۇ بىلگۈم بارىدى. بۈگۈنمۇ بۇ يەرگە شۇ ئىش ئۈچۈن كېلىۋىدىم.

— ھازىرچە بۇ ھەقتە ساڭا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن، قىزىم، — دېدى مۇدىر پەرىشان ھالدا، — ئارخىپىڭ تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئىدارە باشلىقى ئېنىقلاشقا ۋەدە بەردى. ئەمما، راستىنى ئېيتسام، بۇ ئىشتىنمۇ ئېنىق بىر نەتىجە چىقىشقا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— [illegible] نېمىشقا؟ ئارخىپىمنىڭ ئىچىدە مېنىڭ «كۆچۈرمىكەشلىكىم» توغرىسىدا [illegible]

ئىسپات بارمۇ؟ پۈچۈركىنى تەكشۈرسە، بىلگىلى بولىدىغۇ!؟
— ھەي قىزىم، ساڭا زىيادىكەشلىك قىلغۇچى ئۆزىنىڭ پاش بولۇپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتمايدۇ دەمسەن؟ پۈچۈركا دېگەننى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغۇ. پاكىت بولمىسا، بىر كىمگە قارىسىغا ئۇسكىلى بولمايدۇ - دە.

لېۋىمنى چىشلىدىم. رەزىل ئادەملەر نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! يىرتقۇچ ھايۋانلار چېغىدا رەقىبىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇزلۇق تەبىئىتىنى قىلچە يوشۇرمايدىكەن، مۆكۈپ تۇرۇپ پىچاق ئۇرۇش، قاتىللىق قىلىپ بولۇپ ھازا ئېچىش — قەھرۇ - غەزەپ بىلەن ئۈچەي - باغرىڭنى سۇغۇرۇۋالغانغا قارىغاندا نەقەدەر پەسكەشلىك - ھە!

2

مۇددىرىمىز توغرا ئېيتقانىكەن. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، مەلۇمات بەرگۈچىنىڭ كىملىكى ئېنىقلانمىدى. ئاڭلىشىمچە، ئارخىپنىڭ ئىچىدىن «كۆچۈرگەنلىكىم» توغرىسىدا ئىسپات خېتى چىقىپتۇ. مائارىپ ئىدارىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىمتىھان نازارەتچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان كىشىلەر بىلەن ئالاقىلاشقانىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. مەخپىي ھالدا پۈچۈركا سېلىشتۇرۇشتىنمۇ بىرەر نەتىجە چىقماپتۇ.

— ئەگەر كۆڭلىڭىز ۋاقىتلىق بولسىمۇ خىزمەت قىلىشنى خالىسا، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئىش ئورنى تېپىپ بېرىشكە يول ماڭايلى، — دەپتۇ مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر مېنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىمغا ئىشەنگەندىن كېيىن.

خىزمەتكە ئورۇنلىشىش — بۇ ئەلۋەتتە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە خەۋەر ئىدى. بىراق، مەن داۋاملىق ئوقۇشنى، كۆپرەك بىلىم ئىگىلەشنى ئارزۇ قىلاتتىم. خوش، خىزمەت قىلغانمۇ بولاي، ئۇ ھالدا ماڭا تېگىدىغىنى قانچىلىك خىزمەت بولار؟ ئازغىنە مائاشنى دەپ ئۆمرۈمنى ئوخشاشلا بىرەر ئۇستەل ياكى پوكەي ئالدىدا ئۆتكۈزۈشنى تاللىۋالسام، ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئالدىدا قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ ھازىرقى يېزا تۇرمۇشى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنچىلىك ئىش ھەققىنى بۇ يەردىنمۇ تاپالمايمەنمۇ؟! يەنە تېخى بۇ يەردە ئاتا - ئانام بار، يېتىپ - قوپۇش، يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايمەن. دەرسلەرنى تەكرارلىشىمغىمۇ قولايلىق. ياق، ئوڭاي ئېرىشىدىغان خىزمەتكە ھازىرچە مەيلىم يوق.

مەكتەپكىمۇ، مائارىپ ئىدارىسىگىمۇ قايتا بارمىدىم. ئۇلارمۇ سۈرۈشتۈرۈپ، زورلاپ كەتمىدى. ساۋاقداشلىرىم ۋە قولۇم - قوشنىلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانىكەن، بەزىلىرى ياخشى ئويلاپسەن دېدى، بەزىلىرى مېنى ئەخمەققە چىقاردى. قۇلىقىمنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردىم.

جېمەتىمىز نەچچە ئەۋلادتىن بېرى دېھقانچىلىقنى ئاساس، خالۋاپ① لىقىنى

① خاۋاپ — كىلەم توقۇغۇچىلار يەرلىك تىلدا «خاۋاپ» دېيىشىدۇ.

قوشۇمچە قىلىپ كەلگەنىكەن. بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ قىش پەسلىدە ۋە ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى ئالدىراش بولمىغان چاغلاردا گىلەم توقۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەنمۇ بۇ ھۈنەرنى بالىلىق ۋاقتىمدىلا ئۆگەنگەنىدىم. بىراق كىشىلەر: «خالۋاپ باي بولمايدۇ، پايدىنى ئېلىپ-ساتارلار ئالىدۇ» دېيىشىدىكەن. دېمىسىمۇ، ئوتتۇراھال بىر پارچە گىلەمنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ ئادەم بىر ئاي چامىسىدا دەستىگاھ ئالدىدا كۈن بويى ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بىراق ئۇلارغا قالىدىغىنى تايىنلىقلا پۇل، بەزىدە ھەتتا كۈنىگە نەچچە موچەندىن توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشقا زادى قىزىقمايتتىم. ھەتتا ئاتا-ئانامغىمۇ بىر نەچچە قېتىم مۇنداق بىھۇدە كۈچ سەرپ قىلغاندىن ئارام ئالغىنىڭلار تۈزۈك ئەمەسمۇ، دەپ بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلغانىمەن. ھازىر يەرلەر ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەچكە، دېھقانلارنىڭ بوش ۋاقىتلىرى كۆپ بولدى. بەزىلەر تىجارەت بىلەن، بەزىلەر ھەرخىل ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتى. داداممۇ تاشلاپ قويۇلغىنىغا خېلى يىللار بولغان دۇكاننى رېمونت قىلىپ، كونا كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغانىدى. بۇ يىلمۇ كۈزگى بۇغداي تېرىش ئاخىرلىشىپ، شال خامىنى يىغىشتۇرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن دادام دۇكانغا ئۆرۈش① تارتاتتى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن مەنمۇ قوۋمغا قايچا بىلەن پەنجىنى ئېلىپ ئۈن-تىنسىز دادامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— قىزىم، سەن... — دادام ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى، چىرايىدىن ھەيرانلىق ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى.

— سەن ئارام ئالغاچ كىتابىڭنى ئوقۇساڭمىكىن، قىزىم، — دېدى ئاناممۇ سۆز قىستۇرۇپ.

ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى چۈشەندىم: بۇ ئىشنى ياقتۇرمايدىغىنىم ئۈچۈن مېنى ئاۋارە قىلماسلىقنى ئويلاشقان. ئاتا-ئانام دەستىگاھ ئالدىدا كۈن بويى مۈكچىيىپ ئولتۇرسا، مەن پۇت-قولۇمنى سوزۇپ كىتاب ئوقۇپ ياتالايمەنمۇ؟

— دادا، مەن سىلەرگە ھەمكارلىشاي...

دادام بىلەن ئانام بىر-بىرىگە قاراپ قويۇشتى، ئاندىن باشقا گەپ قىلماي «بىسمىللا» دەپ ئىشنى باشلىدى. مەنمۇ دەررۇ ئەگەشتىم.

شۇندىن باشلاپ ھەر كۈنى بەش-ئالتە سائەت گىلەم توقۇيدىغان بولدۇق. ئاپپاق شوينا ئۈستىگە ھەرخىل رەڭدىكى يۇڭ يىپلار قونۇۋەرگەنسېرى كۆز ئالدىمدا كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك بىرخىل گۈزەل مەنزىرە چوڭىيىپ باراتتى. دەسلەپكى كۈنلىرى بېلىم تېلىپ، ئالقىنىم قىزىرىپ ئاغرىغان، ھەتتا ئىككى قېتىم بارمىقىمنى كېسىپمۇ ئالغانىدىم، كېيىن ئاستا-ئاستا كۆنۈپ كەتتىم. دادام بىلەن ئانام بىر نەچچە قېتىم مېنى دەم ئېلىشقا دەۋەت قىلىشتى، لېكىن مەن رەت قىلدىم. ئۇلار ئىشلەۋاتسا، دەم ئېلىشقا يۈرىكىم قانداق چىدايدۇ؟

دادام بىلەن ئانام گويا بۇ ئىشنىڭ ھېچبىر جاپاسى يوقتەك بىر خىلدا تىۋىت چىڭىشتى، پەنجە ئۇرۇشنى، تىۋىت قىرقىشنى داۋام قىلاتتى، ھەتتا بەزىدە ئايرىم-

① ئۆرۈش — دۇكانغا ئۇزۇنسىغا تارتىلىدىغان پاختا يىپ (شوينا).

ئايرىم، بەزىدە ئىككىسى بىرلىشىپ پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشاتتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق چىداملىقلىقىنىمۇ، ئىجىل-ئىناقلىقىنىمۇ بەك مەسىلىكىم كېلەتتى؛ كۆڭلۈمدە ھېسابسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى جۇش ئۇراتتى. دادام بىر قېتىم مېنىمۇ ناخشا ئېيتىشقا قىستاپ تۇرۇۋالدى.

— ناخشا دېگەن كۆڭۈل ئوزۇقى، قىزىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنى ئېيتساڭمۇ، ئاڭلىساڭمۇ كۆڭلۈڭ كۆتۈرۈلىدۇ، جاپا-مۇشەققەت، غەم-غۇسسىلەرنى ئۇنتۇيسەن، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلىنمەيدۇ.

ئانامۇ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالدى.

ئۇلارنىڭ كۆڭلى ماڭا ئايان بولدى: ئۆزلىرىنىڭ شەخسەن غەم-غۇسسىلىرى يوق ئىدى. جاپا-مۇشەققەت دېگەننى ئېغىزلىرىغىمۇ ئېلىشمايتتى. ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بولسا، ھېچقاچان ھېسابلاپ ئولتۇرغان ئەمەس. دېمەك، ئەسلىدە ئۇ ناخشىلار مەن ئۈچۈنلا ئېيتىلغان ئىكەن-دە. ئاتا-ئانىنىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن سەزگۈر، ئۇلار نېمىدېگەن مېھرىبان-ھە! «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەن ماقال زەپ توغرا ئېيتىلغانىكەن. مەن بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن قاتتىق ئازابلىنىپ كۆز يېشى قىلغان چاغلىرىمدا تەسەللى بەرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار بۇ ھەقتە ئارتۇقچە سۆز قىلمىغان، كېيىنرەك ھەتتا تامام ئۇنتۇپ كېتىشكەندەك بولۇشقانىدى. ئىچىمدە: «بۇلار دېگەن پۈتۈن ئۆمرىنى سەھرادا دېھقانچىلىق قىلىش بىلەنلا ئۆتكۈزگەن مۇتەئەسسىپ ئادەملەر، ئۇلار ئىلىم-پەن دېگەننىڭ قەدرىنى بىلەمتى؟ ئۇلار ئۈچۈن مېنىڭ ھەمىشە ئۆز يېنىدا بولۇشۇملا ھەممىدىن ئەۋزەل» دەپ رەنجىگەنىدىم. خاتالاشقان ئىكەنمەن ئۇلار ھەممىنى بىلىپ، چۈشىنىپ يۈرۈشكەنىكەن. يەنە تېخى مېنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىمنى قانداق ئۇنتۇلدۇرۇش ھەققىدىمۇ ئويلاشقانىكەن. بىر ناخشىدا: «ئاتا دېسەم ئايلىنار باشىم، ئانا دېسەم ئاقىدۇ ياشىم» دېگەن مىسرالار بار. بۇ ناخشىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ۋىسالىغا ئىنتىزار بولغان بالىلار توقۇغان بولسا كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ ئاتا-ئانىنىڭ قەدىر-قىممىتىگە ھەقىقىي يەتكەنلىكنىڭ ئىپادىسى ئىكەن. لېكىن بارچە بالىلار شۇنداق ئويلامدىغاندۇ؟ مەن بولسام، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن چاغلىرىمدا ئۇلاردىن بىر نەچچە يىل ئايرىلىپ قالسام، ئۇلارنىڭ قانداق ئازابلىنىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باققان ئەمەسمەن. دۇرۇس، ئاتا-ئانا بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشىغىلى بولمايدۇ، بەرىبىر ئايرىم تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان گەپ. لېكىن بىز بالىلار ئاشۇ «ئايرىلىپ ياشاش» مەسىلىسىدە ئاتا-ئانىلار چېكىدىغان ئازابنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى تولۇق ئويلاپ كۆردۇقمۇ زادى؟

ھېلىقى «ئاتا دېسەم...» دەپ باشلىنىدىغان ناخشىنى قانداق باشلىۋەتكىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن. ناخشا ئاياغلاشقاندا ھەر ئىككىسى تەڭلا:

— رەھمەت قىزىم! — دېيىشتى.

بۇرۇلۇپ قارىسام، ھەر ئىككىلىسى ئاللىقاچان ئىشتىن توختاپ، قوللىرىدا ئەسۋابلىرىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قېلىشقانىكەن. ئانامنىڭ مەڭزىدىن ياش تامچىلىرى دومىلاپ

www.uyghurkitap.com

چۈشۈۋېتىپتۇ، دادامنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ نەملىشىپتۇ. مېنىڭ ئەخمەقلىقىمنى قارىما-دىغان، ئۇلار ئەسلىدە كۆڭۈل كۆتۈرۈش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىشىمنى تەلەپ قىلىشقانىدى، بىراق مەن كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ناخشىنى تاللاپتىمەن.

كۈچلۈك هاياجانلانغان چاغلاردا ئوڭايلىقچە ئېغىزغا گەپ كەلمەي قالىدىكەن. هەر ئۈچىمىزلا بىر - بىرىمىزگە سۈكۈت ئىچىدە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتۇق. ئەمما كۆز-لىرىمىز كۆڭلىمىزنى ئەينەكتەك روشەن كۆرسەتتى...

توۋا دەيمەن، ئادەم هاياتىدا دۇچ كېلىدىغان قىسمەتلەرنى هەرگىز ئالدىن مۆل-چەرلىگىلى بولمايدىكەن. تېخى بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت ئاي ئىلگىرى ئۆزۈمنى ئالىي مەك-تەپ ئوقۇغۇچىسى ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم، بىراق، مانا ئەمدى ئەجدادلىرىمنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ خالۋاپ بولۇپ قالدىم. ئالدىمدا مېنى يەنە قانداق قىسمەت-لەر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ بۇنىڭغا هازىرچە بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

## ئايۇپنىڭ هېكايىسى

1

ئايۇپ ئىمتىهان كۈنلىرىدە قارا تاشتا يوق ئىدى. ئۇ ۋىلايەت ئۇيۇشتۇرغان ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە قوشنا ۋىلايەتلەردە بولۇپ، ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا گۈلنىسانىڭ ئىمتىهاندا تۆۋەن نومۇر ئالغانلىقى مەلۇم بولغانىدى. بۇ خەۋەر ئايۇپنى ئىنتايىن خۇشاللىققا چۆمدۈردى.

«خۇددى خۇدا مېنىڭ ئاهۇ - پىغانلىرىمغا ئىچ ئاغرىتقاندەك ئىش بوپتۇ، — دې-دى ئۇ يالغۇز كىشىلىك ياتىقىدىكى كارۋىتىدا تورۇسقا قاراپ ياتقىنىچە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ، — مانا ئەمدى ئۇنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىدىغان بولدۇم. هەر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىمەن، كۆڭلۈمنى ئىزهار قىلىمەن. ئۇمۇ مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلماس، ئۇ-نىڭ كۆڭلىگە ياقمىغۇدەك بىرەر ئەيىبىم يوققۇ مېنىڭ. شۇنداق، ئۇ چوقۇم ماڭا مەن-سۇپ بولىدۇ!...»

ئايۇپنىڭ گۈلنىساغا بولغان مۇهەببىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، سېغىنىش ئوتلىرى تېخىمۇ لاۋۇلداشقا باشلىدى. بىراق ئۇ كۈنلەردە گۈلنىسانىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاق-داشلىرى، هەتتا يېزىلىق هۆكۈمەتتىكى ئۇنى تونۇيدىغان كادىرلارمۇ «بۇ قىزغا ئۇۋال بولدى» دەپ ئىچ ئاغرىتىشاتتى. شۇ خىلدىكى غۇلغۇلىلارغا دۇچ كەلگەندە، ئايۇپمۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ قوياتتى. ئۇ هەتتا گۈلنىسا بىلەن شەخسەن كۆرۈشۈپ كۆڭلىگە يارىشا بىر نەچچە ئېغىز تەسەللى بېرىشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن قېرىشقاندەك يېزا بازىرىدىمۇ، مەكتەپتىمۇ ئۇنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇنىڭ مەهەللىسىگە بېرىشقا پۇرسەت چىقمىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئايۇپ كۈندە دېگۈدەك گۈلنىسانى ئوي-لايتتى. ئەمما نېمىشقىدۇ ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئاخىر بىر كۈنى غەيرەت قىلىپ، گۈلنىسانىڭ كەنتىگە باردى - دە، كەنت باشلىقىغا ئۆزىنى

ساۋۇت ئاكىنىڭ ئائىلىسىگە باشلاپ بېرىشىنى ئېيتتى.

— ئۇ كىشىنىڭ قىزىغا ئۇۋال بولدى، ئەھۋال سوراپ قوياي دەيمەن، — دېدى ئۇ كەنت باشلىقىنى باشقا خىياللاردا بولۇپ يۈرمىسۇن دەپ.

ئۇلار ساۋۇت ئاكىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە، گۈلنىسا ئاتا-ئانىسى بىلەن ئىچكەركى ئۆيدە گىلەم توقۇۋاتاتتى. ساۋۇت ئاكا ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، دەرھال ھويلىغا چىقتى.

— خۇش كېلىپلا شائىجاڭ، قېنى، ئىچكىرىگە كىرەيلى.

— ھوي، ئەزىز مېھمان كەپتىغۇ! — گۈلنىسانىڭ ئانىسىمۇ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىكىنى قاقتى، — قىزىم، سەنمۇ ئىشىكنى يىغىشتۇر، ئوبدانراق كۈتۈۋالايلى، كۈندە كېلىدىغان مېھمان ئەمەس ئۇ.

گۈلنىسا ئايۇپنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا سەل غەيرىيلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئالدىغا چىقىپ سالاملاشتى ۋە ئانىسى بىلەن بىللە داستىخان راسلاشقا تۇتۇندى.

مېھمانلار ئۆي ئىگىسى بىلەن پاراڭغا چۈشتى. ئاۋۋال ئېتىز-ئېرىق، ئاب-ھاۋا توغرىسىدا گەپ بولۇندى. كېيىن پاراڭنىڭ تېمىسى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىگە كۆچۈپ، بىردىنلا گىلەم توقۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئايۇپ بۇ ئائىلىنىڭ ئاتا مىراس گىلەمچىلەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئالاھىدە قىزىقتى.

— مېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىممۇ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىكەن، — دېدى ئۇ بىر خىل ئىپتىخارلىق تەلەپپۇزدا، — شۇڭا «خالۋاپ» دېگەن نام جەمەتىمىزنىڭ لەقىمى بولۇپ قاپتىكەن. ھازىر ئائىلىمىز مەخسۇس گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلە بولۇپ قالدى. بۇ كەنتتە شۇنداق ئائىلىلەرمۇ بارمۇ؟

— يوق، — جاۋاپ بەردى كەنت باشلىقى، — دېھقانلىرىمىز ھېلىقى يىللاردا بەكمۇ ئۇزۇلۇپ كەتكەن، تېخى ئەمدىلا قەد كۆتۈرۈۋاتىدۇ. قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كەڭرەك شۇغۇللىنىشتا دەسمايىدىن قىسىلىدۇ. ئاندىن خەلق ئىچىدە: «گىلەمچى باي بولالماس» دەيدىغان تەمسىل بار، شۇڭا دېھقانلىرىمىز بۇ ئىشنى ئاساسىي كەسىپ قىلىشنى خالىمايدۇ.

— بۇ گەپ راست، شائىجاڭ، — ساۋۇت ئاكا لوقما سالدى، — كەنتىمىزدە گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئون نەچچە ئائىلە بار، لېكىن مۇشۇ كەسىپ بىلەن باي بولالىغىنىدىن بىرسىمۇ يوق. قىش كۈنلىرى نەچچە ئايلاپ ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۋەتكۈمىز كەلمەيدىكەن. شۇڭا ئۆينىڭ ئۇششاق-چۈششەك خەرجى-خىراجىتىگە يارىسىمۇ ھېساب دەپ ئىش توقۇپ① كېلىۋاتىمىز.

— گەپ يالغۇز گىلەمچىلىكتىلا ئەمەس، دېھقانلار تارىختىن بېرى جىمىكى ئىشلىرىدا! جاپانى كۆپ چېكىپ، راھەتنى ئاز كۆرگەن. ھازىر زامان ئۆزگەردى، سىياسەت كەڭ يول ئېچىپ بەردى. بىز يېزىمىزدىكى دېھقانلارنى باي بولۇشنىڭ تېخىمۇ پايدى-

① ئىش توقۇش — خوتەندىكى خالۋاپلار گىلەم توقۇشنى «ئىش توقۇش» دەپ ئاتايدۇ.

لىق يوللىرىغا باشلايمىز. مەسىلەن، گىلەمچىلىكنى ئالساق، دەسمايە جەھەتتىن قىسىلغاندا، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى يار-يۆلەكتە بولىدۇ. خام ئەشيا جەھەتتىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەل قىلىش مۇمكىن.

— بۇ خېلى جىنى بار گەپ بولدى، — دېدى ساۋۇت ئاكا ئويلانغان ھالدا.

بۇ چاغدا گۈلنىسا يان ئۆيدە خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. ئايۇپنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغىمۇ ئورۇنلۇق تۇيۇلدى. «ئەمما ھەر قانداق ئىشنى ئېيتماق ئوڭاي، — دەپ ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلدى ئۇ، — ئەمەلگە ئاشۇرماق قىيىن. ھېچقاچان ئويلىمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر دېھقانچىلىقنى تاشلاپ، قەرز ئېلىش ھېسابىغا تەۋەككۇل قىلساق ...»

— مۇشۇ گىلەم توقۇش ھەققىدە دادام بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بەرگەن، خالىساڭلار سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئايۇپ.

خالىسامدىغان، دېھقانلار باشلىقىنىڭ خاھىشىنى رەت قىلىشقا پېتىنالايتتىمۇ؟! ئىككى سۆھبەتداش ئاڭلاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلدۈرۈشتى. گۈلنىسامۇ چۆچەك-رىۋايەتلەرنى ئاڭلاشقا بەك خۇشتار ئىدى. شۇڭا ئىشىكنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ، خېمىرنى پەلتە قىلغاچ قولىقىنى دىڭ قىلدى.

2

— بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى ئايۇپ، — ئاتا-بوۋىلىرىمىز تېخى كۈن، ئاي قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنىدىغان چاغلاردا مۇشۇ يۇرتىمىزدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەقىللىق، باتۇر ۋە ئادىل كىشى ئىكەن. شۇڭا پۇقرالىرىمۇ شاھنى يەك دىللىق بىلەن ھىمايە قىلىدىكەن. قوشنا ئەللەرنىڭ شاھلىرى ئۇ يەرنى بېسىۋېلىشنى دائىم ئويلاشسىمۇ، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇنۇشلىرىدا بۇرنىغا يېگەچكە، يەنە تەۋەككۇل قىلىشقا پېتىنالمايدىكەن.

پادىشاھ شىكارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئوۋغا چىقىپتۇ. بىر نەچچە كېيىك، جەرەن ئوۋلاپ قايتىپ كېلىۋاتسا، ئالدىدىن بىر ياش كېيىك چىقىپ قاپتۇ. ئۇ شاھقا شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتىپتۇكى، مەھلىيا بولغىنىدىن بىر پەسكە ئوق ئۈزۈشنى ئۇنتۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىكمۇ خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك، قېچىشقا ھەرىكەت قىلماي، چىرايلىق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇنى تىرىك تۇتقۇسى كەپتۇ-دە، مۇلازىملىرىغا ئوق چىقارماسلىقنى تاپىلاپ، كېيىككە قاراپ ئات سېپتۇ. يېتىپ بېرىشقا بىر نەچچە قەدەم قالغاندا كېيىك شارتتىلا بۇرۇلۇپ، قۇيۇندەك تېز يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. شاھمۇ توختىماي قوغلاپتۇ. قېچىش بىلەن ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئاتلار قارا تەرگە چۆمۈلۈپتۇ. لېكىن پادىشاھ كېيىكنى كۆزدىن يوقاتماي قوغلاۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ئالدىدا ئانچە چوڭ بولمىغان بىر دەرەخزارلىق كۆرۈنۈپتۇ. كېيىك شۇ يەرگە بارغاندا كۆزدىن يوقىلىپتۇ. پادىشاھ يېتىپ بېرىپ قارىسا، بۇ يەر خېلى كەڭرى بوستانلىق بولۇپ، ھەر خىل زىرائەتلەر تېرىلغان، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىۋات-

قان، دەرەخلەردە قۇشلار سايرىشىۋاتقان بىر جاي ئىكەن، ئۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن تار بىر ئېقىن سۇ ئاقىدىكەن، بوستانلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تاملىرى ۋادەك ۋە يول-غۇن شاخلىرى بىلەن ياسالغان بىر نەچچە ئېغىزلىق ئۆي بار ئىكەن. پادىشاھنى چاچ - ساقاللىرى ئۇششىدەك ئاقارغان، ئەمما قەددى - قامىتى راۋرۇس بوۋاي، موماي، پالۋان سۈپەتلىك ئۈچ يىگىت، كېلىشكەن ئۈچ جۇۋان، بويىغا يەتكەن بىر قىز ۋە بىر نەچچە ئۇششاق بالىلار هويلا ئالدىدا كۈتۈۋاپتۇ. تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش: بايىقى كېيىك بويىغا يەتكەن قىزنىڭ يېنىدا تۇرغۇدەك، قىز ئۇنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقۇدەك. ساھىبخانىلار بىلەن مېھمانلار سالاملاشقاندىن كېيىن، بوۋاي مېھمانلارنى كەڭرى ساراي ئۆيىگە باشلاپتۇ. پادىشاھ ئۆيگە كىرىپلا يەنە بىر يېڭىلىقنى كۆرۈپتۇ: يەرگىمۇ، تام بويلىتىپ قويۇلغان كات ئۇستىگىمۇ ھەرخىل رەڭدە يول - يول سىزىقلار چىقىرىلغان، ئوتتۇرىسى ۋە كانارىسىغا گۈل ۋە قۇشلارنىڭ سۈرىتى چېكىلگەن، ئىككى چۆرىسىدە چۇچىلار ساڭگىلىتىپ تۇرغان بىر خىل نەرسە يېيىلغانىكەن. ئۇدۇل تامغا، ئېسىپ قويۇل-غان چوڭراق بىرسىگە كېيىكنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىكەن. شاھ باشتا ئۇنى گۈللۈك كىگىزلەرمىكىن دەپ ئويلاپتۇ، لېكىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ سىپتا ۋە پاختا يىپىدىن توقۇل-غانلىقىنى كۆرۈپ يۇقىرىقى ئويىدىن ۋاز كېچىپتۇ. ماتامىكىن دەي دېسە، يەنە ئوخشىما-غۇدەك، ئۇنىڭ ئوردىسىدا يىپەكتىن ئىشلەنگەن تاۋار - دۇردۇن، ئەتلەس - شايىلار، يۇڭ-دىن توقۇلغان چەكمەن، پىشۇرۇلغان تەڭلىمات كىگىزلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ لېكىن پاختا يىپىدىن توقۇلغان مۇنداق چىرايلىق ۋە كەڭ ئىنلىق «ماتا» نى زادى كۆرۈپ باقمىغانىكەن.

ئۇ نەرسە شاھنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياراپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئۇ ئۆي ئىگىسىدىن سوراپتۇ.

— بۇنىڭ نامى گۈلەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

— گۈلەم؟ زادى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن، بۇنى كىم توقۇغان؟

— دەسلەپتە قىزىم توقۇغان، هازىر ھەممىمىز توقۇيمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھ تېخىمۇ قىزىقىپتۇ ۋە بوۋايدىن تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ.

— بىز ئەسلى بوزچىلار كەنتىدىن ئىدۇق، — دەپ گەپنى يىراقتىن باشلاپتۇ بوۋاي، — پۈتۈن ئۆمرىمىز ماتا توقۇش بىلەن ئۆتكەن. بۇنىدىن ئون يىل بۇرۇن كەنت ئاقساقىلى بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ، تۇغۇلغان يۇرتىمىزنى تاشلاپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشتۇق. يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىلدۇق، دەل - دەرەخ تىكىپ ئۆستەردۇق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونا كىگىزلىرىمىز تىتىلىپ تۈگەشتى، يېڭىنى ئېتەيلى دې-سەك، يۇڭدىن قىسىلدۇق. ئەتراپىمىزدا كېيىك، توشقان دېگەنلەر كۆپ بولغاچقا، مال-چارۋا قىلىشقا كۆڭۈلشمەپتىكەنمىز. شۇڭا كىگىز ئورنىغا ماتا ئىشلىتىدىغان بولدۇق. ئەمما ماتا بەك نېپىز ۋە ئىنى تار بولغاچقا تازا ئەپلەشمىدى. قىزىم گۈلەممۇ ئېسىنى تاپقاندىن بېرى ماتا توقۇشنى ئۆگەنگەن. بىر كۈنى ئۇ: «دۇكاننى كەڭرەك ياساپ،

يېپىنى تۇم ئېگىرىپ توقۇساق بولامدۇ؟» دەپ قالدى، ئويلاپ كۆرسەم، خېلى دۇرۇس گەپ ئىكەن، ماقۇل دېدىم، دۇكاننى ئۆزگەرتتۇق، يېپنى شوينىڭغا ئالماشتۇردۇق. توقۇپ كۆرۈۋىدۇق، بىر ئوبدان سېلىنچا پۈتتى. قىزىم ئانىسىدىن يەنە كەشتە بېسىشنىمۇ ئۆگەنگەن. بىر كۈنى قارىسام، ئۇ ئۆزىنىڭ دۇكىنىدا ئاقاق① قا رەڭلىك يىپلارنى قوشۇپ توقۇۋېتىپتۇ. ئۇ بالىلارنىڭ كىچىكى ھەم بىرلا قىزىمىز ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدۇق. نېمە قىلىمەن دېسە، ياق دېمەيتتۇق. ھېلىقى ئىشتىن قانداق نەرسە پۈتۈشىنى بىلمىسەممۇ، توسۇمىدىم. ئاخىرى كانارىسىغا قىزىل، كۆك، سېرىق رەڭلەردىن يول - يول سىزىقلار چىقىرىلغان، ئوتتۇرىسىغا گۈل ۋە قۇشلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن سېلىنچا پۈتتى. ئۇ بۇرۇنقىلىرىغا قارىغاندا كۆپ چىرايلىق ئىدى. ھەممىمىز خۇشال بولۇپ، قىزىمىزغا شاگىرت بولدۇق. ئۇ سېلىنچىنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىشنى توختاتمىدى. كېيىن يەنە ئىككى چېتىگە چۇچا چىقىرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، مانا ھازىر ھەربىرلىرى كۆرۈپ تۇرغان مۇشۇنداق سېلىنچىلار بارلىققا كەلدى. بىز ئۇنىڭغا قىزىمىزنىڭ نامىنى بېرىپ «گۈلەم» دەپ ئات قويدۇق.

— ئەقلىمۇ، قولىمۇ گۈل شۇ قىزلىرىنى كۆرۈشكە بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئۆي ئىگىسى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن.

بۇ چاغدا گۈلەم قىز يەڭگىلىرى بىلەن باشقا ئۆيدە غىزا تەييارلاۋاتقانىكەن، دادىسىنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئانىسى ئۇنى باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇ چاغلاردا قىز - چوكانلارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا يۈزىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرۈۋېرىدىكەن. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى بايا ئىشىك ئالدىدا ئۇنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوبدان سەپسېلىشماپتىكەن. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئوردىدىكى كېنىزەكلەردىن قېلىشمىغۇدەك گۈزەل قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈشۈپتۇ. مېھرىبان ئائىلە ۋە كەڭ تەبىئەت قوينىدا يايراپ ئۆسكەن گۈلەم ناھايىتى شوخ ۋە ئەركىن مەجەزلىك ئىكەن. بىراق ئۆمرىدە مۇنداق سۆلەتلىك ۋە كۆپ ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، سەل ھودۇقۇپ يەرگە قارىغان پېتى ئولتۇرۇپتۇ.

— قىزىم، ئاددىي ماتانى مۇنداق چىرايلىق گۈلەمگە ئۆزگەرتىشنى قانداق ئويلاپ تاپتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

بۇ چاغدا گۈلەم ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالغانىكەن. شۇڭا ھودۇقماي جاۋاپ بېرىپتۇ:

— تەڭرى ئەقىلنىمۇ خۇددى قول بىلەن پۇتقا ئوخشاش ئىشلىتىشكە ياراتقان.

ئۇ پەقەت بىر جۈملىلا سۆز قىلغان بولسىمۇ، پادىشاھ كۆپ مەزمۇننى چۈشىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

غىزادىن كېيىن پادىشاھ گۈلەمنىڭ ئاتىسىغا ئۇلارنى ئوردىغا ئەپچىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىستىكى بارلىقىنى بايان قىپتۇ:

— گۈلەم قىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتى يالغۇز مۇشۇ ئائىلە دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالمىسۇن، — دەپتۇ ئۇ مەقسىتىنى ئىزاھلاپ، — مەن سىلەرگە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىمەن. سىلەر يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئۇستىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقساڭلار، جىمىكى پۇقرالىرىمىز مۇشۇنداق گۈزەل گۈلەملەرگە ئېرىشەلەيدۇ. سودىگەرلىرىمىز بۇ ئەقىللىق قىزنىڭ داڭقىنى قوشنا ئەللەرگىمۇ تارقىتىدۇ.

بوۋاي پادىشاھنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ.

---

① ئاقاق — كىلەم، ماتا ۋە چەكمەن توقۇشتا توغرىسىغا بېسىلىدىغان يىپ.

— لېكىن، — دەپتۇ ئۇ شەرت قويۇپ، — بىز ماكانلاشقان بۇ زېمىن ئەسلىدە
چۆل - جەزىرە ئىدى، بۇ يەرگە بىزنىڭ نۇرغۇن تەرلىرىمىز سىڭدى، بۇ مۇنبەت تۇپ-
راقمۇ بىزنى بېقىپ مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتۇردى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «ئاش بەرگەن قازان-
نى چاقما» دەپتىكەن. بىز ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتىنى دەپ بۇ ماكانىمىزنى پۈتۈنلەي
تاشلاپ كېتەلمەيمىز. بىرقانچىمىز ئوردىغا چىقىپ شاگىرت تەربىيىلەيلى، يېڭى ئۇس-
تىلار يېتىشكەندىن كېيىن مۇشۇ ماكانىمىزغا قايتىپ كېلىشىمىزگە رۇخسەت قىلسىلا.

پادىشاھ بۇ شەرتكە كۆنۈپتۇ، شۇ كېچىسى ئۇلار ئاشۇ بوستانلىقتا تۈنەپ،
ئەتىسى ئوردىغا قايتىپتۇ. گۈلەم قىز، دادىسى، ئىككى ئاكىسى، ئىككى يەڭگىسى بىلەن
ئوردىغا مېڭىپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسىلا پەرمان چىقىرىپ گۈلەم توقۇيدىغان ئالاھىدە ئۇستىخانا ياسىتى-
پتۇ. ئونلىغان يىگىت - قىزلار شاگىرتلىققا تاللىنىپتۇ. تۆت - بەش ئاي ئۆتكەندىن
كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇستا بولۇپ يېتىشىپ دۇكان ئايرىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن
گۈلەمنىڭ ئاتىسى پادىشاھدىن قايتىشقا ئىجازەت سوراپتۇ.

پادىشاھنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بولۇپ، شۇ كۈنلەردە تازا قۇرامىغا يەتكەنى-
كەن. ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ تەڭتۈشلىرىنىڭ ئالدى ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى بۇرۇنلا ئۆي-
لەپ قويۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، شاھزادە ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە قورال مەشق قى-
لىشنى باھانە قىلىپ ئارقىغا تارتىپ كەلگەنىكەن. ئۇ كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇستىخانىغا
كىرىپ گۈلەمنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ زامان ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. ئەمما ئۇ ھايالىق
يىگىت بولغاچقا، بۇ سىرنى ئاغزىدىن چىقىرالماي نەچچە كۈنگىچە مەخپىي ئازاب چې-
كىپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى گۈلەملەرنىڭ قايتىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپتۇ - دە، ئاخىرى
ئىنىكئانىسىغا كۆڭۈل سىرىنى ئاشكارا قىپتۇ. بۇ خەۋەر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن
كېيىن ئۇ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. بۇ ئىش گۈ-
لەمنىڭ ئاتىسىغىمۇ، ئاكىلىرىغىمۇ خوپ كەپتۇ. گۈلەم قىز پادىشاھقا كېلىن بولۇشنى
ئويلاپمۇ باقمىغانىكەن، لېكىن شاھنىڭ ئەمرى، تۇغقانلىرىنىڭ خاھىشىنى رەت قى-
لالماي، شاھزادە بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئەمما گۈلەم توقۇشتىن چەكلىمەس-
لىكنى شەرت قىپتۇ. پادىشاھمۇ، شاھزادىمۇ ماقۇل كەپتۇ. بىراق ئىزنىڭ ئۈچۈن چوڭ
ئۇستىخانىدا ئەمەس، خاس ياتىقىنىڭ يېنىدا مەخسۇس دۇكان قۇرۇپ بېرىدىغان بوپتۇ.
قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بولۇپتۇ. تويدىن كېيىن گۈلەمنىڭ ئاتىسى ۋە قېرىنداش-
لىرى ئۆز ماكانىغا قايتىپتۇ. گۈلەم شاھزادە بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان
بولسىمۇ، لېكىن سۆيگەن كەسپىنى تاشلىماپتۇ، ئۇ «گۈلەم» نى تېخىمۇ مۇكەممەل-
لەشتۈرۈشنى ھەمىشە ئويلايدىكەن. ئاخىرى موكا بىلەن كىرىشتۈرۈپ توقۇش ئورنىغا،
تۈۋىت چىگىپ توقۇشنى ئويلاپ تېپىپتۇ ۋە ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان مۇشۇ گىلەمنىڭ
دەسلەپكى نۇسخىسى بارلىققا كەپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ نۇسخا تېخى كۆپ ئاددىي ۋە
گۈللىرى بىر خىللا ئىكەن. كېيىن گۈلەمنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ يۇرتنىڭ ئىخچام تەسۋى-
رىنى «گۈلەم» ھۆسنىدە ئىپادىلەش ئىستىكى قوزغىلىپتۇ - دە، نۇرغۇن قېتىم تەكرار-
لاش ئارقىلىق بىر پارچە «گۈلەم» توقۇپ چىقىپتۇ. ئۇ ھازىرقى «كەلكۈن» نۇسخى-
لىق گىلەمنىڭ تۇغۇندىسى ئىكەن. ئۇنىڭ «كەلكۈن» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق
ئىكەن: يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىدا پەقەت يازلىقى كەلگەن كەلكۈن ۋاقىتلار-

www.uyghurkitap.com

دىلا سۇنىڭ ئۆلغىيىدىغانلىقى، قالغان مەزگىللەردە سۇ تارتىلىپ، ھەتتا دەريا قىنى قۇرۇپ كېتىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايانغۇ. سۇنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن قانچىلىك زۆرۈر نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشمۇ ھاجەتسىز. مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا كەلكۈن يۇرتقا بەخت، ئامەت، گۈزەللىك ئېلىپ كېلىدۇ. گۈلەم قىز ئۆز يۇرتىنىڭ تەسۋىرىنى ئويلىغان چېغىدا بۇ مۇھىم مەسىلىنى ئاساسلىق گەۋدىلەندۈرۈش نۇقتىسى قىلىپ، ئىككى دەريانى «گۈلەم» نىڭ ئوتتۇرىسىغا قوندۇرۇپتۇ. «كەلكۈن» نۇسخىلىق «گۈلەم» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىكى بىر مەنبەدىن باشلىنىپ، ئوتتۇرىسى قورساق سېلىپ، ئاخىرى يەنە بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان ھەر خىل رەڭلىك ياغلىقلار① ئەنە شۇ ئىككى دەريانىڭ تەسۋىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا، ئەتراپىغا ۋە گىلەمنىڭ كانارىسىغا چۈشۈرۈلگەن گۈللەر مۇشۇ ۋادىدىكى بوستانلىقلارنى كۆرسىتىدىكەن. شۇڭا گۈلەم قىز بۇ نۇسخىغا «كەلكۈن» دەپ ئات قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن شاھزادە تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. «گۈلەملەر» قوشنا ئەللەرگە چىقىرىلىپ، بۇ يۇرتنىڭ نامى يىراق-يېقىنغا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ، كېيىنكى شاھمۇ، گۈلەم قىزمۇ قېرىپ، ئاخىرى ھايات بىلەن خوشلىشىپتۇ. لېكىن ئاشۇ گۈلەم قىزنىڭ نامى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ساقلىنىپ كەپتۇ. بىراق يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىلدا ئازراق ئۆزگىرىش ياساپ «گۈلەم» دېگەن نام «گىلەم» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ...

ئايۇپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى. سۆھبەتداشلار ئۇنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىنمۇ ياكى ئۇ رىۋايەتكە ئىنتايىن قىزىققانلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر بىر ئېغىزمۇ لوقما سالماي دىققەت بىلەن ئاڭلاشتى.

— مۇنداق دېسىلە، شاگىجاڭ، — دېدى ساۋۇت ئاكا بىر يۆتىلىپ قويۇپ، — ھەر ئىشنىڭ بىر بېشى بار دېگىنى راست ئىكەن. شۇنچە يىللار مۇشۇ ئىش بىلەن ھەپىلىشىپ كەپتۇقۇ، لېكىنزە، ئۇنىڭ مۇنداق ھېكايىسى بارلىقى ئۇخلاپ چۈشىمىزگىمۇ كىرمەپتۇ. ئەجەپمۇ ئەقىللىق بالا ئىكەن ئۇ گۈلەم دېگەن قىز.

— ساۋۇت ئاخۇن ئاكا، بۇرۇنقىلار: «گەپ ياشتا ئەمەس، باشتا» دەپ بىكار ئېيتمىغان دېسىلە، — دېدى كەنت باشلىقى، — شاگىجاگىمىز ياش بولغىنى بىلەن، بىلىدىغىنى تولا يىگىت ئىكەن. كۆپ ئوقۇغاننىڭ پايدىسى-دە، بۇ. بۇ دورەم تازا تەلەيىمىز كېلىپ، مۇشۇنداق باشلىققا ئېرىشىپتىمىز.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە، — دېدى ئايۇپ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، — مېنىڭ بىلىدىغىنىم تايىنلىقلا، ئەلۋەتتە، كۆپ ئوقۇغاننىڭ پايدىسى تولا، لېكىن خەلق ئىچىدە «كۆپنى كۆرگەن كۆپنى بىلەر» دېگەن گەپمۇ بارغۇ. بايىقى رىۋايەتنى ئالساق، ئۇنى مەن بىرەر كىتابتىن ئوقۇغان ئەمەس، دادامدىن ئاڭلىغان.

— سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن قارىغاندا، گىلەم توقۇش پارسلاردىن كەلگەن دېگەن گەپ يالغان ئىكەن-دە؟ — دەپ سورىدى كەنت باشلىقى گويا بۇ پاراڭنى ئۈزۈپ قويغۇسى كەلمىگەندەك.

— بۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەمما مۇنداق قارىشىم بار: رىۋايەتنى پاكىت ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ بىكاردىن-بىكارغا چىقىپ قالمايدۇ. مەن شەھەردىكى ئاسارە-ئەتىقىلەرنى ساقلاش ئورنىدا بەزى ماددىي پاكىتلارنى كۆردۈم. ئۇ يەردىكى خىزمەتچىلەر نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىن قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن

① ياغلىق — «كەلكۈن» نۇسخىلىق گىلەمنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان رومبا شەكىللىك يوللار.

شەھەر خارابىسىنى تېپىپتىكەن. ئۇ يەردىن گىلەم پارچىسى، ھەر خىل رەڭدىكى يۇڭ يىپلار ۋە ياغاچتىن ياسالغان پەنجە چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شەھەر خارابىسى 2000 يىلدىن بۇرۇنقى زامانلارغا تەئەللۇق ئىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ناھايىتى قەدىم زامانلاردىلا گىلەم توقۇشنى بىلگەنىكەن. گىلەم توقۇش بىزدىن پارسلارغا ئۆتكەنمۇ ياكى ئۇلاردىن بىزگە كەلگەنمۇ؟ بۇ مەسىلىنى تەتقىقاتچىلىرىمىز كۈنلەردىن بىر كۈنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ.

ئايۇپ ئېيتقان رىۋايەت ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى گۈلنىساغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. كۆڭلىدە ئاشۇ گۈلەم قىزغا قارىتا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە زوقلىنىش تۇيغۇسى ئويغاندى. «قەدىمقى زاماندا ئۆتكەن ئاشۇ قىز پادىشاھنىڭ خانىشى بولغان تۇرۇقلۇق، ئۆگەنگەن كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ، — دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، — مەن بولسام، ئاتا-بوۋامنىڭ بۇ ھۈنىرىدىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلىپ يۈرۈۋېتىمەن. دادام بىلەن ئانام شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟...»

تاماقتىن كېيىن ئايۇپ گۈلنىسادىن سورىدى:

— بۇندىن كېيىن نېمە ئىش قىلاي دەيسىز؟ مەن يېزىلىق تەمىنات سودا كوپېراتىپى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلار پونكىتى بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم. ئىككىلا ئورۇن توختام بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماقۇل بولدى. قانداق، قايسىسىدا ئىشلەشنى خالايسىز؟

گۈلنىسا بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئالىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى.

— مەن ئۇچۇن كۆيۈنگەنلىكلىرىگە رەھمەت. مەن كېلەر يىلى يەنە بىر قېتىم تەلىيىمنى سىناپ كۆرەي. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بىرەر مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ قالسام تېخى ياخشى. ناۋادا يەنە تەلىيىم تەتۈر كەلسە، ئۇ چاغدا ئاتا-ئانامنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلساممۇ بولۇۋېرىدىغۇ.

— قىزىممۇ گىلەم توقۇشقا ئۇستا، — لوقما سالدى ساۋۇت ئاكا.

— شۇنداقمۇ؟ — ئايۇپنىڭ چىرايى ۋە تەلەپپۇزىدىن بۇ خەۋەر ئۇنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغانلىقى ئىپادىلەندى، — بايا سىلى سىڭلىمىزنى بۇ ھۈنەرگە ئۇنچە خۇشى يوق دېگەنىدىلىرى ئۇچۇن ئۇنى بۇ كەسىپنى بىلمىسە كېرەك، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. سىڭلىم، ئالىي مەلۇمات ئېلىش — ئەلۋەتتە ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىش. لېكىن تىرىشسىلا، باشقا ئىشلاردىمۇ ئوخشاشلا شان-شەرەپ قازانغىلى بولىدۇ. مۇنداق بىر خەۋەرنى ئېيتىپ بېرەي: ئالدىنقى يىلى بايىمە ئىسىملىك بىر خالۋاپ قىز چەت ئەلنىڭ تەكلىپى بىلەن لوندون شەھىرىگە بېرىپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن مىڭلىغان كىشىلەر ئالدىدا گىلەم توقۇش ماھارىتىنى كۆرسەتتى. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىدا ئۇنىڭ سۈرەتلىرى ۋە ئىش-ئىزلىرى بېسىلدى. قاراڭ، ئاشۇ قىز مۇشۇ ئاددىي كۆرۈنگەن خالۋاپچىلىق كەسپى ئارقىلىق دۆلىتىمىز، مىللىتىمىز ئۈچۈن زور شان-شەرەپ قازاندى. سىڭلىم، سىزمۇ ئەقىللىق ۋە تىرىشچان قىز ئىكەنسىز، ئەگەر مۇشۇ ئاتا كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپ، قېتىرقىنىپ ئىشلىسىڭىز، ھەرگىز پۇشايماندا قالمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. قانداق، بۇ پىكرىم توغرىمۇ؟

گۈلنىسانىڭ ئانىسى ئايۇپنىڭ بۇ سۆزىدىن گويا گۆھەر تېپىۋالغاندەك جانلىنىپ، كۆڭلىدىكىنى تۆكۈپ تاشلىدى:

— ئە، ناۋاتتەك گەپ قىلدىلا، شاڭجاڭ. بۇ بالىنى بىر كۈن كۆرمىسەم، گېلىمدىن

www.uyghurkitap.com

قىزا ئۆتمەيدۇ. ئاڭلىسام، ئۈرۈمچىگە بارغانلار بەش يىل ئوقارمىش، بۇ ئاردا كىم بار، كىم يوق؟ قانداق چىدارمەن دەپ قايغۇراتتىم. ھەر نېمە بولسا بۇ يىل يېنىمىزدا قالدى. كېلەر يىلى بىزنى تاشلاپ كېتىشىنى ئويلىسام، ھېلىتىنلا مېنى غەم باسىدۇ.

— دېھقان دېگەننىڭ بالىلىرى ئوقۇپ نەگە باراتتى؟ — ساۋۇت ئاكىمۇ ئايالىنىڭ تەرىپىنى ئالدى، — ئەمما قىزىمىزنىڭ بەك ئوقۇغۇسى بولغاچقا، ئۈمىدىنى يەردە قويمايلى دەپ ئويلىغانىدۇق. ھېلىمۇ يېنىمىزدا قېلىپ، نېمە ئىش قىلىمەن دېسە، ياق دېمەيمىز.

گۈلنىسا ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىنى خاتا دېيەلمەيتتى، ئاندىن ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىمۇ ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. بىراق، ئۇنىڭمۇ ئۆزىچە ئويلىغانلىرى بار ئىدى. ئاتا-بوۋىلىرىغۇ ئۆمۈر بويى بىر-بىرىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تۇغۇلغان يۇرتىدىلا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئەمما ھازىر زامان ئۆزگەردى. ئىلىم-پەننىڭ قۇدرىتى نى-نى مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى نوقۇل ھالدا ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىشقىلا تۇغۇلغانمۇ؟ ئۇلارمۇ زامانىۋى بىلىملەرنى ئىگىلەپ، جاھانغا يۈزلەنسە تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟! شۇنداق قىلىۋاتقانلارمۇ كۆپقۇ. گۈلنىسا بىر قېتىملىق ئۇرۇنۇشتا مەغلۇب بولدى. شۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالسا، ئارزۇ-ئارمانلىرى ئالدىدا قانداق يۈز كېلەلەيدۇ؟...

گۈلنىسا ھاياجانلانغان ھالدا كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى.

— سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىز ئەلۋەتتە توغرا، — دېدى ئاپىسى بىر پەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، — ئوقۇش ئارزۇيىڭىزنى شەخسەن مەنمۇ قوللايمەن. قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشەي. كېلەر يىلى ئىمتىھان باشلانغىچە دەرسلىرىڭىزنى تەكرارلىغاچ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىمەن دېسىڭىز بۇمۇ بولىدىغان گەپ، — ئاندىن ئۇ ساۋۇت ئاكىغا بۇرۇلۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلى ئويلاپ باقسىلا، دېھقانچىلىقتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچمىگەندىمۇ، بىر نەچچە دۇكان قۇرۇپ، كىملەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئىختىيار قىلسىلا، بىز چوقۇم قوللايمىز.

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، شاڭجاڭ، — ساۋۇت ئاكا قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويۇپ تەشەككۈر بىلدۈردى، — باياتىن مۇشۇ ھەقتە ئويلاپ كۆردۈم. بىر نەچچە مو يەر، بىر دۇكانغا قاراپ تۇرغان بىلەنلا ئىلگىرى باسقىلى بولمىغۇدەك. ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ كېتىشكەن بالىلىرىم بىلەنمۇ سۆزلىشىپ كۆرەي، مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلارمىز.

راستىنى ئېيتقاندا، ئاپىسىنىڭ بۇ ئۆيدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. بىراق ئاساسىي گەپلەر ئېيتىلىپ بولۇندى. يەنە نېمە دېيىش كېرەك؟ ئەڭ مۇھىم گەپلەرغۇ ئەلۋەتتە بار، بىراق ئۇنى شۇ تاپتا ئېيتىشقا بولامدۇ؟! ئۇ ئاخىرى ئىلاجىسىز خوشلىشىپ قايتتى.

— بۇ كىشى راستىنلا پۇقراپەرۋەر باشلىق ئىكەن! — دېدى ساۋۇت ئاكا مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن.

شۇ تاپتا گۈلنىسامۇ دادىسىنىڭ پىكرىگە تولۇق قوشۇلاتتى، لېكىن ئۈندىمىدى.

(داۋامى كېيىنكى سانىدا)

ياسىن ئەھەت

# ئۈمىدتىن تۇغۇلغان سەۋدالىق

(نەسىر)

1

ئۈمىد تەبەسسۇم بىلەن نازىغىپ كېلىپ، بويىنۇمغا پەردەك يۇمشاق قوللىرى بىلەن گىرە سالدى ـ دە، ئۇتقاشتەك نازۇك لەۋلىرى بىلەن قانماستىن سۆيۈپ كەتتى...

2

مەن چۆچۈپ ئويغاندىم. شەلپەردەك قىزارغان قۇياش قىزىل يېرىك ساقال باسقان يۈزۈمنى، يالقۇن تەپچىپ تۇرىدىغان نازۇك بارماقلىرى بىلەن سىيلىماقتا ئىدى... مەن ھاياجان ئىلكىدە مەستخۇش بولدۇم. مەن پۈتۈنلەي ئۆزۈمنى يوقاتقاندىم. بارلىق ھۇجەيلىرىم نەپەستىن توختىغاندەك ھالسىرايتتىم...

ئەي شەپقەت ئىلاھى، مېنى قانغۇچە سۆي! مەن سېنىڭ سۆيگۈڭدىن تېنىمدىكى يالقۇن ئۆچكەنگە قەدەر لەززەتلىنەي!

3

ئوت ئىلاھى پۈتكۈل ئالەمگە ئوت پۈركىدى. يانار تاغلار پارتلىدى. رەزىللىك، پىتنە ـ پاساتلىق، پەسكەشلىك، خۇشامەتچىلىك، ۋاپاسىزلىق، قۇلچىلىققا مۇپتىلا بولغان بىچارىلەر، غايەت زور ئوت يالقۇنىغا بەرداشلىق بېرەلمەي چىرقىراشقا باشلىدى، ھەممىگە ئىنتا ئەتمەن زېمىن ئۇلارنىڭ سېسىق كۆللىرى بىلەن تولۇپ كەتتى... شۇندىلا مەن ئېسىمگە كەلدىم. پۈتۈن بەدىنىمدىكى ھەسرەت، خۇشاللىق، ۋاپادارلىق، ۋاپاسىزلىق، ئىشەنچ، گۇمان، ئارزۇ، ئۈمىدسىزلىك ئېقىنىنىڭ سۇلىرى لاۋانىڭ تەپتىدە، مانانىغا ئايلىنىپ قۇرۇپ تۈگىگەنىدى. مەن ئەجەل ۋەھىمىسىدە قانسىرىدىم. مەن غالىبىيەت تەنتەنىسى ئىچىدە پايانسىز كائىناتقا مەغرۇرلۇق نۇرى يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىم بىلەن نەزەر تاشلاپ قاقاقلاپ كۈلگىنىمچە شۇنداق چۇقان سالدىم:

— ھەي! ئىنسان خىسلىتىنى يوقاتقان بىچارە رودىپايلار، يالقۇندىن قورقماڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ رەزىللىك بىلەن تولغان بەدىنىڭلاردىكى ئىرادىسىزلىكنىڭ ناپاك كىرلىرىنى

كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئەتىرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى كېلىپ تۇرىـغان پاك ـ پاكىز زېمىنغا يېڭىدىن تۆرۈلىسىلەر!

مەن ئوت ئىچىدە ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ، سەمەنـدەردەك جەۋلان قىلىمەن. زېمىننى قاپلىغان گۈلخانلار قوينى مېنىڭ ماكانىم.

شۇ چاغدا زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇداتلىقنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئاسمان پەردىسى لەرزان ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە ۋىلىقلاپ كۆلۈپ ئالدىمغا كەلدى ۋە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ مەيىن سالام قىلدى.

ئۈمىد ــ سەن ئاتەشلىك قەلبىمدىن ئۇرغۇپ چىققان يانار تاغلارنىڭ لاۋاسى!

4

كەل، ئەي مېنىڭ ئەركەم، ئۈمىدسىزلىك ئىـچىدىكى سەرسان بولغان ھاياتىمغا، تەشۋىشلىكىمنى يوقىتىپ، مىسكىنلىكىمنىڭ ئورنىغا جاسارەتنى مەزمۇن قىلىپ قوشقان ئوماق گۈزىلىم! كەل، قۇچاقلىرىڭنى كەڭ ئېچىپ، سوغۇقتىن تىترەشكە باشلىغان بەدىنىمنى باغاشلا! سېنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تـۇرغان شوخ چىرايىڭنى سۆيمى بىلەن ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن گۈلگۈن شەپەقنىڭ ئەكسىدىن كـۆرىمەن. مەن سېنىڭ ئىللىق كۆكسۈڭدە، بەخت تـۇيغۇسىغا چۆمۈپ كاككۇكتەك سايراپ سەيـلە قىلاي، سەن رەڭـگارەڭ ياۋا گۈللەر بىلەن تولغان جۇشقۇن دالىدا بەخت پەيزىنى سۈرۈپ كېپىنەكتەك پەرۋاز قىلغىن!

سەن ــ پەزىلەت ئاسمىنىدىكى پەرىشتە.

سەن ــ ۋاپا ـ دىيانەت ئۈچۈن تىكلەنگەن مەزمۇت مۇنار.

سەن ــ سۆيگۈ ساھىلىدىكى تەۋرەنمەس ئابىدە.

سەن ــ ئالەمدىكى بارلىق گـۈزەللىكلەرنىڭ تاجىغا ئۈلـگە بولىدىغان ھاياتلىق پىرامىدىسى.

سەن ــ قۇلچىلىقنى ئۆزىدىن تەرك ئەتكەن مۇھەببەت ئۇپۇقىدىكى ئارزۇ شەپىقى.

ئەي مېنىڭ شەپقەت ئىلاھىم! كۆڭلى قارىلار ساڭا غەيۋەت ساداقـلىرىنى بەتلىـمەكتە. گاھىدا ساڭا قۇلچىلىق بىلەن ھىجىيىپ، سەن ئۈچۈن ئاياغلىرىڭنىڭ ئاستىغا پاياندـاز بولـۇشقا رازى بولۇشماقـتا، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەمەلىيەتـتە سېنى قۇل قىلىشتۇر!

ئەي! ئوماق مودام! سەن ــ مېنىڭ موھتاجلىقىمنى قاندۇرغان قۇرۇپ تۈگىمەس ھايات بۇلىقى.

كېزىمەن سۆيگۈ ساھىلىنى تەنھا،
چۈشلىرىم ــ ئەسلىمە، خىيالەت پەقەت.
گۈزىلىم كۆزلىرىڭ شېئىر ــ مۇئەممىا،
خورلانغان يۈرەكنى مۇجۇش نە ھاجەت.

شۇ چاغدا ھايات مۇئەككىلىنىڭ مەشئىلى بولغان ئۈمىد مەسخىرىلىك بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى...

5

ئۈزۈلدىن - ئۈزۈلغا سوزۇلغان يىراق ئۇپۇقتىن سۈبھى كۆتۈرۈلدى. مەن دېرىزىنىڭ پەردىلىرىنى قايرىپ زەنگەر رەڭ بوشلۇققا تىكىلدىم. كۆكۈچ دېڭىز سۇلىرى چوقچىيىپ چىققان كىچىك ئاراللارغا، خادا تاشلارغا يۈگەنسىز قولاندەك ئۇرۇلماقتا.

مەن كۆكۈم قويىندا، قۇمساڭغۇ دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ ئالەمنىڭ چېتىگە ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن، بىردىنلا شىددەتلىك ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئارىسىدىن سۇ پەرىسى لەرزان قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەلدى - دە، ماڭا سۇ ئىلاھىنىڭ شەپقىتىنى يەتكۈزدى. دولقۇن ئارىسىدا بىردە چۆكۈپ، بىردە لەيلەپ يۈرۈپ بەدەنلىرىم تۈزلۈق دېڭىز بۈژغۈنلىرىنىڭ خەنجەردەك ئۆتكۈر بىسلىرىدا تىتما - تىتما بولۇپ كەتتى. بىر توپ سۇ قۇشلىرى ئالا - تاغىل ۋىچىرلاپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالغا بېرىپ قونۇشتى. ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىدىم، ساھىلدا پۇتۇمنىڭ چوڭقۇر ئىزلىرى قالغانىدى...

ئەمدى ئۈمىد شادىيانە كۈلكىلىرى بىلەن قولۇمنى مەھكەم سىقىپ، بارلىق سىرلىق مۆجىزاتلارنىڭ مۇشكۈللۈك ئىزتىراپلىرىغا رەھىمسىزلىك بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى ھالسىراتتى. دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئارالغا زەپەر تۇغىنى قاددى.

مەن بوشلۇققا چەكسىز ھېرىسمەنلىك بىلەن كۆز تىكىپ، قاقشال دەرەخلەر ۋە قۇم بارخانلىرى بىلەن تولغان تەكلىماكان چۆللۈكىدە جەۋلان قىلدىم...

6

دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن، سەنەم جامالىنى ئېچىپ، مۇڭلۇق ناخشا بىلەن چىقىپ كەلدى. ئاسمان بوشلۇقىغا ئېسىلىپ تۇرغان ھىلال ئاي، سەنەمنىڭ لەتاپەتلىك جامالىغا رەشىك ئوتى ئىچىدە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئالما چېچەكىدەك بىر توپ بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈندى. ئەمدى ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. سەنەم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە نەگىدۇر غايىپ بولغانىدى. مەن دەرغەزەپكە كەلدىم - دە، رىۋايەتتىكى باتۇر دانكودەك يۈرىكىمنى قېپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان زۇلمەتكە يورۇقلۇق مەشئىلىنى ياقتىم. شۇ چاغدا ئەسكى داپلىرىنى داراڭشىتىپ كىشى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ كېلىۋاتقان ھەمدۇساناچىلار قورقىنىدىن سۈرەن سېلىشىپ كەينىگە داجىشتى. مەن يالقۇن ئارىسىدا بەخىرامان ناخشا ئېيتىۋاتقان سەنەمنىڭ سۈتتەك ئاپئاق بويىنىغا گىرەسالدىم. ئۆمىنىڭ موھتاجلىقىنى قاندۇردى. مىيىقىمدا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ «بۇ ئاللا ئىگەمنىڭ كارامىتى بولسا كېرەك» دېدىم ئۇنى بەزلەپ.

ئۈمىد ــ قەلب ئاسمىنىمدىكى بوشلۇقلارنى، ھاياتلىق كائىناتىمدىكى مەنىۋى موھتاجلىقلارنى تولدۇردى.

مەن ھاياتىمغا مەنە قوشقان ئەتىر گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن قانغۇچە نەپەس ئالدىم.

7

مەن ئەمدى خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدىم، ماڭا يېڭى ھايات ئۆزىنىڭ سېھرى نۇرلىرى بىلەن كەڭ قوينىنى ئاچقانىدى. مەن ئامرىقىمنىڭ بۇلاق سۈيىدەك ئۇخچۇپ تۇرىدىغان شوخ قارا كۆزلىرىگە چوڭقۇر مېھرىم بىلەن تىكىلىپ، تۈن قاراڭغۇسىدەك بوستان چاچ-لىرىنى يەرىك قوللىرىم بىلەن ئويناپ، گىلاستەك ياقۇت لەۋلىرىگە مۇزدەك سوغ لەۋلى-رىمنى تەككۈزدۇم. ئۇ ماڭا سۆزۈك قاشتېشىدىن ياسالغان قەدەھتە شەلپەررەڭ ئۈزۈم شارابى سۇندى. مەن ئۇنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتىمدە، ھاياجان بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. بۈيۈك شائىر ئۆمەر ھەييام مەزمۇت قەدەم بىلەن ئالدىمغا كېلىپ:

— يارايسەن يىگىت! يارايسەن! — دەپ ماختاپ كەتتى.

ئۈمىد — ئۇ ماڭا ياشاشنى ئۆگەتتى.

ئۈمىد — ئۇ ماڭا ھاياتنىڭ ئەسلى قانۇنىيىتىنى تونۇتتى.

ئۈمىد — ئۇ ماڭا زەپەر شادلىقىدىن بېشارەت بەردى.

ئۈمىد — ئۇ ماڭا سائادەتنىڭ دەستە ـ دەستە گۈللىرى تولغان چىمەننى كۆرسەتتى.

مەن ئەمدى زوقۇم بىلەن كۈلۈپ، مەرىپەت پەرىشتىلىرىنىڭ زېھنى مەركەزلەشكەن زې-مىندا ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەڭرى ساماغا پەرۋاز قىلدىم.

جانانىم كېلىدۇ نۇرغا بۆلۈنۈپ،
چېھرىدە ئالتۇندىن شولا نامايان،
قۇياشقا يۆلىنىپ كۆي كۈيلەر ئۆزى،
قۇياشتىن نۇرلۇقراق ۋە ساھىبقىران.
قەلبىمگە مۇھەببەت بولغاچ ھۆكۈمران،
پاكلىققا كۆكسۈممۇ كەڭرى بىپايان.

ئەي گۈزىلىم! سېنىڭ مىسكىنلىكىڭ — لەتاپەتنىڭ نۇرى.
سېنىڭ ئىزگۈ يىغاڭ — ۋىسال شادلىقى.
سېنىڭ كۈلكەڭ — غالىبىيەتنىڭ تەنتەنىسى.
مېنىڭ ئۈمىد ئىچىدە يېڭى ھاياتقا كۆز ئاچقان سەۋدىرسىز سەۋدالىقىم تاڭ نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان چەكسىز ئۇپۇققا مەغرۇر ناخشا توۋلاپ يول ئالدى...

مەسئۇل تەھرىرى: ئارسلان

ئەسئەت ئابدۇقادىر

# يۈتكەن ئۇپۇقلار

(نەسرلەر)

## ئاينىڭ نىداسى

مەن تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى. مېنى ئىنسانلار ئەيسانى زېمىندىن قوغلاپ چىقارغاندەك قوغلىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى مەن مۇئەللەقتە تۇرىمەن.

گاھى تەڭرىنىڭ شادلىقىنى چېھرىمدە نامايان قىلىپ ئىنسانلارغا ئىللىقلىقنى باغىشلىسام، گاھى تەڭرى غەزىپىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزۈمنى پىنھانغا ئالىمەن.

مەن زېمىن بىلەن ئەلمىساقتىن ئاشىق ـ مەشۇق. مەن ساپ مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغان نۇرۇمنى كۈندۈزى چارچاپ ماجالى قالمىغان مەشۇقۇمغا سېپىپ، ئۇنى روھلاندۇرىمەن.

بىلەمسىلەر، بىر ئاخشام، پەقەت بىر ئاخشاملا ئەشۇ نۇرۇم بىلەن ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارغا تۇنجى ئىشق ئاتا قىلغانمۇ ئۆزۈم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار ئارىسىغا مۇھەببەت تارالغان.

شۇنداق، ئۇيقۇچىلار غەپلەت شارابىدا مەست بولغاندا، مەن مەشۇقۇم بىلەن سىرداشىمەن؛ تۈن بويى ئۇنىڭ بىلەن مۇڭلۇق تىلەكلىرىمىزنى، ئەبەدىلىك مۇھەببىتىمىزنى ئىزھار قىلىشىمىز. بۇ چاغدا، دىلكەشلەر بىزگە ھەمراھ بولۇپ، ئۈنسىز كۈيلىرىمىزنى تىڭشاپ گۈزەل، چىن ھايات قاينىمىغا كىرىپ كېتىدۇ.

بىزنىڭ نۇرغا، سۆيگۈگە تولغان كېچىمىز نېمىدېگەن تىنچ! ئەمما... تاڭ شېرىن سۆزلىرىمىزنى ئۈزۈپ، بىزنى بىر ـ بىرىمىزدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ چىدىيالمايمەن.

ئەي يارىتقۇچى، يوقاتقۇچى قادىر ئىگەم، ساڭا سادىق ئەلچىلىكىمنىڭ يۈزىسىدىن، ئاشىقلىقىمنىڭ ھۆرمىتىدىن مەشۇقۇمنى مەندىن ئايرىغان مەخلۇقاتلارغا دوۋزىخنىڭ

دىن ئورۇن بەرگەيسەن! — دەپ ئىلتىجا قىلىمەن. ئەمما تەڭرىدىن ھېچ سادا كەلمەيدۇ.

بۇ مېنىڭ ھەر دائىم ئېيتىدىغان ناخشام.

## جۇدالىق

مەن پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ تەڭرىدىن: «نېمە ئۈچۈن سىنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭغا ھەر ۋاقىت شەك كەلتۈرىدىغان ئىنسانلارغا راھەت-پاراغەت بەخش ئېتىپ كۆڭلىنى شاد ئېتىسەن؟ ئەپسۇسكى، مۇقەددەس ھەم مۇبارەك نامىڭنى ھەر دەقىقە زىكىر قىلىپ، قەلب تۆرىدىن ئورۇن ھازىرلىغان ئىنسانلارنى بولسا مۇشەققەت گۆرىستانىغا بەند قىلىپ، زار-زار قاقشىتىسەن؟» دېگەنلەرنى سوراش ئۈچۈن، ئەرشكە چىقماقچى بولدۇم، بۇ خەۋەر تېزلا يۇرتقا تارالدى، يۇرت تەۋرىدى. تۇرمۇشنىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقلىرى ئۆز زېمىنىسىگە چۈشكەن كىشىلەر مېنى ئىزدەپ كېلىشتى، ھەممىنىڭ چېھرىسىدە ئەلمىساقتىن كۆرۈلۈپ باقمىغان شادلىق جىلۋە قىلغان، كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پارلىغانىدى.

مەن تەۋەككۈل قىلىپ بۇ يۇرتتىن تۇنجى بولۇپ ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلانغىنىم ئۈچۈن، ئۇلار تەنتەنە بىلەن مېنى باشلىرىدا كۆتۈرۈشتى؛ ۋاقىتسىز سولغان مەڭزىلىرىمگە، قورۇق قاپلىغان پېشانىلىرىمدىن سۆيۈپ ئېلىشتى. ھەتتاكى، ئانا سۈتىگە ھەردائىم قانماي «قىرقىراپ» تىپىچەكلەپ يىغلايدىغان بوۋاقلارمۇ ۋىلىقلاپ كۈلۈشۈپ، بۇدرۇققىنە قوللىرىنى ماڭا سۇنۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئاق يول تىلىشىۋاتاتتى.

يۇرتداشلىرىم ئۆزلىرىنىڭ «گۈزەل» ئەتىسىنى دەپ، پىژغىرىم ئىسسىقتا تەر تۆكۈپ تاپقان ئازغىنا ئوزۇقلىرىنى ئۆزلىرى يېمەي ماڭا يوللۇق تۇتۇشتى. مۇقەددەس سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا تۇرغانلىقىم تۈپەيلى كۆزۈمدىن بىر قەترىمۇ ياش چىقارمىدىم.

بىر مەزلۇم ئۆزىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن تور رومىلى ئۇستىگە ئارتىۋالغان ئاق داكا ياغلىقىنى بېشىدىن ئېلىپ، كونىراپ كەتكەن سەللەمگە ئوراپ قويدى. كۆزلىرى ياشقا چۆمۈلۈپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي، مېنىڭ ئەرشتە — تەڭرى ئالدىدا ئوقۇيدىغان «سۈرە»دىن ئېزىپ بۆيۈك ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىقىم ئۈچۈن، قاشتېشىدىن ياسالغان تەسۋىنى بوينۇمغا ئېسىپ قويدى.

توپنىڭ ئىچىدىن مەندىن كۆز ئۈزمەي، تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر ساھىبجامالغا كۆزۈم چۈشتى. ئاھ!...بۇ؛ مەن ھاياجانلاندىم. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرىنىڭ چاچراۋاتقانلىقىنى سەزدىم، بۇ مۇھەببەت ئىدى. ھەر ئىككىمىزنىڭ قەلبى سۆيگۈ ناخشىلىرىنى ئۈنسىز ھالدا ئېيتىۋاتاتتى. كىشىلەرنىڭ روھىنى شادلىق ئەسىر قىلىۋالغاچقا بۇ بېقىشلىرىمىزنى سەزمەيتتى. ئۇ توپ ئىچىدىن قىستىلىپ يۈرۈپ مەن تەرەپكە كەلدى ۋە بىر تال قىزىل ئالمىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپلا كۆز ئالدىمدىن پەرىشتىلەردەك غايىپ بولدى.

مەن خەلقىمىزنىڭ ئاھۇ - زارىنى تەڭرىگە ئېلىپ بارىدىغان بىردىن - بىر خەۋەرچى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا، ساھىبجامالنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولغانىدىم...

مەن كۆككە كۆتۈرۈلدۈم. بىرىنچى قات ئاسمانغا چىققىنىمدا، كۆز ئالدىمدا گۈزەل بىر دۇنيا نامايان بولدى. بۇ جايدا كىشىلەر ئەلمىساقتىن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان، نۇرانە بۇلۇتلارغا پۈركۈنۈپ، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈشكە نائىل بولدۇم. مەن بۇ بەختتىن چەكسىز سۆيۈندۈم، مەست بولدۇم، ھوشۇمنى يوقاتتىم. ئاخىرى، ئېسىمنى يىغىپ ئۇلارنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ يىغلىدىم. بۇ شادلىق يىغىسى ئىدى.

ئۇلار مېنى كۆرۈپ چىھرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى ۋە ئىشارە بىلەن مېنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. ئۇلارغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. بىر چاغدا ئادەم ئاتا:

— بېھىشتە يېگەن ئالمىنىڭ خۇش بۇيي ھىدى كېلىۋاتىدىغۇ؟ — دەپ ھاۋا ئانىغا ئىللىققىنا باقتى.

مەن شۇئان قوينۇمدا ساقلاپ كېلىۋاتقان ئاشىقىمنىڭ ئالمىسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

— پاھ، پاھ بەئەينى شۇ ئالما، — دېدى ئادەم ئاتا قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — بۇنى يەپ تېخىمۇ شەرمى - ھايالىق بولايلى، رەھمەت بالام، — دېدى ئۇ ماڭا مەمنۇنلۇق بىلەن بېقىپ. پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىش ھازىرقى ۋاقىتتا زور شانۇ - شەۋكەت. مەن مۇڭغا چۆككەن ھاۋا ئانىغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزى بوينۇمدىكى جۇلالىنىپ چاقناپ تۇرغان قاشتېشى تەسۋىيدىكەن. مەن دەرھال بوينۇمدىكى تەسۋىنى ئېلىپ، ئىككى قوللاپ ھاۋا ئانىغا تەقدىم قىلدىم. مەن ئۇلارغا كېلىش مۇددىئايىمنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، كۆپ دۇئالارنى ئېلىپ، بۇ جايدىن خۇشال ھالدا يۈرۈپ كەتتىم.

مەن ئىككىنچى قات ئاسمانغا چىقتىم. بۇ جاي تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز گۈزەل ئىكەن. بۇ يەردە نۇرانە بۇلۇتلارغا پۈركىنىپ ئولتۇرغان بىر پەيغەمبەرنى كۆردۈم. مەن ئۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ باش قويدۇم، يىغلىدىم. كىشىلەر بىر ئۆمۈر تەشنا بولۇپ، دىدارلىشالمىغان پەيغەمبەرلەرنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، بېشىمدىكى سەللىنى ئېلىپ ئۇ زاتنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويدۇم. ئۇ ماڭا كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى ۋە كۆپ دۇئالار بىلەن مېنى ئۇزىتىپ قويدى...

مەن ئاخىر سانسىز قۇياش بىلەن ياسالغان بىر قەلئەگە يېقىنلاشتىم. بۇ شۇنداق نۇر چېچىپ، جۇلالىنىپ تۇرىدىغان قەلئەكى — كۆڭۈلگە ئاراملىق بېرەتتى. مەن يەتتە قات ئاسماندىن ئۆتۈپ، بۇ جاي — ئەرشئەلاغا يېتىپ كەلگۈچە پەقەت بىر كالتە

ئىشتان بىلەنلا قالدىم. تەگرى بىزنى تۇغما يارىتقاندىكىن دەپ ئويلاپ ھېچ ئىشنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىدىم: مەن قەلبىمگە يېقىنلاشتىم. دەرۋازىدا ئىككى قاناتلىق پەرىشتە كۆزەتتە تۇرۇپتۇ. ھەممىنى ياراتقان ئىگەمنىڭمۇ شۇنداق مۇھاپىزەت قىلىشىدىن ھەيران قالدىم. مەن دەرۋازا ئالدىغا كەلدىم. ئەپسۇس، ئۇلار مېنى كىرگۈزۈشمىدى:

— قايت ئارقاڭغا، ھاياسىز! تەگرى دەرگاھىغىمۇ شۇنداق كېلەمسەن؟

ئۇلار مېنى قوغلاشتى. مەن يالۋۇردۇم. قاقشىدىم، زارلاندىم. ئۇلار نالەمگە ئېرەن قىلمىدى. شۇ ئەسنادا رەڭگا رەڭ دۇردانىلەرگە پۈركىنىپ، دەستە - دەستە داستىخانلارنى كۆتۈرۈشكەن ماڭا ئوخشاش ئىنسانلار قەلئە دەرۋازىسىدىن بىمالال كىرىپ كېتىشتى. مەن ئۇلارغا قاراپ قالدىم. شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ مۇرادىمغا يېتەلمىگەنلىكىمگە قاتتىق ئۆكۈندۈم. شادلىقتىن لەرزىگە كەلگەن قەلبىمنى بىردىن ئاچچىق ھەسرەت قاپلىدى. بىز ئۈچۈن شۇنچە «ئۇلۇغ» سانىلىدىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنىڭ بۇ يەردە كۈچىدىن قالغانلىقىغا ئىچ - ئىچىمدىن بوغۇلدۇم. ئۇلارنىڭ ئىچى ئاغرىپ كىرگۈزۈۋەتسە ئەجەب ئەمەس دەپ تۇردۇم. ئاچلىق بىلەن سوغۇق مېنى تەڭلا ئازابلىماقتا. بۇ ئازاب ماڭا ئانچە ئېغىر تۇيۇلمىدى. مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر تۇيۇلغىنى بوۋاقلارنىڭ ئاچلىقتىن قىر - قىر يىغلاشلىرى، ئانىلارنىڭ كۆز ياشلىرى ۋە ئامالسىز تەمتىرەپ قالغان ئاتىلارنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇق بولدى. زور ئۇتۇقلارنى كۆتۈرۈپ كېلىشىمنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان سۆيگۈنۈم ۋە ئەل - يۇرتنىڭ مىسكىن چىرايلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش بولدى. ئەمدى مەن ئۇلارغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن. ئەرشكە چىققىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. چۈنكى مەن ئېككى نەرسىدىن قۇرۇق قالغانىدىم: بىرى — ماڭا ئۈمىد باغلاپ تۇرغان خەلقىمدىن، يەنە بىرى — ماڭا چىن ئىشتىياق باغلىغان ئاشىقىمدىن.

مەسئۇل تەھرىرى: كامىل تۇرسۇن



روزى نىياز

## سۆيگۈ تامچىلىرى

1

لەۋزىم، يىپادا، سىرلار پىنھان تۇگۈچىدىن يەشتى،
ئۆزۈلمەسكە سۆيگۈنىڭ زەرىپىنى ئەشتى.
مەڭگۈ شېرىدىن، لەۋلىرىڭدىن قاندى سۇ ئىچىپ،
يىگىتلىكىم مەۋسۇمىنىڭ چاڭقىغان دەشتى.

2

بىر ئۆزۈڭگە تەن مېنىڭ سۆيگۈ - ئەقىدەم— باقساڭ نازلىق تۇيۇلار بەختىم يۇلتۇزى—
خىيالىغا باي كۆزۈمدىن پارلايدۇ ھەردەم. يانغان كەبى چاراقلاپ سامادا كۆركەم.

3

ئىشقىمىنىڭ ئەلچىسى— خەتلىرىم قۇرى، ئېسىلغاي يۈرىكىڭ بېغىش - بوينىغا،
مېھرىمىنىڭ ئىزھارى— كۆزلىرىم نۇرى. ئۆمۈرلۈك سۆيگۈنىڭ مەرۋايىت - دۇرى.

4

يۈرەكلەرنى باغ قىلىپ سۆيگۈمىزنىڭ چېچىكى،
غۇزەك - غۇزەك ئېچىلدى سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە.
ھەر چېچەكنىڭ لېۋىدە ئويناپ باھار نۇرلىرى،
ئەمىن تاپتى ئەزگۈ ھېس خۇشلۇق - ئارام ئىچىدە.

5

ئىنتىزار بوپ يوللىرىمغا قارايسەن، مۇبارەكلەر ئانا سۆيەت ئالتۇن تاڭ،
ھىجران كۈيۈم شامالاردا توشۇلسا. تىنىقلىرىم تىنىقىڭغا قوشۇلسا.

6

يېنىمغا بىر كېلىپ كەتسەڭ دىلبەر جانان،
دىماغىمدىن كەتمەس ئۇزاق خۇش بۇي ھىدىڭ.
بىلەلمىدىم، يۈرىكىم باغ - باراڭغا—
پۇراق چاچار گۈلمىدىڭ يا ئەنبەرمىدىڭ؟!

www.uyghurkitap.com

7

تۇغۇلدۇ پاك سۆيگۈدىن شېرىن تىلەكلەر،
پىچىرلاشتا گۈلخان بولۇپ يانار يۈرەكلەر.
تۇرالامدۇ لەۋلەر لەۋگە باسماستىن مۆھۈر،
گىرەلەشسە يېشىلمەستەك جۈپ - جۈپ بىلەكلەر.

8

چىمەن قىرغاق ئۆستەڭلەرنى بويلىشىپ،
بىردىمىزنى بىردىمىز گاھ قوغلىشىپ؛
يىقىلىمىز مەخمەل كۆكات ئۈستىگە،
قۇچاقلىشىپ،
پومىلاقلىشىپ،
ئوينىشىپ.

9

ئۆركەشلىنىپ سۆيگۈ قۇدرىتى،
تومۇرلاردا تولاۋايدۇ غەزەل:
«ئىشىك ئېچىپ يېڭى ھاياتقا،
ئاياغ باس» دەپ
ئۈندەر ھەر مەھەل.

تۇراپ دايىم

## سەھرا لىرىكىلىرى

### ئۇ كىم؟ — ئۇ — بىز

ئۇ سۇپۇرەر، ئېرىغدار يولنى،
تۆكۈپ مېھىر تۆكۈپ مۇھەببەت.
ئوغلى قەغەز تاشلىسا گاھى،
جىيەن شۇپەك تاشلايدۇ سەپسەت.
شۇڭا بوۋاي بىر قەدەم بېسىپ،
ئارقىغا يانار نەچچە رەت
قانغا سىڭگەن ئادەت — ئۇدۇم بۇ،
ئۇ كىم؟
ئۇ بىز
بۇ نەق ھەقىقەت.

### يول

پاتقۇزىدۇ بەندىلەرنى يول،
پاتقۇزمايدۇ بەندىنى بەندە...
بۇ يول — بىزنىڭ قەلەم يولىمىز،
ئېلىشىشمۇ مانا مەشەدە.
ھەيران ھەسەن بەزى ئادەملەر
بۇ يول ئۆززە ماڭماي بىر قەدەم،
ماڭغانلارغا پۇت ئاتار تېخى،
ناكا قىلىپ قېرىنداشنى،
پۇتلىرىنى بىلىپ مۇستەھكەم.

### مەردلىك بىلسە ئەنە شۇ

ئەللەي ئېتىپ يوللارنى مەيىن،
تەۋرەپ كېتەر تاغدا پەرىزات،
شاۋقۇن سۈرەن ئۆلغىيىپ تىنماي
بۇزۇلىدۇ يولدا سۈكۈنات.
ئويقۇ تۇرماق ئۈگىدەشمۇ ھەتتا
ئامان قالماي بولىدۇ بەربات.

كايىماستىن ئۇ يەنە كۈلۈپ
قويۇن ئىچىپ توققۇز پۈكۈلۈپ
بەخىرامان ياتىدۇ ھەيھات!
مەرد دەپ ئىپتساك يوللارنى ئىپتىقىن!
دەرد كۆرمىگەن ئۆتمىگەن ھايات!

### يارىم دەيدۇ دېرىزەمنى ئاستا چەك

يــارىم دەيدۇ دېرىزەمنى ئاستا چەك،
خەلقى ئالەم پىنھان سىرنى بىلمىسۇن.
شېرىن ماڭا پىنھان سۆيگۈ، پىنھان دەرد،
سوغ نەزەرلەر يۈرەكلەرنى تىلمىسۇن.

يــارىم دەيدۇ دېرىزەمنى ئاستا چەك،
ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىسۇن مەۋجۇدات.
ئىككى زەررە بىر زەررىگە ئايلانسۇن!
ۋە ياشىسۇن شۇ چاغدىكى سۈكۈنات!

### سۆيگۈ

سۆيگۈدىن يارالغان بىزنىڭ بۇ دۇنيا،
جاندارلار ھەمىشە ئاڭا ئىنتىزار.
سۆيگۈدىن تەۋرەيدۇ كۆك ــ زېمىن گويا،
تېرىلىسا چۆلگە ئۇ بولار ئېكىنزار.

كۆيۈشتىن، سۆيۈشتىن ياشنايدۇ ئادەم،
ئويلىسام مۇھەببەت ئۇلۇغ مۆجىزە.
مۇھەببەت تاغلارغا بەردى گۈزەللىك،
مۇھەببەت تاڭلارغا بەردى ئەندىزە.

ئەي ئىنسان سۆيگۈنى ئۆز ئەركىگە قوي،
سۆيمىسەڭ سۆزلىمە قىلسەن بەربات.
يۈرەكتە ئۇ نازۇك مىسلى ئالتۇن تار،
ناۋاسى خۇش ئاھاڭ مەڭگۈلۈك ھايات.

### قىز شۇڭغۇدى ئۆيىگە

ئىشىك ئېچىپ قىز شۇڭغىدى ئۆيىگە،
قالدى تەنھا لىۋەن يىگىت پەرىشان.
يۈرىكىنى مىجىقلايدۇ بىر سەۋدا،
ئىدرىكىنى كېمىرىدۇ پۇشايمان!

نۇرگۈل يۇنۇس

## شېئىرلار

### چۈشلىرىمگە بېرىڭلا تەبىر

ئۇچقۇدەكمەن مىنىپ يۇلتۇزغا،
ئالقىنىمدا ئىمىش سەھرايىم.
قۇياش بىلەن ئايلانغۇدەكمەن،
ئاي بوپتىمىش مىنىڭ ھەمراھىم.

سەن قوي باققان چېكى يوق جاڭگال،
ئالقىنىمدا تۇرار گۈل بولۇپ.
قاغــا قونغان توغراقلارمۇ يوق،
توگەپتۇدەك كۆيۈپ كۈل بولۇپ.

يوق تۇرغۇدەك نامرات قىشلىقىم،
سامان يولى سارىيىم ئايھاي.
قونۇۋاپتۇ مۈرەمگە بىر چاغ،
قىشلىقىمدا سايرىغان تورغاي.

بىر سىلكىنسەم بەدەنلىرىمدىن،
تۆكۈلەرمىش كۈمۈش يوپۇرماق.
ماڭا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن،
گۈل تۇتارمىش ئۇكام بىر ئۇماق.

ھاش كۆتۈردۈم شېھىدىن ئۈيقۇدىن،
چۈشلىرىمنى سۆزلىدىم بىر ـ بىر.
ئويلىنىمەن: بۇ چۈشلىرىمگە
بېرىلەر دەپ قانداق بىر تەبىر؟

## يۈرىكىمنى بەزلەيمەن، ئەمما

(يېتىم قىز تىلىدىن...)

ئەي يۈرىكىم، زارلانما مۇنچە،
زارلاتقان كىم بىر سېنى شۇنچە؟
نېمىشقىدۇ تىنجىيالمايسەن،
يىغلاتمىغىن ئىگەڭنى مۇنچە.

نەدىن كەلدى ساڭا بۇ ئەلەم؟
توختاي دەيسەن توختىيالمايسەن.
ساتماقچىسەن يېتىملىكىڭنى،
خېرىدارنى توختىتالمايسەن.

خېرىدارنى توختىتالمايسەن،
توختاي دەيسەن توختىيالمايسەن.
يەر ـ كۆكتىن خېرىدار چىللاپ،
كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىيالمايسەن.

توختا، دەم ئال! ئۆزۈمنى بىراق،
ئارامىڭغا ئاتاي يۈرىكىم.
يېتىملىكنى ئالماس ئادەملەر،
تەبىئەتكە ساتاي يۈرىكىم.

مۇختار خېلىل

## كۈنلەر

مەن قاتتىل كۈنلەرنى ئۆلتۈردۈم خېلى،
تۈنۈگۈن بوپ قالدى غوۋا ئەسلىمە.
مېنىڭدىن كۆپ ئۇزاپ كەتسەڭ كەت بۈگۈن،
ئاھ! ئىزىم ئۈستىگە قايتا دەسسىمە.

## ... غا

كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى بىزنىڭ،
تىكىلەتتىڭ ھومىيىپ ماڭا.
كۆزلىرىمنى ئېپ قاچتىم شۇئان،
قارىيالماي تۈزۈكرەك ساڭا.

نە ئۈچۈندۇر گۇناھسىز كۆزۈم،
سوغ نىگاھتىن قاچتى پەرىشان.
مېھىر تۆككەن ئوتتەك كۆزلىرىم.
غەزىپىڭگە بولدىمۇ نىشان؟

ئاھ، ئۆتتۈنەي بۇداقى نۆۋەت،
يۈرەكلىرىم قالمىسۇن داغدا.
كۈلۈپ تۇرۇپ قارىغىن ماڭا،
كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان چاغدا.

## قۇياشقا

ياڭاقلىرىڭ قىپقىزىل دائىم،
كۆردۈم سېنىڭ خىجىللىقىڭنى.
تاغ ئۈستىگە قويغىنىڭدا باش،
بىلدىم تاغقا ئىجىللىقىڭنى.

بىر ئىشىڭ بار ئىشقىپ تاغ بىلەن،
توختاتمايسەن سىجىللىقىڭنى.
سۆيگۈ دېسەم ئىجىللىقىڭنى،
نېمە دەيمەن خىجىللىقىڭنى؟

•

يۈرىكىم بەرگىدە تىترەيدۇ شەبنەم،
قىلىچىم بىسىدا قېپقالغان قاندەك.
بولىمەن دىلغۇل،
لاغىلداپ تۇرسا،
بۈگۈن،
قۇربانلىققا تەييار ياقىلاندەك.

ئۇچرىشىش شېرىندۇر، خوشلىشىش دەھشەت،
بۇگۈنگە خوش دېدىم غەيرىي خوشلۇقتا.
لېكىن، ئۇ ئارقىغا باقمىدى ئەسلا،
قوللىرىم پۇلاڭلاپ قالدى بوشلۇقتا.

مەن قاتىل، كۈنلەرنى ئۆلتۈردۈم خېلى،
ۋە يەنە قايتىدىن تۇغدۇردۇم ئۇنى.
قىلىچىم ئاستىدىن قۇتۇلغان كۈنلەر،
بىلىمەن، ئەتىلا ئۆلتۈرەر مېنى.

يۇسۇپ ھۈسەيىن

## يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ سۈرگەن خىياللار

(نەپەس ۋەزنى)

(1)

بىلەكتە يەر شارى، ھاياتلىق ھېكمىتىنى كۆتۈرۈپ يۈرەر بىلمەي ئادەم ئەسلى،
«تۆگە مىنىپ، تۆگە ئىزدەپ» تەقدىر ئىچىدە تەقدىردىن ئۆگىنىپ ئادەم ئەسلى.
سائەتنىڭ مىنۇت تىلى، سېكۇنت تىلى ئىككى خىل ھېكمەتتىن مىسال بىلسە ئادەم،
مىنۇت تىلى تەمكىنلىك، سېكۇنت تىلى ئەركىنلىك، چېكىت بولۇپ تىلىغا مىنسە ئادەم.
سېكۇنت ئالدىرايدۇ كۆپ ئۆتكۈزسەم زامان ماكانىنى چەكلىك ئۆمرۈمدە دەپ،
مىنۇت ئاستىلايدۇ ئۇخلىغاندەك ئۇزۇن ياشاش نېسىپ بولسا ئۆمرۈمگە دەپ؛
سېكۇنتنىڭ چىشلىق چاقى ئاتمىش، قېتىم مىنۇتنىڭ بىرلا قېتىم ئايلانسا قىممىتى تەڭ،
ئەقىلنىڭ بىر يىلى غاپىللىقنىڭ ئاتمىش يىلى، بايلىق، خارلىق تارازىدا نىسبىتى تەڭ.
تەمكىن بىر ھېس بىلەن ئاتمىش خىل ئىش قىلىدۇ، بىر دىلدىن ئاتمىش خىل تىل چىقار،
ئەركىن ئاتمىش خىل ھېس بىلەن بىر ئىش قىلىدۇ، ئاتمىش خىل دىلدىن بىر خىل تىل چىقار،
ھايات سىرى ئوزۇقلا ئەمەس بەلكى ھەزىم، سىرى زەھەرنىمۇ يالاپ كۆنمەك.
كۆنمەك سىرى نەپەسنى مىنۇت يۈرەكنى سېكۇنت رېتىمىدىن قاراپ كۆرمەك.
سائەتكە باققاندا بۇ گەپنى يادىڭغا ئال، سائەت ئەينىكى جاھاننامەك،
يۇملاق شۇ ئىشىك ئىچىدىن ھەر ئىش، ھەر ھېس سىرلىرى تەقدىرى باياننامەك.

(2)

ئۈمىد ئۇچتى ۋېنىراغا، ئۇ يۇلتۇزدىن كۆردى يالقۇنلۇق بىر ئىبادەتگاھ،
مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىقلار ئەرۋاھىغا ئىكەن ئالتۇنلۇق رىيازەتگاھ.
يەردە، سەھەردە ئۇ يۇلتۇز نېچۈن شۇنچە جىمىرلايدۇ دەپ ھەيران ئىدىم،
ئەسلىدە يەردىكى تىرىكلەرگە ئاگاھلىق بەرگۈچى ئىكەن پۇشايمانغا بىشارەتگاھ.
پەرھات، مەجنۇن، ۋامۇق ۋەھاكازا ئاشىقلاردىن ئاڭلىدىمكى، بۇ يۇلتۇز،
لەززەت ھېسسىلىرى قوزغىغان شەيدالىقتا ئىكەن جازا بەرگۈچى ئىزا ـ دەردگاھ.
نۇرلۇق يالقۇنلار چاچقۇچى بىر لەۋھە تاشنى كۆردۈمكى شۇنداق يېزىلىپتۇ:
ئىشق ـ مېھنەت چېچىكى، مېھنەت يىلتىزى، بۇ يۇلتۇزلار مېھنەتكەشلەرگە ئىجازەتگاھ.

www.uyghurkitap.com

(3)

ئالدىڭدىن كەتكەندە «ئۆلدى» دەپ ئۇنۇت، ئۆلگەننىڭ غەيۋىتى ئەھمىيەتسىز،
كەلگەندە بوۋاقتەك بەزلىگىن، مەيلى بولسىلا يۈرىكىڭ شەك- غەرەزسىز.
پانى (مەۋجۇتلۇق) باقى (مەڭگۈلۈك) ئىلمىدە بۇ تەلەپ ئالتۇندىن ئەتىۋار،
قۇياشنىڭ مەشغۇلاتى ئەمۇنىدۇر، دوراپ كۆنگەندە ھەرگىز دەرد سەزمىگەيمىز.
ئى، جان، ھەرتۈن مەڭگۈلۈك ئالدىدا يىلتىز بول، ئاخىرى ئېزىلىپ قۇمتاش،
ھەر كۈن مەڭگۈلۈك ئاسمىنىدا لاچىن بول ئاخىرى ئوتقاش كەبى بەك تېز.
سەھەردە قۇمتاشتىن لاچىن، كەچقۇرۇن ئوتقاشتىن بىلىق تۇغۇلۇش ۋاقتىدا،
ئەمەل قىلساقلا يېتەر يامغۇردا ھەر لالە چېھرىدە تۈنىگەن شەرتىگە بىز.
قارا، يامغۇر ياغار، لالە تىترەر. تۆكۈلۈپ ھەرە ئۆزىنى قازاغا تاپشۇرغان،
سۇزۇلۇپ كۆك كۈلسە لالە خوشلىشىش تەكەللۇپى بولۇر ئەھمىيەتسىز.

(4)

ئى، چولپانجان، قىزىل، قارا چەكمەن كىيىپ بېلىڭنى زەنجىر بىلەن باغلاپ سەپەردە نەگە جابدۇندۇڭ،
كۆز قاراقىمدەك بېشىڭغا يەر شارىنى جەملەپ قانچىلىك ھېكمەتلەرلى كىمگە تەقدىم قىلماقنى ياقتۇردۇڭ.
سېنى جاھاننامە كۆزۈمنىڭ ئالدىغا قويسام، ئۇلۇغۋار قامىتىڭگە قاراپ ئارزۇيۇم قاناتلاندى،
ئۇستاز ئالدىدا شاگىرت كەبى ھۆرمەتتە تۇرغاندا مېنى تەشنا ئەقلىمگە قاندۇردۇڭ.
جانلىقلار ئۈچۈن ھامان ئۆلمەك مۇتلەق بىر قانۇن بولغاچ، ساڭا يەم بولۇپ كېتەي مەيلى،
ئۆزگەرمەس، توختىماس، يولۇڭدا مېنى ئوزۇق قىلغىن، مەن سەن بولۇپ كەتسەم، ئەجەپلەنمە!

(5)

ئى، ھەسەل ھەرىجان، ئالماس، ئالتۇندىن تون كىيىپ، مەرۋايىت ئېرىتمىسىدىن قانات توقۇۋاپسەن،
چىمەنلەر زەھرىدىن ھەسەل ئىشلەپ بېرىپ ئەلگە، بىغەم ئويناپ، بەلكى مۇتلەق ساۋاپ بولۇۋاپسەن.
مىڭ ئالىي مېڭىمۇ ھېسابلاپ بولالمايدۇ، سېنىڭ ھەرىكەت رىتىملىرىڭ نۇر كەبى تېزلىكتە چاققانكى،
جاھان سېھرىگەرلىرى قىلتاق قۇرۇپ پىكىر قىلسا بىرلا رەتنامە جاۋاب بولۇۋاپسەن.
دەقىقىلەپ ئۇچۇپ غايىب بولغۇچى تەپەككۇرنىڭ يولى بارسا كەلمەس بوشلۇقىنى مەنزىل ئەيلەپتۇ،
ھەر دەقىقەمنى قۇربان قىلاي، مېنى يەپ ھەسەل قىلغىن، رازىمەن قىيامەتتە گۇۋاھ بولساڭلا قەلبىمگە!

تۇردى ئەخمەت

## سۆيگۈ

مېھرى قۇياش ئانام باغرىدىن
سۆيگۈ ئۈچۈن تۇغۇلدۇم خۇشال.
سۆيگۈ بىلەن بېقىپ جاھانغا
شۇ سۆيگۈدىن تاپىمەن ۋىسال.

سۆيگۈ ئۈچۈن تۇۋۇلسام ناخشا
يۈرىكىمدە چېقىلار چاقماق.
شۇ چاقماقنىڭ ئوت - يالقۇنىدا
ھايات يولۇم يورۇيدۇ ئاپئاق.

تەپەككۇرۇم قۇچسا سامانى،
ئوتلۇق كۆزۈم چاقنىتار يۇلتۇز.
ئىنقىلابىم كۆلدۈرسە يازنى
زېمىستاندا ئېرىتەر قار - مۇز.

ھەر ئىزىمدا شۇ پاك سۆيگۈنىڭ
خۇش پۇراقلىق گۈلى ئېچىلار.
ئىنقىلابىم سۆيگۈدىن پۈتكەچ،
ھۆر ھاياتقا سۆيگۈ چېچىلار.

ئەنۋەر داۋۇت

# قىسقا شېئىرلار

### مېۋە

بولغاچقىلا سەندەلۇ — بازغان،
ئارىسىدىن قىلىچ يارالغان.

### ئىشەنچ

يولۇم گەرچە بولسا دەشت - سەھراء
تېپىلمايدۇ، — دەيدۇ كىم، — ھەمراھ؟

### تارازا

ئانا سۆيەر بالىسنى باغرىدا،
بالا سۆيەر ئانىسىنى ئاغزىدا.

### ئامەت

كۆرۈنمەيدۇ بىز سالغان بىنا،
گۈللىگەندە قاقاسلىق قىيا.

### دەۋا

تەكرى يارىتىپتۇ زېمىن ئالىمنى،
نېچۈن سۆيمەس ئانا ئوخشاش بالىنى؟

### كېلەچەك

ياشىساڭمۇ يولۋاس ئوخشاش ھۆركىرەپ،
ئۆۋۈك سېنىڭ قالىسا بىكار گۆركىرەپ.

ئەركىن مۇھەممەت

# ناخشاڭغا چىرمىشىپ كەتكەن ھېسلىرىم

### ساھىللار گوياكى بىر كۆي دۇنياسى

ساھىللار گوياكى بىر كۆي دۇنياسى،
خىياللار ئۇستەيدۇ ھەمىشە شوخلۇق.
تويغۇلار سەيلىتەر نىگاھلىرىڭدا،
ھېسلاردىن ھېسلارغا شاراب قۇيۇلۇپ.

باھارنىڭ سۈلكىتى كۆرسەتسە جامالىنى
سۆزلەيمەن، ئاھ، ئۇندىن قىزغىنىپ سىنى
ناخشاڭغا چىرمىشىپ كەتكەن ھېسلىرىم
پەرۋازى كۆكلەردە ئىزدەر نېمىنى؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لەۋلەردە تىترەيدۇ سۆيگۈ سىرلىرى،
تۇيغۇلار قەلبىمدە گويا بىر ناۋا.
تىلەكلەر دېڭىزدەك سالىدۇ شاۋقۇن،
باھاردىن ئىللىقسەن، غۇنچىدىن زىبا...

## قىيا تاش ئۈستىدىكى ئەسلىمە

قىيا تاش ئۈستىدە ئولتۇردۇم ئۇزاق،
شوخ باھار ناخشىسىنى كۈيلەيدۇ دەريا.
كۆكۈمگە بۆلەنگەن زەڭگەر كۆك پەرى،
بىر ئوتلۇق نىگاھتا باقىدۇ قىيا.

نىلۇپەر بەرگىدەك يۇمران سىياقىڭ،
ئاھ، خىيال ئىچىمدا بولىدۇ ئايان.
تاڭ سەھەر تاڭ سۆيگەن گۈلگۈن غۇنچىدەك
چېھرىڭدە شوخ كۈلكەڭ بولار نامايان.

نىگاھىڭ ئاھۇنىڭ نىگاھلىرىدەك،
شۇنچىلىك مۇلايىم، تىكىلەر ئوتلۇق.
بىر ئۆچمەس يۇلتۇزدۇر گويا كى ئۇلار،
قەلبىمنىڭ كۆكىدە چاقنايدۇ نۇرلۇق.

قىيا تاش ئۈستىدە ئولتۇردۇم ئۇزاق،
قەلبىمدە يېڭى كۈي قاينايدۇ شۇ تاپ.
تەكرارلار نەپسىنى بۇ مىسرالارنى:
«ئاھ، جەنۇب قىزلىرى،
دىل سۆيگەن ئاپتاپ.»

## ساھىللىرىڭ بولدى قونالغۇم

ئاھ، زىبا بويى گۈزەل پەرىشتەم،
قاچانلاردا ئۇچراشتىڭ ماڭا؟
خىياللىرىم بولدى ئەسىرىڭ،
چۈشلىرىمدە سەن ئۆزۈڭ ھەمراھ.

ئاھۇ كۆزۈڭ بولدى مۇئەممە،
ھېسلىرىمغا تاشلىدىڭ ھىجران.
بىراق مىسكىن بېقىشلىرىڭدا،
ياش تۆكىسەن نېچۈن مېھرىبان؟!

ئاقتىم ئاتەش ئېقىنلىرىڭدا،
ساھىللىرىڭ بولدى قونالغۇم.
سەن ئۇرۇن بەر تىنىقلىرىڭدىن،
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر تۇرالغۇم.

## نىگاھىڭغا تەلمۈردۈم ئۇزاق

قاراڭغۇ تۈن ئىسكەنجىسىدە،
ماتەم كۈيى چالغاندەك گويا،
ئېغىر - ئېغىر تىن ئېلىپ ئەنە،
شۇنچە مۇڭلۇق ئاقىدۇ دەريا.

كىرپىكلىمدە تىترەيدۇ ئۈنچە،
قەلبىم شۇ تاپ تىنچسىز ئوكيان.
قارىچۇقۇمدا ئاشۇ بىر سۈرەت،
«ھەسرىتىمگە يىغلايدۇ ئاسمان.»

شۇنچە كۈتۈپ غېرىب ساھىلدا،
تاپالمىدىم قاراڭنى زىنھار.
خىياللىرىم كۆتۈردى غەليان،
ئۆزۈڭ نەگە يوقالدىڭ نىگار؟!

شېئىر سوراپ كەلدى بىر شامال،
ساھىلىڭدا ئولتۇرسام تەنھا.
خىيالىمدا ئەيلىدى پارات،
تىنىقلىرىڭ شۇ دەقىق زىبا.

نىگاھىڭغا تەلمۈردۈم ئۇزاق،
زەڭگەر خىيال ئاراشلىرىڭدىن.
ئاھ، ھېسلىرىم يىرتىلدى بىراق،
ھەسرەت چېكىپ كەچمىشلىرىمدىن.



مەمتىمىن شىپە

# ئاخىرقى ئۇتتۇش

(پوۋېست)

1

كەچقۇرۇن كۈن ئولتۇرماستىنلا شامال چىقىشقا باشلىدى. شاراپەت شامالغا ئېتىبارمۇ قىلماستىن تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. چۈنكى، تاماقتىن كېيىن مەۋلان ئۇنى كىنوغا ئېلىپ بارماقچى ئىدى. ئۇ مەۋلان بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

بىراق، ئەر - خوتۇن ئىككىسى دالان ئۆيدىكى سۇپىدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقاندا، بۈگۈن ئاخشام كىنوغا بېرىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە شاراپەتنىڭ كۆزى يەتتى. چۈنكى، شامال قارا بورانغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بوران ھەيۋە بىلەن گۈركىرەپ ئۇۋۇلدايتتى، ئادەم ئەندىككۈدەك قاراس - قۇرۇس، تاراق - تۇرۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، لامپۇچكا ئۆچۈپ قالدى. پۈتۈن مەھەللىدىكى چىراغلار ئۆچكەنىدى. بەلكىم پۈتۈن شەھەر گۈرىستانلىققا ئايلانغاندۇ. ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكىلەر بالا - قازا يۈز بېرىشتىن قورقامدىكىن، قاتتىق بوران چىقسىلا، توكنى توختىتىۋېتەتتى.

— نېمىدېگەن قاتتىق بوران بۇ، ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ،— دېدى شاراپەت ئۇزاقتىن بېرى ئىشلىتىلمىگەنلىكتىن تۇپا بېسىپ كەتكەن پەنەرگە ئوت يېقىۋېتىپ.

— ھە، بۇ يىل ئالمىنىمۇ يېيەلمەيدىغان ئوخشايمىز،— دېدى مەۋلان شاراپەتنىڭ نېمىگە تېردىكۋاتقانلىقىغا ئېتىبار قىلمىغان ھالدا،— ئالمىلار تېخى يېقىندىلا چېچەكتىن

ئايرىلىۋىدى، ھېچنېمىسىنى قويماي قېقىپ تاشلايدىغان بولدى - دە، بۇ بوران!

شاراپەت ئۇنىڭ سۆزىگە ئۈن قوشمىدى. كەڭ يۈزلۈك، قارامتۇل كەلگەن مەۋلانىۇ قايتا ئېغىز ئاچماي، سۇپىنىڭ گۆشىگە بۆلۈكىدا يانپاشلاپ ياتقىنىچە تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ قويدى. ئۇلار بايىلا كىنوغا ئالدىراشقانىدى، ئەمما ھازىر ئۇ ئىشنى ھېچقايسىسى ئېغىزغا ئېلىپ قويمىدى.

بوران بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇ قەھرى بىلەن گۈركىرەيتتى، ئىشىك - دېرىزىلەرنى كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن ئۇرۇپ تاراقلىتاتتى. ئۆي ئىچى باھارغا يات ھالدا سوغۇق، كۆڭۈلسىز تۇيۇلاتتى. شاراپەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، قازان - قومۇچلارنى تولىمۇ ئېرىنىپ يىغىشتۇردى، ئۇنىڭغىچە مەۋلان يانپاشلاپ ياتقىنىچە ئىككى ئورام موخۇركىنى چېكىپ تۈگەتتى.

ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆيدىكى ئىككى كىشىلىك ياغاچ كارىۋاتتا بالدۇرلا يېتىپ قېلىشتى.

بوراننىڭ كىشىنى ئەنسىرەتكۈچى گۈركىرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گاھىدا ھەتتا ئۆيمۇ تىترەپ، دېرىزە ئەينەكلىرى جىرىڭلاپ كېتەتتى. قېرىشقاندەك ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇمۇ يېقىن يولىمايتتى. ئىچى پۇشۇپ تۇرغان مەۋلان ياستۇققا جەينەكلەپ تۇرۇپ ھەدەپ تاماكا چېكەتتى، ئۇ تاماكىنى كۈچەپ شورىغاندا، گۆردىستاندەك ئۆي ئىچى غىل - پال يورۇپ، مەۋلاننىڭ يالىڭاچ بىلەكلىرى قىزىرىپ كۆرۈنەتتى.

شاراپەتنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئۇ ئۆزىنى بىردەم ئىسسىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، بىردەم ئۇچۇق قالغان بىلەكلىرىنى يوتقان ئىچىگە تىقىۋالاتتى. ئۆي ئىچى ئاچچىق تاماكا ئىسىغا تولۇپ كەتكەچكە دىمىقى ئېچىشاتتى، تومۇ تەگكەن كىشىدەك پات - پات چۆشكۈرۈپ يۆتىلەتتى، ئۇياققا - بۇياققا ئۆرۈلەتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئاشۇنداق ئۆتتۈپ كەتكىنى ھەر ئىككىسى ئۇچۇن بەلگىسىز. بىر چاغدا شاراپەت ھەم خۇشال بولغان، ھەم ئەنسىرىگەن ھالدا:

— مەۋلان، قولىڭىزنى ... ئەكىلىڭا قولىڭىزنى مەۋلان! — دېدى.

ئۇ ۋارقىراپ دېگۈدەك سۆزلىگىنى ئۇچۇن، مەۋلان سەل چۆچۈدى.

— نېمە بولدى ساڭا؟

— چاپسان بولۇڭ، ئەكىلىڭ...

شاراپەت مەۋلاننىڭ سول قولىنى تارتىپ ئەكىلىپ، قورسىقى ئۈستىگە قويدى.

شاراپەت يېقىنىدىن بېرى گۇماندا يۈرەتتى. مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە قورسىقى ئىچىدە نېمىنىڭدۇر مىدىرلىغىنىنى ئىككى قېتىم ئېنىق سەزگەندىن كېيىن خۇشال بولغانە ئەمما بۇ خۇشاللىقىنى مەۋلانغا ئېيتىشنى توغرا تاپمىغانىدى. چۈنكى، تۆرەلمە تەۋرىگەن چاغدا مەۋلان ئۆيدە يوق ئىدى.

— ئەنە، ئەنە... تەۋرەۋاتىدۇ، تۇيدىڭىزمۇ؟

تۆرەلمە بۇ قېتىم شۇنچە ئىنىق ۋە ئۇزاق تەۋرىدىكى، مەۋلاننىڭ سەزمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە ئىختىيارسىز ئايالىنى قۇچاقلىدى.

ئۇلار يەنە ئۇزاققىچە ئۇخلىماي، تۇغۇلغۇسى بوۋاق توغرىسىدا سۆزلىشەشتى.

ئېغىر ئەلياتقۇ مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئىلىنغاندەك بولدى. ئەمما، بوراننىڭ ۋەھىملىك گۈركىرىشى تاتلىق ئۇيقۇنى بۇزۇپ تاشلايتتى. مەۋلان ئۇياققا - بۇياققا ئۆرۈلەتتى، ئارىلاپ خورەك تارتىپ جىم بولۇپ قالاتتى. شاراپەتمۇ ئۇخلىيالماي بىئارام بولاتتى، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىشى بىلەنلا ئۆينىڭ تىترىشى، ئىشىكنىڭ تاراقلىشى ياكى بوراننىڭ ئۇشقىتىشىدىن ئويغىنىپ كېتەتتى. بۇ كېچە ئۇ باشتا بىر دەستە قىزىلگۈل چۈشىدى، ئۇنىڭغا كىمدۇر بىرى گۈل تەقدىم قىلدى. كېيىن ئۇ بوراندا قالغان بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلاۋاتقانلىقىنى چۈشىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى چۈشىمۇ ئۇنىڭ ئېنىق ياددا قالدى: ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاشلىقتا بىر بوۋاقنى قۇچاقلاپ كېتىپ باراتتى. بالا ئوغۇل ئىدى، بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. شاراپەتنىڭ ئۇنىڭغا مەسىلىكى كېلىپ، ئۇنى چوكۇلدىتىپ سۆيەتتى. بىردىن بوران چىقىپ كەتتى ۋە دەققە ئىچىدە ئالەم چاڭ - توزان ئىلكىدە قالدى، ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمىدى.

قالايمىقان چۈش تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ شاراپەت ئاخىر ئويغىنىپ كەتتى - دە، كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسلىدى. تۈنجى چۈشىگە ئۇ ئىچىدە كۈلدى. چۈنكى، مەۋلان بىلەن يۈرۈۋاتقان كۈنلەردىمۇ ئۇ ئاشۇنداق گۈل چۈشىگەنىدى. ئۇ بۇ چۈشىنى قوشنا ئۆيدىكى مومايغا ئېيتىپ بەرگەن، موماي بولسا: «گۈل — لايىق. يېقىندا سىلەرنىڭ ئۆيگە ئەلچى كىرىدىكەن، گۈلنى چېكىڭىزگە قىسقىنىڭىز تويىڭىز بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت...» دېگەنىدى. ئۇ مومايىنىڭ تەبىرىنىڭ يېرىمى راست، يېرىمى يالغان بولۇپ چىققانىدى... ئەمما، بۈگۈن چۈشىدە كۆرگەن گۈل نېمىدىن بېشارەت بېرەر؟...

ئۇنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈپ، مەۋلان قوزغالدى ۋە سەرەڭگە چېقىپ، تومپۇچكا ئۈستىدىكى پەنەرنى ياندۇردى - دە، سول جەينىكىگە تايىنىپ تۇرۇپ تاماكا ئوردى.

— سىزنىڭمۇ ئۇيقۇڭىز كەلمەيۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى شاراپەت.

— ھەئە، ئۇيقۇم قېچىپلا كەتتى، كۆڭلۈم نېمىشقىدۇر ئەنسىز... باياتىن بېرى ئۆگزىدە بىر كىملەر ماڭغاندەك بىلىندى.

شاراپەتنىڭ تېنى ئەيمەندى ۋە ئىختىيارسىز مەۋلان تەرەپكە سۈرۈلدى.

— بوراندا شۇنداق تۇيۇلغاندۇ؟

— ياق... بوراننىڭ پەسەيگىنىگە خېلى ئۇزاق بولدى.

شاراپەت قۇلاق سېلىۋىدى، دەرۋەقە بوراننىڭ ساداسى ئاڭلانمىدى.

شاراپەت تورۇسقا قاراپ بايىقى چۈشلىرىنى ئويلاپ ياتاتتى، تاماكا چېكىۋاتقان مەۋلان نېمىگىدۇر قۇلاق سېلىۋاتقاندەك جىم بولۇپ قالدى. كېيىن، ئىچ كىيىم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تالاغا يۈگۈردى.

— نەگە؟

—هويلىغا... هازىرلا كەردىمەن، هويلىغا چىقىپلا...

مەۋلان كالىچىنى شىپىلداتقانچە چىقىپ كەتتى ۋە هايال ئۆتمەي يېنىپ كىردىپ، ئالمان - تالمان كىيىنىشكە باشلىدى. بۇ هال شاراپەتتىكى ئەنسىزلىكنى كۈچەيتتى.

— نېمە بولدى زادى، ماڭا دېسىڭىزچۇ؟

— بىلمىدىم نېمە بولغىنىنى خوتۇن...قوشنا ئۆيدىن گۈلدۈر - تاراق ئاڭلانغاندەك تۇيۇلغانىدى، هازىر قۇلىقىمغا رابىيخان هەدەمنىڭ «ۋايجان!...» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن چىقىپ قاراپ باقاي...

رابىيخان ئاتمىش ياشلاردىكى تۇل خوتۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭى ئۇرۇمچىدە، كىچىكى قەشقەردە ئىشلەيتتى ۋە هەر ئايدا پۇل ئەۋەتىپ تۇرۇشاتتى. مەھەللىدىكى كىشىلەر بۇ ئايالنىڭ ئېرىدىن قالغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرى بار، دېيىشەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ بوۋىسىمۇ، دادىسىمۇ ئۆز زامانىسىدا كاتتا سودىگەر ئىكەنمىش.

قول چىراغ كۆتۈرۈۋالغان مەۋلان هايال ئۆتمەي قايتىپ كىردى. چىرايى قايغۇلۇق ئىدى، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشكەن شاراپەت ئىتتىك كىيىندى ۋە سورىدى:

— نېمە بوپتۇ؟

—بىچارە موماينى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— ۋايجان!...ۋاييەي! نېمە دەيدىغانسىز ئادەمنى قورقىتىپ؟

مەۋلان ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ جاقىلداپ تىترىگىنى شاراپەتكىمۇ ئاڭلاندى.

— راست، ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۆي ئىچىمۇ ئۇچتەي - توچتەي تۇرىدۇ. رەھمەتلىكنىڭ بېشىغا بەر نېمە بىلەن ئۇرغانىكەن، باش، كۆزى قىپقىزىل قان، چىرايىمۇ تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئېيتىڭا، ئەمدى قانداق قىلىساق بولار؟

ئۆلۈكنى كۆرمەي تۇرۇپلا جان - پېنى چىققان شاراپەت تىترەيتتى، مەۋلانغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدە قورقۇنچ ۋە قايغۇ ئىپادىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— مەن ساقچىغا بېرىپ خەۋەر قىلىۋېتەي، سەن ئۆيدە تۇرۇپتۇر.

— ياق، مەنمۇ بىلەن بارىمەن، يالغۇز قالسام قورقىمەن...

— ئۆيىنى تاشلاپلا كېتىۋېرەمىزمۇ؟

— ئەمىسە قوشنىلارنى ئويغىتايلى، ئۇلار خەۋەر تاپسىمۇ ئوخشاشقۇ؟

مەۋلاننىڭ ئويىچە قوشنىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ساقچىغا ۋاقتىدا خەۋەر قىلىش كېرەك ئىدى، چۈنكى ساقچىلار تېزرەك ئۇتۇش قىلسا، قاتىلنى تۇتۇۋېلىشى مۇمكىن

ئىدى. ئەمما، قورقۇپ تىترەپ تۇرغان شاراپەتنى ئۆيدە ھوقۇشتەك يالغۇز تاشلاپ كېتىشكىمۇ بولمايتتى. شۇڭا، مەۋلان شاراپەتنىڭ دېگىنىنى توغرا تاپتى ۋە شاراپەتنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، ئاۋۋال ئۇدۇلدىكى، كېيىن سول ياندىكى قوشنىلىرىنى ئويغاتتى.

بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللە كىشىلىرى ئويغىنىپ رابىيەخاننىڭ ھويلىسىغا توپلىنىشتى. ئەمما، ھېچكىم قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىشكە پېتىنالمىدى، ياشلاردىن بىر-ئىككىسى قول چىراغنى ياندۇرۇپ كىرىپ كۆرۈپ باقماقچىمۇ بولغانىدى، ئەمما چوڭ ياشلىق كىشىلەر ئۇلارنى توسىدى، ئاياغ ئىزى كۆپىيىپ كەتسە، ساقچىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى تەس بولىدۇ، ساقچى كەلمىگۈچە ھېچكىم كىرمىگىنى ياخشى، دېيىشتى ئۇلار. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە يىگىت بولغان ۋەقەنى خەۋەر قىلماقچى بولۇپ ساقچى ئىدارىسىگە كېتىشتى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئاق چاپان ۋە كۆك شىم كىيگەن ئىككى ساقچى يېتىپ كەلدى-دە، مەرھۇمنىڭ دالان ئۆيىگە كىرىشتى. ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇپ، قول چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ ئىچكىرىدىكى ئۆيگە قاراشتى: رابىيەخان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا پول ئۈستىدە ئوڭدا ياتاتتى. ئۇچىسىدا ئۇزۇن، گۈللۈك كۆڭلەك بار ئىدى، چاچلىرى چۇۋۇلغان، بېشى سول تەرەپكە قىيسايغان بولۇپ، قانغا بويالغان يۈزىنى تونۇغىلى بولمايتتى. مەرھۇمنىڭ جەسىتى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئۇنى كۆرگەن ئاياللاردىن بىرى چىرقىراپ تاشلىدى.

ساقچىلار ئوغرىنىڭ ئىزىنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرمىدى، باشقىلارنىڭ كىرىشىنىمۇ توستى. كېيىن سېمىز بىر ساقچى كۆپچىلىكتىن سورىدى:

— بۇ ئىشنى بىرىنچى بولۇپ سەزگەن كىم؟

— مەن.

مەۋلان توپنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋىدى، ھېلىقى سېمىز ساقچى قول چىرىغىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياقتى.

— سەن قانداق سېزىپ قالدىڭ بۇ ئىشنى؟

ساقچىنىڭ سوئالى ئاياللار ئارىسىدا تۇرغان شاراپەتكە قوپال تۇيۇلدى. مەۋلان بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى.

— سەن «ۋايجان!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپلا بۇ ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىردىڭمۇ؟

— ياق، — مەۋلان ساقچىنىڭ سۆزىنى ئىتتىك بۆلدى، — ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىمنى كىيدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن قول چىراغنى ئېلىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقسام، بۇ ھويلىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرۇپتۇ، ھويلىدىن ئۆتۈۋېتىپ، نەچچە قېتىم «رابىيەخان ھەدە» دەپ چاقىردىم، سادا چىقمىدى. دالاننىڭ ئىشىكى داغدام ئوچۇق ئىكەن، قول چىراغنى ياندۇرۇپ كىرسەم، جەسەت ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپتۇ.

— سەن «ۋايجان» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندا سائەت نەچچە بولغانىدى؟

— بىلمەيمەن، چۈنكى سائەتكە قارىماپتىكەنمەن.

— شۇنىڭدىن بېرى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى؟

www.uyghurkitap.com

— بەلكىم بىر يېرىم - ئىككى سائەتچە ئۆتكەندۇ.
— ھازىر سائەت ئۈچ بولدى، — سېمىز ساقچى سائىتىگە قاراپ دېدى، — ئۇنداقتا سەن سائەت بىر يېرىم - ئىككىلەردە ھويلىغا چىقىپسەن - دە؟
— بەلكىم.
— شۇ ۋاقىتقىچە ئۇخلىماي نېمە ئىش قىلدىڭ؟
سېمىز ساقچىنىڭ بۇ سۆزىنى شاراپەتكە قوپال، دوق قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ، ئىختىيارسىز ئەجەبلەندى. مەۋلانمۇ شۇنداق تۇيغۇدا بولسا كېرەك، سەل مەڭدەپ قالغاندەك بىلىندى.
— بوران چىقىۋاتقاچقا ئۇيقۇم كەلمىدى.
سېمىز ساقچى ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالماستىن، كۆپچىلىككە ۋارقىرىدى:
— ھەممىڭلار كىرىپ ئۇخلاڭلار، ۋەقەنى تاڭ ئاتقاندا تەكشۈرىمىز. بىز تاڭ ئاتقۇچە مۇشۇ ھويلىدا بولىمىز. مەۋلان، سەنمۇ كىرىپ ئۇخلا.
كىشىلەر بىر - بىرلەپ تارقاشتى. شاراپەت كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ بەزى پىچىرلاشلارنى ئاڭلاپ قالدى:
— ھەي، ساقچىنىڭ سورىقىغا دىققەت قىلدىڭمۇ؟
— ياق، دىققەت قىلماپتىمەن.
— مېنىڭچە، ئۇ مەۋلاندىن گۇمان قىلدى.
— ھە؟
— چوقۇم شۇنداق...
بۇ غەلىتە پەرەزدىن ئەجەبلەنگەن، قورقۇشقا باشلىغان شاراپەتنىڭ قۇلىقىغا ئۇلاردىنمۇ بەتتەر سۆز ئاڭلاندى:
— «ئازمايدىغان ئاللا» دەپتىكەن. شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئىنسان ئەمەسمۇ ئۇمۇ...
شاراپەتنىڭ بېشى قايغاندەك بولۇپ، يۈرىكى تېز - تېز سوقۇپ كەتتى، ھەتتا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلغىلى تاس قالدى.
شاراپەت ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، يوتقانغا پۈركىنىپ ياتقان بولسىمۇ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئاخىرى يەرگە يورۇق چۈشەر - چۈشمەستىن تۇرۇپ كەتتى. ئەمما قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى بولمىدى. ھويلىغا چىقتى، ئۆيگە كىردى، يول بويىدىكى كىچىك ئېرىقتىن چېلەكتە سۇ توشۇپ كۆپنى توشقۇزدى، ھويلا - ئارامنى سۈپۈردى؛ سۇ چاچتى، چاي قايناتتى. ئەمما مەۋلان تېخىچە ئورنىدىن تۇرمىدى.
— ھەي، تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن، چاي تەييار بولدى، — دېدى شاراپەت تام تەرەپكە قاراپ ياتقان مەۋلاننىڭ بېشىغا كېلىپ.
— ھېچ مىجەزىم يوق، — دېدى مەۋلان قىمىرلاپمۇ قويماستىن.
— نېمە بولدى؟

— كېچە مەرھۇمنىڭ قىپقىزىل قان ئىچىدە ياتقىنىنى كۆرگىنىمدە يۈرىكىم ئاغقاندەك بولۇۋىدى، شۇنىڭ تەسىرىسىمكىن - تاڭ، قىزىپ كېتىۋاتىمەن.

شاراپەت مەۋلاننىڭ پېشانىسىگە ئالقىنىنى قويۇۋىدى، قولى ئوتقا تەگكەندەك بىلىندى.

— ئوت - كاۋاب بولۇپ كېتىپسىز، ناشتىدىن كېيىن دوختۇرغا بېرىپ كەلسىڭىز بولغۇدەك.

— ھېلىقى توڭ ساقچى سوراق قىلغىلى كىرەر ھەقىچان...

شاراپەت ئۈنچىقماي ھويلىغا چىقىپ سۇپىدا مۈكۈلىنىپ ئولتۇردى.

ئىككى ئېغىز ئۆيلۈك تار ھويلىدا ئىككى تۈپ ئۈزۈم بولۇپ، باراڭغا ئېلىنغانىدى. ئۈزۈمنىڭ ياپپېشىل، يۇمران نوتىلىرى پېشايۋانغا يېتەي دەپ قالغانىدى. شاراپەت پېشايۋان سۇپىسىنىڭ قىرىدا ئولتۇراتتى. باراڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر كىگىز چوڭلۇقىدا بوشلۇق بولۇپ، ئۈچ تۈپ ئەتىرگۈل بار ئىدى. يېڭىدىن ئۈنۈپ چىققان بىخلىرى ئاخشامقى قاتتىق بوراندا سۇنۇپ كەتكەنىدى. قەيەردىدۇ ئىككى ئاق قۇشقاچ گويا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىۋاتقاندەك ئۇزاققىچە ۋىچىرلىشىپ كەتتى. سېخىي قۇياش ھاياتبەخش نۇرلىرىنى تۆكۈشكە باشلىغانىدى. ئۈزۈمنىڭ چىرايلىق يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەن شولىلار شاراپەتنىڭ ئاق سېرىق، سوزۇنچاق يۈزىدە، زىغىر رەڭ پىلاتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسىدە، خورما رەڭ يوپكىسىنىڭ ئېتىكىدە جىمىرلاپ ئوينايتتى.

گۇرسۇلدىگەن ئاياغ تىۋىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. شاراپەت چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغىلا كېلىپ قالغان ئىككى ساقچىنى كۆردى. ئۇلار تولۇق پورمىدا كىيىنگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىرى شاراپەتكە تونۇش بولغان ھېلىقى سېمىز ساقچى، يەنە بىرى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك ئورۇق، ۋىجىك، ئورا كۆز، چىرايى قاپقارا ساقچى ئىدى.

شاراپەتنىڭ قورقۇنچلۇقتا يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى.

— مەۋلان بارمۇ؟ — سورىدى ئورا كۆز، ۋىجىك ساقچى.

— بار... — شاراپەت ئۆزىنى سەزمەستىن تەمتىرەپ جاۋاپ بەردى، — ئۆيدە.

— چاقىرىڭ، ئۇنىڭدىن سورايدىغان گەپلەر بار.

شاراپەت پايپاسلاپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. مەۋلان ھويلىغا كىرگەن كىشىلەرنى دېرىزىدىن كۆرگەن بولسا كېرەك، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىۋاتاتتى.

— ئۇلار سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى شاراپەت.

— ئۇقتۇم... چىقىۋاتىدۇ، دەپ ئېيتىپ قوي.

شاراپەت مەۋلاننىڭ دېگىنىدەك قىلدى. مەۋلان كىيىنىپ چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ۋىجىك ساقچى ئۇنىڭدىن گەپ سورىدى:

— بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆيىمۇ؟

— ياق، ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىمىز، ئۆي ئىگىلىرى قارامايدا ئىشلەيدۇ.

— قانچە يىل بولدى بۇ ھويلىدا ئولتۇرۇۋاتقىنىڭلارغا؟
— مەن كەلگىلى تۆت ئايچە بولدى، ئاۋۇ ئولتۇرۇۋاتقىلى ئىككى يىل بولدى.
— كىم ئۇ ئاۋۇ دېگىنىڭىز؟
— مەۋلان.
— مەۋلان كىمىڭىز؟
— يولدىشىم.
— نومۇس قىلماي دەۋاتقان گېپىنى قاراڭ. سىلەر قانۇنسىز ھالدا بىر ئۆيگە كىرىۋالغان تۇرۇپ، قانداقلارچە ئەر - خوتۇن ھېسابلىنىسىلەر؟
شاراپەت ئاۋۋال مەڭدىدى، كېيىن غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى - دە، ۋىجىك ساقچىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى. ساقچىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن رەنجىگەن شاراپەت خېلىلا قوپاللىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:
— مەن نومۇس قىلغۇدەك نېمە ئىش قىپتىمەن؟... ئادەملەر قىلىدىغان ئىشنى قىلدىم، ئوغرىلىق قىلمىدىم، بۇزۇقچىلىق قىلمىدىم، ياخشى كۆرگەن ئادىمىمگە تەگدىم. قانۇنسىزمىش تېخى! سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قانۇنسىز بولساممۇ، خۇدانىڭ ئالدىدا قانۇنلۇقمەن. ئادىتىمىز، دىنىمىز بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇپ تەگكەنمەن مەۋلانغا. ئېيتىڭا، ئۇ ئېرىم بولماي نېمەم بولاتتى؟
ۋىجىك ساقچى ئۆزىگە شۇنچە قوپال گەپ قىلىشقا پېتىنغان بۇ چوكانغا ئۆزىنىڭ سۈرىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئالدىدا پەيدا بولغان مەۋلاننىڭ غەزەپلىك چىرايىغا كۆزى چۈشۈپ توختاپ قالدى.
— مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئىكەنسىز، گەپ - سۆزىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، — دېدى مەۋلان زەردە بىلەن، — بىگۇناھ خوتۇن كىشىنى تېرىكتۈرۈپ نېمە قىلىسىز؟
سېمىز ساقچى ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشلىرىنى چەكلەپ قويدى.
— بولدى قويۇڭلار، — ئۇ مەۋلانغا بېشى بىلەن سىرتنى ئىشارەت قىلدى، — قېنى، ماڭ...
مەۋلان ساقچىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ چىقىپ كەتتى. شاراپەتنى يېڭى غەم - ئەندىشە باستى.
ئۇ كېچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى، سېمىز ساقچىنىڭ قوپال گەپلىرىنى، قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ دېيىشكەن گەپ - سۆزلىرىنى ئەسلىدى. بۇلارغا بايىقى ۋىجىك ساقچىنىڭ قوپاللىقى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىلا ئارامسىز كۆڭلىنى تېخىمۇ بىئارام قىلىشقا باشلىدى: قارىغاندا، ساقچىلار مەۋلاننى رابىيەخاننىڭ قاتىلى، دەپ قىياس قىلىۋاتقاندەك ئىدى. بولمىسا، ئۇنچە قوپاللىق قىلماس ئىدى - دە!... شاراپەت بۇ ئىشلارنى ئويلىسىلا ئىچى تىتىلداپ، يىغلىغۇسى كېلەتتى.
شاراپەت مەۋلاننى خۇددى ئۆزىنىڭ بەش بارمىقىدەك ئېنىق چۈشىنەتتى. ئۇن يىللىرىدىلا ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قالغان مەۋلاننىڭ كۆڭلى تولىمۇ يۇمشاق. ئۇ بۇ دۇنيادىكى نېمىرىسىنى ھالاللاپ يەيدىغان، ھارامدىن قورقى-

دېغان يىگىت. ئۇ پۇل - دۇنيانى دەپ ئادەم ئۆلتۈرۈش تۇگۇل، يولدا ئۇچرىغان بىر تىيىنىنىمۇ يانچۇقىغا سالمايدۇ. ياق - ياق، ئۇ يوقلۇقتىن ئۆلسە ئۆلىدۇكى، ھەرگىز ئۇنداق ھايۋانغا مۇناسىپ ۋەھشىيلىكنى قىلمايدۇ... شۇنداقتىمۇ شاراپەتنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى، سېمىز ساقچى بىلەن ۋىجىك ساقچىنىڭ ئورۇنسىز قوپاللىقلىرى ئۇنى ۋەھىمىگە، غەم - ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى.

مەۋلان خېلى ئۇزۇندا قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن، قاپىقى تۇرۇلگەن، كۆكۈش كۆزلىرى پۇرۇلۇپ تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەنىدى. قولىدا ئاچچىق موخۇركا تۇتەپ تۇراتتى. بۇ ھال شاراپەتنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ ئۇچۇردى - دە، ئەنسىزگىنە سورىدى:

— ئۇلار يەنە نېمە دېيىشتى؟

مەۋلان ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەستىن:

— چاي تەييارمۇ؟ — دېدى.

— چاي تەييار، قاينىتىپ قويغان.

شاراپەت چەينەكنى كۆتۈرۈپلا دالانغا ئېلىپ كىردى.

مەۋلاننىڭ چىرايى غەزەپلىك ئىدى. چاپلىما يانچۇقلۇق قارا چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ تۇگمىلىرىمۇ ئېتىلمىگەنىدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. شاراپەت بايا جاۋابسىز قالغان سوئالىنى يەنە تەكرارلىماقچى بولغانىدى، جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، شاراپەت ئۇنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىدۇ: مەۋلان تېرىكىپ تۇرغاندا ھەرقانداق سوئالنى ياندۇرۇپ سوراشقا بولمايدۇ، ئەكسىچە بولسا، ئۇ ۋارقىرايدۇ، چېچىلىدۇ. «ھېلىقى ساقچىلار ئۇنى سوراق قىلغان، ھەتتا قوپاللىق قىلغان بولسا كېرەك...» دەپ ئويلىدى شاراپەت.

شاراپەت قاچىلارنى يۇيۇۋاتقاندا، بىر ساقچى كىرىپ:

— سىزدىن سورايدىغان، ئېنىقلايدىغان ئەھۋال بار، — دېدى.

شاراپەت ھولۇقۇپ كەتتى ۋە چايقالمىغان چىنىلەرنى شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ، قولىنى پەرتۇقىغا سۈرتتى - دە، ئۆي ئىچىدە كىيىپ يۈرىدىغان كونا تۇپلىيى بىلەنلا چىقىپ كەتتى.

ئۇنى مۇشۇ مەھەللىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان ئايالنىڭ ھويلىسىغا باشلاپ كىردى. ھويلىدا تۆت ساقچى بار ئىدى.

سەپكۈن يۈزلۈك، سېرىق، سېمىز گۇرۇپپا باشلىقى ئۇڭ پۇتىنى سۇپىنىڭ قىرىغا قويۇپ ساقچىلارغا نېمىدۇر دەۋاتاتتى. ئۇ شاراپەتنى كۆرۈپ گېپىنى توختىتىۋالدى. شاراپەت بېشىنى گۇناھكار كىشىدەك ئېگىپ مېڭىپ، سۇپىنىڭ قىرىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىلەرنىڭ ئۆيدە كېچىدە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، — دېدى سېمىز ساقچى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قەدەم يېقىنلاپ كېلىپ.

شاراپەتكە ساقچىنىڭ سوئالى غەلىتە تۇيۇلدى. دېمىسىمۇ، قوشنىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن بۇ ياش ئەر - خوتۇننىڭ كېچىدىكى ئىشلىرىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئاخشام مەۋلان مېنى كىنوغا ئاپارماقچى بولغانىدى، ئەمما بوران چىقىپ توك توختاپ قالدى. كېچىچە نېمىشقىدۇ ئۇيقۇمىز كەلمىدى.

شاراپەت ئېرىنىڭ كېچىدە نەچچە تال تاماكا چەككىنىنى، ئۆگزىدە بېرسى ماڭغاندەك قىلدى دېگىنىنى، يان ئۆيدىكى تاراق-تۇرۇق ئاۋازنى ئاڭلاپ هويلىغا چىققىنىنى، كېيىن قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، رابىيخان هەدەم ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دەپ كىرگىنىنى... ئەينەن سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ جاۋابىنى سېمىز ساقچى بۆلدى:

— قوشنائڭلارنىڭكىدىن قانچىلىك ۋاقىتتا كىردى؟

— هايال ئۆتمەي.

— راستىڭىزنى ئېيتىڭ.

— راست، راست سۆزلەۋاتىمەن.

ۋىجىك ساقچى دىمىغىدا كۈلدى، ئۇنىڭ دىمىغىدا كۈلگىنى شاراپەتنىڭ يۈرىكىگە مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك تۇيۇلدى.

— مەرهۇم رابىيخان بىلەن مۇناسىۋىتىڭلار قانداق ئىدى؟

— ياخشى ئىدى.

— قانداق ياخشى ئىدى؟ ئوچۇقراق ئېيتىڭ.

— ئىش-كۈشلىرى بولسا مەۋلاننى ياردەمگە چاقىراتتى، مەنمۇ نان ياقسا قارىشىپ بېرەتتىم. بەزىدە زېرىكسە بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ بىردەم-يېرىمدەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتەتتى. ئۆزئارا تاماق سۇنۇشاتتۇق.

— ئاداۋىتىڭلار يوقمىدى؟

— ياق.

شۇنىڭدىن كېيىنكى سوراقلارمۇ ئەنە شۇنىدق ئاددىي، جاۋابمۇ ئاددىي بولىدى. ئەمما، سېمىز ساقچى شاراپەتنىڭ جاۋابلىرىغا ئىشەنمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا شاراپەتكە:

— ئۆيىڭىزگە قايتىپ ياخشىراق ئويلىنىڭ. سىز راست گەپ قىلمىدىڭىز. بىز سىزنى يەنە ئىزدىشىمىز مۇمكىن، ئۇ چاغدا يەنە شۇنداق خۇپسەنلىك قىلسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ ياخشى بولمايدۇ، — دېدى.

شاراپەت تولىمۇ مەيۈس قايتىپ چىقتى. ئەمما، ساقچىلار ئۇنى قايتا ئىزدىمىدى.

ساقچىلار ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى سورىغانلىقىنى مەۋلان سوراپمۇ قويمىدى. ئۇ سورىمىغاچقا، شاراپەتمۇ هېچنەرسە دېمىدى. سېمىز ساقچىنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن مەۋلان رابىيخاننى قەستلىگەن، دېگەن گۇمان سېزىلىپ تۇراتتى. مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن بېرى، مەۋلان تاماكىنى كۆپ چېكىدىغان، قاپىقىنى ئاچماي پۇشۇلداپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. دېمەك، ئۇنىڭغىمۇ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى. شۇڭا شاراپەت ساقچىلار بىلەن دېيىشكەن كۆڭۈلسىز پاراڭلارنى تەكرارلاۋەرگەندە مەۋلاننىڭ دەردىگە ئۇستىلەپ دەرد قوشۇلىدىغانلىقىنى هېس قىلغانىدى.

ئۇلار بەختلىك، شېرىن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئەمما، ئاشۇ ئەنسىز كېچىدىن

كېيىن ئۇلارنىڭ ئارامى بۇزۇلۇپ، غەم - ئەندىشىگە ئەسىر بولۇپ قالدى. ئۇلار كۈلۈش تۈگۈل، ھەتتا ئۇدىلۇكمۇ سۆزلەشمەيتتى. مەۋلان توي قىلماقچى بولغان ئىككى يىگىت-نىڭ بويرۇتمىسى بويىچە ئىشكاپ ياساۋاتاتتى، كۆڭلى ئارامىدا بولمىغاچقا، بىسىپ ئىشلىيەلمەي، بىردەم ھويلىغا چىقىپ، بىردەم ئۆيگە كىرەتتى. تاماكىنى ئۈزمەي چېكەتتى ۋە قاپىقىنى ئاچماي يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇنچە بۇرۇختۇم بولۇپ يۈرۈشى شاراپەتنىڭ ئىچىنى سىقاتتى ۋە ئېرىگە كۆڭلىنى كۆتۈرۈدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش — كىنوغا بېرىش، بازارغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىش لازىملىقىنى ئېيتماقچى بولاتتى - يۇ، پېتىنالمايتتى، ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن قورقاتتى. قېرىش-قاندەك، شاراپەت تالاغا چىقسا، قوشنىلىرى يامان كۆزدە قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

بىر ھەپتىگە يېقىن ۋاقىت ئاشۇنداق سىقىلىش ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى.

بىر كۈنى ئاش ۋاقتى بىلەن ھويلىغا ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى. مەۋلان ئەمدىلا ئىشقا كىرىشىپ، ئىشكاپنىڭ تارتمىسىغا كېرەكلىك ياغاچلارنى رەندىلەۋاتاتتى. ئۇلار مەۋلاننىڭ تۇتۇپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىر ۋاراق قەغەزنى كۆرسەتتى. تۇتۇپ تۇرۇش دېگىنى نېمىسى؟ بۇ سۆزنى شاراپەت چۈشەنمەيتتى. ئۇ تىترەپ كەتتى ۋە بوسۇغىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. مەۋلانمۇ ساقچىلارغا ھېچنەرسە دېمىدى، رەندىنى جايىغىلا قويدى - دە، شاراپەتكە بۇرۇلۇپ:

— چاپىنىمنى ئېلىپ چىققىن، — دېدى.

شاراپەت چاپاننى ئېلىپ چىقىپ مەۋلانغا بەردى، ئەگەر ساقچىلار بولمىغىنىدا ئۇ ئۆزىنى مەۋلانغا ئاتقان بولاتتى. ئار - نومۇس ئۇنى تۇتۇپ قالدى. مەۋلان ئۇنىڭ بىچارە، مىسكىن تۇرقىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدى ۋە:

— ئەنسىرىمە، مېنىڭ قانداقلىقىمنى، گۇناھىم يوقلۇقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ؟ — دېدى.

ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ تۇرغان شاراپەت ئۈن چىقىرالمىدى. گويا ئاغزىنى ئاچسىلا كۆز يېشى تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كۆز يېشىدىن نېمە پايدا؟ مۇنداق چاغدا، يىغا بىلەن ئۆزىنىڭمۇ، مەۋلاننىڭمۇ كۆڭلىنى يېرىم قىلىش توغرا ئەمەس. ئاخىر، ئۇنى قولىغا ئالىمىز دېمىدى، بەلكى، تۇتۇپ تۇرىمىز، دېدىغۇ. «تۇتۇپ تۇرۇش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى چۈشىنىكسىز بولسىمۇ، ئومۇمەن ئالغاندا ياخشى گەپ ئەمەس ئىدى. شاراپەت ياش لىغىرلاپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىنى مەۋلانغا تىكتى. مەۋلان شارتتىدە بۇرۇلدى - دە، ساقچىلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.

شاراپەت نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ ئۆرە تۇراتتى. پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى، يەلكىسىدىن كىمدۇر بېسىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ساقچىلار-دىن بىرىنىڭ:

— چۈشتىن كېيىن ئورۇن - كۆرپە ئاپىرىپ بېرىڭ، — دېگىنىنى ئاڭلاپ، پۈتۈنلەي ماغدۇرسىزلاندى - دە، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئورۇن - كۆرپە ئاپىرىپ بېرىڭ... دېمەك، مەۋلان بۇ كېچە ئۆيگە كەلمەيدىكەن-

دە؟ ئەتىچۇ؟ ئۆگۈنلۈككىچۇ؟ شاراپەتكە ئەنسىز كېچىنىڭ خۇلاسىسى ئەمدى چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئەمما، بۇ خۇلاسىگە ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئۇ مىڭ تەسلىكتە كۆڭلىنى چۈش قىلدى، لەگمەن ئەتكەنىدى، ئەمما تامىقى ئوخشىمىدى، خېمىرى تۇزلۇق بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن سوزغىچە تولا ئۈزۈلۈپ كەتتى-دە، ئاش قازاندىن ئۈزۈك-ئۈزۈك چىقتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مەۋلانغا بىر قاچا لەگمەن تەييارلىدى ۋە بىر قۇر ئورۇن-كۆرپىنى تاڭدى. كېيىن چوڭ كوچىدىن بىر كىراكەش بالىنىڭ ئېشەك ھارۋىسىنى سۆزلىشىپ ئېلىپ كىردى-دە، ئورۇن-كۆرپىنى بېسىپ ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ يول ئالدى.

مەۋلان ئاللىقاچان شەھەر ئەتراپىدىكى تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلگەنىدى. ئۇلار ھارۋىنىڭ بېشىنى بۇراپلا تۈرمىگە قاراپ ماڭدى. ئەمما، شاراپەت ئۇ يەردىمۇ مەۋلاننى كۆرەلمىدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئېڭىكى ئاپئاق، ھەتتا بۇرۇتىمۇ قارايمىغان بىر خەنزۇ ساقچى تاپشۇرۇپ ئالدى ۋە ھازىرلا مەۋلانغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ شاراپەتنى قايتۇردى.

مەۋلان قامالغانىدى.

تۈرمىگە قامالغان ئادەملەرنىڭ پات ئارىدا قايتىپ چىقمايدىغانلىقىنى شاراپەت باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدى. ئۇ يىغلاپ قايتتى. ئۇ ئۈن سېلىپ يىغلىمايتتى، پەقەت نېپىز كالپۇكلىرى تىترەيتتى، كۆزىدىن لۆمۈلدەپ ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ تۆت ئايلىق بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان كىچىك ھويلا ۋە ئىككى ئېغىز ئۆي ئەمدىلىكتە كۆرۈمسىز، سۈرلۈك كۆرۈندى. شۇڭا، شاراپەت دالانغا كىرە-كىرمەستىن بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى.

2

تۆت ئاي، ئاجايىپ لەززەت، ئۇنتۇلغۇسىز بەخت ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەن تۆت ئاي... شاراپەتنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇۋاتقان نەرسىمۇ ئاشۇ كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسى. بولمىسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇدىغان نېمىسى بار؟

مەۋلان باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا دادىسىدىن ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان، دادىسى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يۈرەك ئاغرىقى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇ ئۇستا ياغاچچى بولۇپ يېتىلگەنىدى. ئىشكاپ، ئۈستەل، ئورۇندۇق، ساندۇق دېگەنلەردىن گۈل چىقىرىۋېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىش بۇيرۇتقۇچىلار كۆپ ئىدى. مەۋلان ئەتىدىن كەچكىچە ھويلىدىن چىقماي ئىشلەيتتى، شاراپەت ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى. ئۇلار ئىككى كۈننىڭ بىرىدە دېگۈدەك كىنوغا بېرىشاتتى. مەۋلاننىڭ دولىسىغا بېشىنى قويۇپ ۋە گازىر چېقىپ ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈش، ئەتراپىدىكى يىگىت-قىزلارنىڭ پىچىرلاشلىرىنى، بەختلىك كۈلكىلىرىنى ئاڭلاش نېمىدېگەن ھوزۇر ئىدى-ھە؟!

ئاھ، ئۇ كۈنلەردە شاراپەت تولىمۇ بەختلىك ئىدى. شاراپەت مەۋلاننى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما مەۋلاننىڭ ئىشقىنى ئۆزىنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك سېزەتتى. چۈنكى، مەۋلان ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزىگە، بەختتىن مەستخۇش بولۇپ قالغان قارا كۆزلىرىگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق قارايتتى ۋە: «مېنىڭ گۈزىلىم، مېنىڭ ئامرىقىم، خۇدايىم قوشقان

جورام...» دەپ ئەركىلىتەتتى. گاھىدا تېخى بوۋاقنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا شاراپەت ئاۋۋال قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. كېيىن، مەۋلاننى چىلك قۇچاقلىۋالاتتى.

ئۇ بەختلىك ئىدى، بەختلىك قىلغىنى ئۈچۈن، كۈندە مىڭ قېتىم ئاللاغا رەھمەت ئېيتاتتى. ئەمما، بىرلا ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى.

ئۇلار ئىككىسى ئۆتكەن يىلى يازدا كىنوخانىدا تونۇشۇپ قالغانىدى. شاراپەت بىر مەھەللىلىك قىزلار بىلەن ئوتتۇرىدىكى قاتارنىڭ ئاخىرىدىراق ئولتۇراتتى. تولۇنئاي سۈتتەك نۇر چېچىپ تۇرغاچقا، كىنوخانا ئىچى يورۇق ئىدى ۋە ئېكراندىكى سۈرەتلەر غۇۋا كۆرۈنەتتى. كىنودىن ھېچ ھوزۇر ئالالمىغان قىزلار ئۆز پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىر چاغدا بىر توپ يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى-دە، قىزلارغا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق تۇيۇقسىز يېقىنچىلىقتىن غەلىتىلىك سەزگەن شاراپەت قايرىلىپ قارىۋىدى، كەينىدە ئولتۇرغان يىگىتكە كۆزى چۈشتى، ئۇ شاراپەتكە تىكىلىپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇسىز؟— دېدى ناتونۇش يىگىت شاراپەتكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ.

شاراپەت جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي چاقچاقلىشاتتى. كېيىن ئۇلار جۈپ-جۈپ بولۇشۇپ كىنوخانىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا تارقىلىپ كېتىشتى.

شاراپەت ئۇن سەككىز ياشتىن ھالقىغانىدى، يىگىتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن قىزلارنىڭ كەينىدىن ئەگىپ يۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، قولىقىنىڭ تۈۋىدە ناتونۇش يىگىتنىڭ ئىسسىق نەپىسىنى سەزگىنىدە يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى ۋە يۆتكىلىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغالدى. ئەمما ناتونۇش يىگىت ئۇنى تۇرغىلى قويماي، دولىسىدىن باستى. ئۇنىڭ بەدىنىگە ئىسسىق ئېقىم تارىدى، تومۇرىدا ئىسسىق قان ئۆركەشلەپ كەتتى.

— قويۇۋېتىڭ،— دېدى شاراپەت ئۆيۈلۈپ.

— ياق، كەتكۈزمەيمەن.

— نېمىشقا؟ نېمە سىز...

— مۇڭدىشىمىز.

— ئوھوش... مەن سىزنى تونۇمىسام نېمىدەپ مۇڭداشقۇدەكمەن؟

— سىز مېنى تونۇمىغان بىلەن مەن سىزنى تونۇيمەن. سىز ئابلىز قارىنىڭ قىزى. شۇنداقمۇ؟ ئاپىڭىزنىڭ ئىسمى نۇرخان.

شاراپەت جىم بولۇپ قالدى. ناتونۇش يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىدى. ئۇ بۇلارنى قانداق بىلىۋالدىكىن؟ بۇ ناتونۇش يىگىت بەلكىم شاراپەت تېخى تونۇشۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن تۇغقانلىرىنىڭ بىرىدۇر، ئۇنىڭ دادا تەرەپ، ئانا تەرەپ تۇغقانلىرى ناھايىتى كۆپ، شاراپەت ئۇلارنىڭ تولىسىنى تونۇمايدۇ، ياكى دادىسىنىڭ يېقىن-يورۇقلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ، ئۇنى كېلىن قىلىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن ياخشى

www.uyghurkitap.com


لىيەتلىك بىرەر ئائىلىنىڭ بالىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۈچ غايىپنىڭ ئىچىدە بىرى ئىكان. ئەگەر بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى شاراپەتنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى چېتىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ يۈرگەن بولسىچۇ؟ بۇ ناتونۇش يىگىتكە قوپاللىق قىلىپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە؟... شاراپەت تەرسالىقىدىن قايتىپ، ئاستا-ئاستا يۇمشىدى. «ناتونۇش بولسا پاراڭلاشقانغا نېمە بولاتتى؟...» دېگەن خىيال بىلەن ئۆزىنى بەزلىدى.

— هازىر ئوقۇمايۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟... نەچچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغانىدىڭىز؟

— تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، شۇنىڭدىن بېرى...

— قانداقلا بولمىسۇن، مېنىڭدىن كۆپ ئوقۇپتىكەنسىز، مەن ئاران باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن.

ئۇلارنىڭ پاراڭى ئاشۇ تەرىقىدە يۇرۇشۇپ كەتتى. ناتونۇش يىگىت — مەۋلان تولاراق سۆزلىدى، شاراپەت «نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا...» دېگەندەك سوئاللار بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تۇردى.

كىنودىن قايتقۇچە ئۇلار ئۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشىپ، كونا تونۇشلاردەك بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار شەھەرنىڭ چېتىدىكى مەسچىت ئالدىدا خوشلاشتى، مەۋلان ئۇنىڭغا خەيرلىك كېچە تىلىدى، شاراپەتمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى.

مەۋلان شۇ ئاخشىملا شاراپەتتە ياخشى تەسىرات قالدۇردى. «ئوچۇق-يورۇق، ياخشى بالا ئىكەن...» دەپ ئويلىدى ئۇ. هەتتا ئۇ مەۋلانىنىڭ يېتىملىكىگە ئىچ ئاغرىتتى. بۇنداق يىگىرمە-يىگىرمە بىر ياشلاردىكى قارا يېتىمگە كىمنىڭمۇ ئىچى ئاغرىمىسۇن؟ «بىچارە... يا دادىسى، يا ئانىسى يوق، ئۆزى يالغۇز قانداق ياشايدىكىنە؟...» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىدىن زادىلا چىقمىدى. ئۇ ئۆيگە كېلىپ ياتقاندىن كېيىنمۇ يەنە شۇ هەقتە ئويلاندى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئۇلار يەنە ئۇچراشتى. بۇ جامائەت جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ يانغان مەزگىل بولۇپ، شاراپەت بازارغا كۆكتات ئالغىلى چىققانىدى. مەسچىتتىن چىقىۋاتقانلار ئارىسىدا مەۋلانمۇ بار ئىدى. ئۇ شاراپەتنى كۆرۈپ قالدى ۋە جامائەتتىن ئايرىلىپ شاراپەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سالام قىلدى. شاراپەت ئوچۇق چىراي ئەھۋاللاشتى. شاراپەتنىڭ «قاياقتىن كېلىۋاتىسىز؟» دېگەن سوئالىغا مەۋلان: «جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ قايتىۋاتىمەن» دېۋىدى، خېلى ئەھلى مۇسۇلمان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان شاراپەت ئۆزىچە خۇشال بولدى.

چۈنكى ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش، ئادەملەرنى ناماز ئوقۇش-ئوقۇماسلىقىغا قاراپ ياخشى-يامان دەپ ئايرىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغلاردا مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇيدىغانلار ناهايىتى ئاز ئىدى. جۈمە نامىزىغا جامائەت كۆپرەك كېلەتتى-يۇ، ئەمما ياشلار يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا ساناقلىق جامائەت ئىچىدە شەھەردىكى ئەڭ چوڭ مەسچىتتە نامازنى قازاسىز، ئوچۇق-ئاشكارا ئوقۇپ كېلىۋاتقىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئىمانى كامىل مۇسۇلمان دەپ هېسابلايدىغان ئابلىز قارىم ياشلارنىڭ خۇدانى ئۇنتۇپ، دىنـ

دىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ۋايساپلا يۇرەتتى. ئەمما، مۇنۇ مەۋلان، ئەمدىلا يىگىتلەر قاتارىغا ئۆتكەن بالا... جۇمە نامىزى ئوقۇغىنىغا قارىغاندا، بامداتنى قازا قىلمايدىغانلىقى سۆزسىز ئىدى. مەۋلانىنىڭ دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك يىگىتلىكى شاراپەتكە ياقتى.

ئۇلارنىڭ تونۇشقىنىغا بىر ئاي بولغاندا، مەۋلان شاراپەتكە تەكلىپ قويدى. شاراپەت ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا ئاللىقاچان تەييارلانغان بولسىمۇ، دەرھال رازىلىق بىلدۈرۈشكە ئىزا تارتىپ:

— ئاتا - ئانامنىڭ رازىلىقىسىز مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن،— دېدى.

يىگىتنىڭ تەكلىپى كېيىنكى كۈنلەردە يەنە تەكرارلاندى. مەۋلان ئەگەر سىز رازىلىق بەرمىسىڭىز، ئاتا - ئانىڭىز مېنى ئىشىكىڭلارغا يېقىن يولاتماسلىقى مۇمكىن، دېۋىدى، شاراپەتنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغاندەك بولۇپ، رازىلىق بەردى.

مەۋلان ئەلچى كىرگۈزدى، بىر ئەمەس، ئۈچ قېتىم. ئەپسۇسكى، ئابلىز قارىم ئۇنى كۈيئوغۇللۇققا لايىق كۆرمىدى.

ئۆزىنى چىن مۇسۇلمان ھېسابلايدىغان بۇ كىشىنىڭ «قارىم» دېگەن ھۆرمەتلىك نامى بولغىنى بىلەن دىنىي بىلىمى چاغلىقلا ئىدى. كىچىكىدە موللامدا ئۈچ يىل ئوقۇغىنى راست، ئەمما، قارىلىقتىن ئۆتەلىگەن ئەمەس. ئۇ كىچىكىدىنلا ئويۇنپەز، سوقۇشقاق بولۇپ ئۆسكەنىدى. شۇنچە يىل ئوقۇپمۇ قۇرئاننىڭ يېرىمىنىمۇ يادقا ئالالمىغىنى ئۈچۈن، تېرىكىپ زەردە گۆش بولۇپ كەتكەن دادىسى ئۇنى سوپۇنچى ئۇستامغا تۇتۇپ بەرگەنىدى. ئۇ بۇ ھۈنەرنى يامان ئەمەس ئۆگەنگەن، ئەمما، كېيىنكى زامانلاردا بۇ ھۈنەر ئاقمىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئاللىقاچان ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ ئۈلگۈرگەنىدى.

بىر ئۆينىڭ غېمى ئۇنى باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئاخىرى گۆلە - قاق، جىگدە - ياڭاق... ئېلىپ ساتىدىغان تىجارەتنى تاللىۋالدى. بەزىدە ئالما ئېلىپمۇ ساتاتتى، توغرا كېلىپ قالسا، ئۆتۈك، شىبلىت دېگەندەك پۇللۇقراق نەرسىلەرنى ئېلىپ سېتىشقىمۇ جۈرئەت قىلاتتى. ئۇنىڭ قولىدىن بۇنىڭدىن باشقا ئىشمۇ كەلمەيتتى.

ئابلىز قارىمغا قارىغاندا، ئايالىنىڭ قولى ئەپچىل بولۇپ، ئۇستا سەيپۇڭ ئىدى. بولۇپمۇ ياشانغان كىشىلەرنىڭ كېيىم - كېچەكلىرىنى ياخشى تىكەتتى. ئۇنىڭ تاپقان كىرىمى ئابلىز قارىمنىڭكىدىن كۆپ بولاتتى. شاراپەتنىڭ ئاپىسى ئۆي تۇتۇشقىمۇ ماھىر ئىدى، ھەممە نەرسىنى تېجەپ ئىشلىتەتتى، باللىرىنى ئاچ - يېلىڭ قويمايتتى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ بوران - چاپقۇنلۇق مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئابلىز قارىمنىڭ خېلى ئامىتى كەلگەندەك بولدى. ئۇ «ئىمانى سۇسلىشىپ كەتكەن» جامائەت ئارىسىدا بىمالال ۋەز ئېيتىپ يۈردى. ئۇ سۆزگە ئۇستا ئىدى، چالا - چولتا بولسىمۇ مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى توغرىسىدا سۆزلەيتتى. كېيىنچە، ھەدىسلەرنى چۈشەندۈرىدىغان، بەزى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىدىغان بولدى. ئۇنىڭ بۇ بىلىمىگە قايىل بولغان بىر كۈنى بامدات نامىزىدىن قايتىپ

كېلۋېتىپ:

— ئۆزىڭىز دىنىي ئىلىمدا خېلى تولۇق ئىكەنسىز، قەيەردە ئوقۇۋېدىڭىز؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئۇستازىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى ۋە:

— قارىلىقتىن ئۆتكەنمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن موزدۇز:

— ئۇنداقتا، سىزنى قارىم دېيىشىمىز كېرەك ئىكەن، — دېدى ۋە ھەممىدىن بۇرۇن ئاشۇ موزدۇز ئۇنى قارىم دەپ ئاتىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ قارىم ئاتالدى.

ئابلىز قارىم بەزىدە ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان بولدى. ئۆلۈم ئۇزاتقۇچىلار ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ئازدۇر-كۆپتۇر ھەق بېرەتتى. سوپۇنچى ئابلىز «قارىم» ئاتىلىدىغان بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ تۆرددرەك ئولتۇرىدىغان، قىرائەت قىلىدىغان بولدى، قوشۇمچە تاپاۋىتىمۇ كۆپەيدى. ئۇ ھەرقانداق سورۇندا ھامان ئىمامغا يېقىن يەردە ئولتۇراتتى، ئىمامنىڭ تەپسىرلىرىنى باش لىڭشىتىپ ياكى «ھەق راست» دەپ تەستىقلاپ تۇراتتى. ئازراق قىرائەت قىلىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولۇپ قالاتتى ۋە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك نېسۋىسىنى ئېلىپ تۇراتتى.

شاراپەتنىڭ دادىسى ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ ھال-كۈنى قانائەتلەنگۈدەك ئەمەسلىكىگە قارىماي، ئاسانلىقچە ئادەم ياراتمايتتى. ئۇنىڭ مەۋلانىنى كۆيئوغۇللۇققا لايىق كۆرمەسلىكىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. ئاخىر ئۇ جامائەت ئارىسىدا قارىم ئاتالغان ھۆرمەتلىك زات بولسۇنۇ، «چاقىرسا ئېتى يوق، ئۇتسا سېپى يوق» بىر قارا يېتىمنى كۆيئوغۇل قىلسۇنمۇ؟

مەۋلانىنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ كەينى-كەينىدىن دەرۋازا ئاتلاپ كىرىشى ئابلىز قارىم ئۈچۈن ھاقارەتتەك تۇيۇلدى. شۇڭا ئەلچىلەرنى بىر-ئىككى قېتىم: «قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق» دېگەن سىلىق جاۋاب بىلەن قايتۇردى. ئەلچىلەر ئۈچىنچى قېتىم كەلگەندە قارىم قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى. ئەلچىلەر ئاخىردا شاراپەتنىڭ مەۋلانىغا مەيلى بارلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئابلىز قارىم دەرھال چېچىلدى:

— مېنىڭ ئالدىمدا نومۇس قىلماي نېمىلەرنى دەۋاتسىلەر-ھە؟ قويۇڭلار ئۇنداق بىمەنە گەپنى... ئۆيۈمدە ئۇنداق ھاياسىز قىز يوق، ئاتا-ئانىنىڭ ئاغزىغا قارىمايدىغان قىزنى قىزىم دېيىشكە تىلىممۇ بارمايدۇ.

ئەلچىلەر سولىشىپ قايتىپ كېتىشتى.

ئابلىز قارىم ئاچچىقىنى يۇتالماي تىت-تىت بولۇپ تۇرغىنىدا قىزى سىرتتىن كىرىپ كېلىۋىدى، قىزىغا قايناپلا كەتتى:

— ھوي، نومۇسنى بىلمەيدىغان، ئادەمنى ئەمەس، قانجىقنى ئەمگەن دەيۈز، سەن ئىتنىڭ بالىسىنى يۈزۈمنى چۆشۈرسۇن دەپ باققانمىدىم-ھە؟...

دادىسىنىڭ نېمىگە كايىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن شاراپەت ئەتەي چۈشەنمەسلىككە سېلىپ دادىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋىدى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقى دادىسى ئۈچۈن

يۈزى قېلىنلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ تۇيۇلدى - دە، ئاچچىقىدا قىزىغا بىر تەستەك سالدى، ئۇنىڭچە بولغىنىدا قىزى گۇناھكارلارچە باش ئېگىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدىكى، ئۇ ئاچچىقلاپ سۆزلەۋاتقاندا ھەرگىزمۇ ئالدىدىن ئۆتمەسلىكى لازىم ئىدى.

ئاشۇ بىر تەستەكتىن كېيىن، شاراپەت دادىسىدىن يامانلاپ قالدى. ھەپتىگىچە قاپىقىنى ئاچمىدى، دادىسىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىمىدى. دادىسىنىڭ نۇرغۇن يارىماس قىلىقلىرى بارلىقىنى ھېس قىلدى. ھەرقانچە قىلسىمۇ دادىسىنى كەچۈرگىسى كەلمىدى. ئاشۇ بىر تەستەكنى ئويلىسىلا ئۆپكىسى ئۆرۈلەتتى، بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشاتتى. ئۇ باللىقىدا دادىسىدىن قانچە تەستەك يېگەنلىكىنى ساناپ بېرەلمەيتتى. ئۇ چاغلاردا ئاشۇ ساناقسىز تەستەكلەر بىردەمدىلا ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. ئاخىر دادا بالىنى ئۇرىدۇ - دە، بۇرۇن بۇنداق خىيال شاراپەتنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرەتتى، ئەمما، بۇ قېتىم...

شاراپەت بۇ قېتىمقى تەستەكنى راستىنلا كۆتۈرەلمىدى، ھەرقانچە ئويلاپ باقسىمۇ كۆڭلى تەسەللى تاپقۇدەك، دادىسىنى ئاقلىغىدەك سەۋەب تاپالمىدى. چۈنكى، ئۇ چوڭ بولۇپ قالغان، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەرسالىقى تۇتتى. ئەگەر دادىسى يەنە كىبىر كۆرسىتىپ، مەۋلانىنىڭ ئەلچىلىرىنى قوغلايدىغان بولسا، بۇ ئۆيدىن قېچىپ كېتىپ، دادىسىنى ھەسرەتتە قالدۇرۇشنى، چوڭچىلىق قىلغىنىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئەمما، شاراپەت تېخى قىز، يەنە كېلىپ ھاياتنى، مۇھەببەتنى ئەمدىلا چۈشىنىشكە باشلىغان، كۆزى ئېچىلمىغان قىز - دە، ئۇ مەۋلانىغا قانداقلارچە قېچىپ كېتەيلى، مېنى ئېلىپ قېچىڭ دەپ ئېيتالىسۇن؟ ئۇنداق دېيىش قىز بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، كەچۈرگىلى بولمايدىغان نومۇس ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاراپەت بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ قېچىشنى تەكلىپ قىلسا، كېيىنچە مەۋلانىنىڭ ئالدىدا قەدرى بولماي قېلىشىمۇ تەبىئىي ئىش ئىدى.

مەۋلان شاراپەتنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. شۇڭا، ئەلچىلىرىنى ئابلىز قارىنىڭ قوپال مۇئامىلە بىلەن قايتۇرغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتالمىدى. بولغۇسى قېيىن ئاتىسىنىڭ تەرسالىقىدىن غەزەپلەنگەن مەۋلان شاراپەتنى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

شاراپەت كىنوغا بارىمەن دەپ ئانىسىغا يالغان ئېيتىپ ئۆيدىن چىققانىدى. مەۋلان ئۇنى شۇ ھامان بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، قايتىپ كەتتى. ئەتىسىلا قىلغان ئىشىنى مەرھۇم دادىسىنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىدىن بىرىگە ئېيتتى ۋە ئابلىز قارىنىڭ ئالدىغا ناماقۇللۇققا بېرىپ كېلىشنى ئۆتۈندى. ئۇ كىشى ئابلىز قارىنىڭ ئالدىغا باردى.

ئابلىز قارىم قىزىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆيىدە يالغاندىن ئاغرىپ ياتاتتى. ئۇ ناماقۇللۇققا كەلگەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى يېرىم - ياتا ئاڭلاپلا ۋارقىراپ كەتتى:

— مېنىڭ ئۇنداق قىزىم يوق. ئۇنداق ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان يۈزى قېلىن قىزدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا كەچتىم. ئۇ دەيۈز مېنى دادام رايىدىن يېنىپ قالار دەپ

خام خىيال قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئىشىغا ئىگە بولمايمەن، ئۆيگىمۇ كىرگۈزمەيمەن...

ئابلىز قارىم ناماقۇللۇققا قايتا كەلگەن كىشىلەرنىمۇ ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن قايتۇردى.

مەۋلانىمۇ، شاراپەتمۇ ئوخشاشلا ئابلىز قارىمنى تەقدىرگە باش ئېگىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەمما، كېيىنكى ئىش ئۇلارنىڭ پەرىزىگە توغرا كەلمىگەچكە، ئۆز ئالدىغا ئادىي بولسىمۇ توي قىلماقچى، رەسمىيەتنى ئادا قىلماقچى بولدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار توي خېتى ئالالمىدى. توي خېتى ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئولتۇرۇشلۇق ئاھالە كومىتېتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى لازىم ئىدى، بۇنداق تونۇشتۇرۇشنى ئابلىز قارىم ئائىلىسى قاراشلىق ئاھالە كومىتېتى بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئابلىز قارىم ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قۇلىقىنى ئاللىقاچان تولغاپ قويغانىدى. شۇڭا، بۇ ئىككى ياش كونىچە ئۇسۇلدا، موللامنىڭ نىكاھ ئوقۇشى بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ، ئەر ـ خوتۇن بولۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، نەچچە ئەسىردىن بېرى بۇ زېمىندا توي ئىشلىرى ئاشۇنداق نىكاھ ئوقۇش بىلەن پۈتۈپ كەلگەنىدى.

كۈنلەرمۇ، تۈنلەرمۇ تولىمۇ قىسقا بىلىنىپ ئۆتمەكتە ئىدى. شاراپەت مەۋلانىغا تەگكىنىگە پۇشايمان قىلغۇدەك بىرەر كۆڭۈلسىزلىك سەزمىگىنى ئۈچۈن كۈنلىرىنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە هامان غەشلىك بار ئىدى. بۇ، ئۆز ئاتا ـ ئانام بار تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسىز بولۇپ قالدىم، دېگەن تۇيغۇنىڭ تەسىرى ئىدى.

شاراپەت ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يارىشىپ قېلىشنى ئويلايتتى. گەرچە ئۇ دادىسىنىڭ هېلىقى كاچىتىنى ئۇنتالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ دادىسى بولغىنى ئۈچۈن كۆرگۈسى كېلەتتى. ئانىسىنى تېخىمۇ سېغىناتتى. ئۇنىڭ هەدىسى، سىڭلىسى ۋە ئىككى ئىنىسى بار ئىدى. ئۇلارمۇ خىيالىدىن نېرى بولمايتتى. هەدىسى تاغدا ئورمانغا قارايدىغان ئىشچىغا ياتلىق قىلىنغانىدى، شاراپەت مەۋلانىنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن كېيىن هەدىسىگە خەت يازغان بولسىمۇ، هەدىسى جاۋاب يازمىدى. ئۇ بەلكىم سىڭلىسىنىڭ قىلغان ئىشىنى توغرا تاپمىغاندۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئىزدىشىپ قويۇپ، دادىسىنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە قېلىشتىن قورققاندۇ. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ سىڭلىسىغا جاۋاب خەت يېزىشتىن باش تارتىشىدا بىر سەۋەب بار ئىدى. شاراپەتنىڭ ئۇكىلىرى بىلەن سىڭلىسى تېخى كىچىك ئىدى، تۇغقانچىلىقنىڭ قەدرىگە يېتەلمەيتتى. ئۇنى كۆرگۈسى كېلىپ ئىزدەي دېسىمۇ، دادىسىنىڭ غەزەپلىنىپ تىللىشىدىن قورقاتتى.

شاراپەت ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئانىسى بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشتى. بۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغان ئۇچرىشىش بولدى، ئۇلار ئىككىلا قېتىمدا كۆكتات ئالغىلى چىققاندا ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل كېلىپ قېلىشتى. بىرىنچى قېتىمدا ئانىسى شاراپەتنى كۆردى ـ يۇ، كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. شاراپەت ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئەسلىغۇ ئۇ ئۇنداق ئويلىغان ئەمەس ئىدى، بىراق، ئۆزىنى تۇتالمىدى، نېمىشقىدۇ ئىچى ـ ئىچىدىن يىغا ئۆرلەپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. ئانىسىمۇ كۆز يېشى قىلدى. كېيىن ئۇلار ئانچە ـ مۇنچە مۇڭداشتى. شاراپەت يېلىنىپ تۇرۇپ،

داماقۇللۇققا ئادەم ئەۋەتەيلى، دېۋىدى، ئانىسى:

— بولدى، بولدى. شۇ كۈنلەردە داداڭنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ تۇردۇ، ئادەممۇ بارمىسۇن، سەنمۇ كۆزىگە كۆرۈنمە، ئۆزۈڭ تاپقان بالانى ئۆزۈڭ تارتىپ ئۆت، — دېدى.

ئىككىنچى نۆۋەت ئۇچراشقاندا، ئانىسى ئۆزىنى چەتكە ئالمىدى. قىزىغا ئۇدۇل قاراپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن، چىرايى سۇرۇن كۆرۈنەتتى. قىلىن لەۋلىرى تىترەيتتى. مەلۇمكى، ئۇ شاراپەتكە ھەم خاپا ئىدى، ھەم ئىچ ئاغرىتاتتى.

بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا شاراپەت شۇنى سەزدىكى، ئانىسى ئىككى ئوت ئوتتۇرىدا قىسىلىپ قالغانىدى. ئۇ قىزىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى كۆز ياشلىرى ئارقىلىق سەزدۈرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن: «داداڭنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىسەنغۇ، مېنىڭ نېمە ئامالىم بار؟...» دېگەن مەنە سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئانىسىغا ئىچى ئاغرىدى. ئەگەر دادىسى ئۇنى ئەپۇ قىلسا، خوپ بولۇشۇپ قالسا ۋە يارىشىقىدا توي قىلىپ بەرسە، شاراپەتمۇ بېرىپ - كېلىپ يۈرسە، تەبىئىيكى، ئانىسى ئۈچۈن ياخشى بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭ تەرسا، غەرەز ئۇقمايدىغان دادىسى ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايتتى.

شاراپەتنىڭ تىرىك يېتىم بولۇپ قېلىشىغا دادىسى سەۋەبچى ئىدى. ئۇ دادىسىغا خاپا بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئانىسى بىلەن قېرىنداشلىرىنى سېغىناتتى. ئۆزى دېمەتلىك چوكانلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭكىگە يەكشەنبىلەپ بارغىنىنى كۆرسە، يۈرىكى ئېچىشىپ يىغلىغۇسى كېلەتتى. بويۇن قىسىپ يۈرۈشنى كىممۇ ياخشى كۆرسۇن؟ ئۇمۇ ئاشۇ چوكانلارغا ئوخشاش ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرۈشنى ۋە: «ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىۋىدىم، كۆڭلەك تىككۈزۈپ كىيگۈزدى، توپلىي ئېلىپ بەردى...» دەپ ماختىنىپ سۆزلەپ يۈرۈشنى خالايتتى. بىراق، ئۇنىڭ غەرەز ئۇقمايدىغان تەرسا دادىسى ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ۋەيران قىلغانىدى.

تۇرمۇش شۇنداق رەھىمسىز بولسا كېرەك. بىرىنچى دەردتىن قۇتۇلالماي يۈرگەن شاراپەت ئۇنىڭدىنمۇ ئازابلىق ئىككىنچى دەردكە قالدى.

تۇتۇپ تۇرۇلغان مەۋلان 1977 - يىلى رەسمىي قولغا ئېلىندى. ئۇ قوشنىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بويىنىغا ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ساقچىلار ئۆزلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە ئاساسلىنىپ، مەۋلاننىڭ رابىيەخاننى ئۆلتۈرگەنلىكى چوقۇم... دەپ بېكىتكەنىدى.

مەۋلاننى قاتىل دەپ ئەيىبلەشتە چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى تۇرمىگە ئەۋەتىشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان كىشىنىڭ تەرى سۇرۇن ۋىجىك ساقچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋال- غان شاراپەت ئۇنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرۈۋېدى، دادا جەمەت تۇغقانلىرىدىن بىرى بو- لۇپ چىقتى. ئۇ شۇ چاغدىلا مەۋلاننىڭ نېمە ئۈچۈن قارىلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. چۈشەندى - يۇ، ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

دادىسى ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

### 3

شاراپەت تولىمۇ ساددا ئىدى. ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە ئارتۇقچە مۇلاھىزە قىلىپ كەتمەيتتى.

ئۇ مەۋلان قولغا ئېلىنىش ئالدىدا ۋە قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنكى بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە ئەجەبلەنگەن، قايغۇرغان، قورققان بولسىمۇ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە كېلىپ: «ساقچىلار بۈگۈن بولمىسا، ئەتە ئۇنى قويۇپ بېرىدۇ...» دېگەن ئوي بىلەن تەسەللى تېپىپ، مەۋلاننىڭ قايتىپ چىقىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭچە، بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

چۈنكى، شاراپەت مەۋلاننىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. مەرھۇمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل باشقا كىشى بولۇپ، ساقچىلار مەۋلاننى قاتىل دەپ قاراشتا يېڭىلىشقانىدى. ساقچىلار ئورۇنسىز گۇمان قىلىشقانلىرىنى بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە ھېس قىلىشى چوقۇم ئىدى.

ئەپسۇسكى، بىر ـ ئىككى كۈنلا ئەمەس، توپتوغرا ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىراق مەۋلان يېنىپ چىقمىدى. شاراپەت كۈندە بىر ـ ئىككى قېتىم مەۋلان قامالغان تۈرمىگە تاماق ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، مەۋلان بىلەن بىرەر قېتىممۇ دىدارلىشالمىدى. مەۋلان ھازىرغىچە گۇناھىنى بويىنىغا ئالمىغىنى ئۈچۈن ئايالى بىلەن كۆرۈشۈپ قالسا، تىللىرىنى بىر قىلىۋالىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن ساقچىلار ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشىنى، پاراڭلىشىشىنى چەكلىگەنىدى. بۇنى شاراپەت بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ ھەر دائىم مەۋلانغا تاماق ئېلىپ بارغاندا:

ـ خۇدا ھەققى، مېنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلار، خوش بوپ كېتەي... ـ دەپ يېلىنىپ، زارلىناتتى. لېكىن ئۇنىڭ نالە ـ زارىغا ھېچكىم پەرۋا قىلمايتتى.

مەۋلاننىڭ جىنايەتچى دەپ قامىلىشىدا چوقۇم بىر ئۇقۇشماسلىق بار دەپ قارىغان شاراپەت بۇ ئۇقۇشماسلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى.

ساقچىلارمۇ ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ تۈرمىگە تاماق ئېلىپ بارغىنىنى كۆرگەن نۆۋەتچى ساقچى قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ:

ـ يەنە تاماق ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ بىز ساڭا ئەمدى تاماق ئېلىپ كەلمە، دەپ قانچە قېتىم ئېيتتۇق ـ ھە؟! ـ دەيتتى. شاراپەت بۇنداق قوپاللىقتىن رەنجىسىمۇ، چاندۇرماستىن كۆڭلىدىكىنى ئېيتاتتى:

ـ ئۇنىڭغا مەن تاماق ئەكەلمىسەم، كىم ئەكىلىدۇ؟ مېنىڭدىن باشقا يېقىن ئادىمى يوق تۇرسا، ـ دەيتتى.

ھېلىقى ۋىجىك، پاكار ساقچىنىڭ مۇئامىلىسى ھەممىدىن بەك قوپال ئىدى. ئۇ، شاراپەتنى بىر ئاي ئىچىدە بەش قېتىم ئىزدەپ كەلدى، پوپوزا قىلدى، بىر قېتىم ساقچى ئىدارىسىگە چاقىرتىپ بېرىپ سوراق قىلدى.

— مەۋلان قوشناڭنىڭ ئۆيىدىن بۇلاپ چىققان مال-دۇنيانى نەگە كۆمدۈڭ؟

— ئۇنداق ئىش يوق، ئۇ ھېچ نەرسە بۇلىغىنى يوق.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن! يوشۇرۇپ قالالايمەن دەپ خام خىيال قىلما. مەۋلان ھەممىنى ئىقرار قىلدى. ئۇنىڭ تول خوتۇننى ئۆلتۈرگىنى راست، ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى ساڭا ئەپچىقىپ بەرگەن، سەن تىقىپ قويدۇڭ.

— ياق، ياق... ئۇنداق ئىش بولمىغان.

— ئۇنداقتا، قانۇنسىز ئېرىك يالغان ئېيتتىمۇ؟

نېمىشقىدۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ تۇرغان شاراپەت بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— راستىڭنى ئېيت، — دېدى ساقچى قوپاللىق بىلەن.

— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.

— يەنە سەمىڭگە سېلىپ قوياي: بىزنىڭ پرىنسىپىمىز «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، جاھىللىق قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈش». بىز ئىزچىل شۇنداق قىلىپ كېلىۋاتىمىز. تىقىپ قويغان زاڭ مالنى تاپشۇرۇۋەتسەڭ مەۋلاننىمۇ قويۇپ بېرىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىز بىلەن قارشىلاشساڭ مەۋلاننىڭمۇ گۇناھى ئېغىرلىشىدۇ، سېنىمۇ بوش قويمايمىز.

— بىراق، مەن ئۇنداق نەرسىنى بىلمەيمەن.

— يالغان سۆزلىمە، مەۋلان ئاللىقاچان پاش قىلدى.

بۇ ۋىجىك ساقچىنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى شاراپەتنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى. يالغان سۆزلىگەن كىشىنىڭ گۇناھىدىن خۇدامۇ ئۆتمەيدۇ، دېگەن گەپ بار مۇنۇ ساقچى كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، مېنىمۇ يالغان سۆزلەدەۋاتىدۇ، ئۇ يالغان سۆزلىگەن كىشىنىڭ ئۇ دۇنيادا قارا يۈز بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ، خۇدادىن قورقمامدىغاندۇ؟... شاراپەت مەۋلاننىڭ يالغان سۆزلىشىگە، يوق گۇناھىنى «ئىقرار» قىلىشقا ئىشەنمىگەندەك، يالغان سۆزلەشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇ:

— مەن يالغان سۆزلىمىدىم. يالغان سۆزلىگەن بولسام، ياراتقان ئىگەم مېنى ئۇ دۇنيادا ئەمەس، بۇ دۇنيادا قارا يۈز قىلىۋەتسۇن، — دەپ جىم بولۇپ قالدى.

پاكار، ۋىجىك ساقچى شاراپەتنىڭ سۆزىگە ئىشەنسە كاشكى! ئۇ شاراپەتنىڭ ئاشۇ سۆزى ئۈچۈن تېرىكىپ، قايناپ ۋە كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنىنى چاچرىتىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئىقرار قىلمايدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمەن سەن قانجۇققا!... بىلىپ قوي، بۇ ساقچى ئىدارىسى! بىزنى كولدۇرلىتىمەن دەپ ئويلىما!

شاراپەت ئازادە ئىشخانىدا سوراق قىلىنغانىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ تۈۋىدە، يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇقتا دېرىزىگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. ۋىجىك ساقچى قىزغۇچ سېرىق سىرلانغان ئۈستەل ئالدىدا يۆلەنچۈكلۈك ھاۋا رەڭ ئورۇندۇقتا يالاڭباش ئولتۇ-

راتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى ئۈچ قەدەمچە كېلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ساقچى چېچىلغاندا، ئۇنىڭ تۈكرۈكلىرى شاراپەتنىڭ يۈزىگە چاچراپ كەتتى.

— ئېيت دەيمەن! سېنى ئويغانسۇن دەپ شۇنچە ۋاقىت كۈتتۇق. ئەمدى قوشناڭنىڭ ئۆيىدىن بۇلانغان نەرسىلەرنى نەگە يوشۇرغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەرمەيدىغان بولساڭ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويىمىز ساڭا!

شاراپەت قورقۇپ، ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى. ۋىجىك ساقچىنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى. ئورۇق يۈزى قىزىرىپ كۆپكەن بولۇپ، كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى چاقنايتتى. شاراپەت كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا: «دىكتاتۇرا دەيدىغۇ؟ ئۇنىڭ ناهەق قامالغىنى يەتمىگەندەك، مېنىمۇ قامىدۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ۋىجدانى يالغان سۆزلەشكە يول قويمايتتى. چۈنكى، يالغان سۆزلەشنىڭ ئۆزى چوڭ گۇناه ئىدى. ئۇ بەندە ئالدىدا گۇناهكار بولۇشقا رازى ئىدىكى، ئاللا ئالدىدا گۇناهكار بولۇشنى راۋا كۆرمەيتتى. شۇڭا ئاخىرى راست گېپىنى ئېيتتى:

— خۇدايىم تۇرۇپتۇ، مەن هېچ ئىشنى بىلمەيمەن، هېچ نەرسە يوشۇرمىدىم...

پاكار ساقچى خېلىغىچە قايىندى. لېكىن، شاراپەتنى يا ئۇرمىدى، يا قاماققا ئالمىدى. بەلكى، جاهىللىق قىلماسلىق توغرىسىدا بىر هازا پوپوزا ئارىلاش نەسىهەت قىلىپ، ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن شاراپەتنى بىر - ئىككى ئايغىچە ۋىجىك ساقچىمۇ، باشقا ساقچىمۇ ئىزدىمىدى. ئۇلار شاراپەتنى ئۇنتۇپ قېلىشقان ياكى ئۇنى سوراق قىلىشتىن ۋاز كېچىشكەندى. بۇ تۈپەيلى ئۇنىڭ قۇلىقىمۇ تىنجىپ قالدى. ئۇ يەنىلا: «مەۋلاننى ئۇزۇنغا بارماي قويۇپ بېرىدۇ ...» دېگەن ئۈمىد - ئارزۇ، ئىشەنچ بىلەن ياشاشقا باشلىدى.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۇلدىن قىسىلىشقا باشلىغان شاراپەت ئەسلى مەۋلان ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان قورۇنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، «ئۈچ دەرۋازا» كوچىسىدىكى بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ كۆچۈپ كەتتى. ئۆي ئىگىلىرى ياشانغان كىشىلەر بولۇپ، ئۆز پۇشتىدىن پەرزەنتى يوق ئىدى. ياشلىقىنى ئاشىق - مەشۇقلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ بوۋاي - مومايلار ئۇ دۇنيالىقىنى ئويلاشقا باشلىغان چاغلىرىدىلا شېرىم تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ قىزىنى بېقىۋالغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يەتتە - سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ قىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاسان كۆنمىگەن ۋە ئون ئالتە، ئون يەتتە ياشلارغا كىرگەن مەزگىللىرىدە ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىۋېلىپ كەلگىلى ئۇنىمىغانىكەن. شۇنىڭدىن بېرى قارانچۇقسىز قالغان بۇ بوۋاي - مومايلار شاراپەتتەك بېشىغا كۈن چۈشكەن بىر ئايالنى قوشنا قىلىپ ئولتۇرغۇزۇشنى ئويلاپ يۈرگەنىكەن. ئۇلار قوشنا ئولتۇرغان ئايالنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆي ئىجارىسى ئالمىغاندىن تاشقىرى، تېگىشلىك هەق بېرىدىكەن. بۇ دەل شاراپەت قوشنا ئولتۇرۇشقا لايىق جاي ئىدى.

بوۋاينىڭ ئىسمى نۇردۇن، مومايىنىڭ ئىسمى پاتىمە ئىدى. ئۇلار هېلىمۇ ئاشىق-

مەشۇقتەك ياشايتتى، خۇددى يېڭىدىن توي قىلىشقان قىز - يىگىتلەردەك بىر - بىرىنى «نۇردۇن»، «پاتىمە» دەپ چاقىرىشاتتى. ئازادلىقتىن بېرى يېمەك - ئىچمەك شىركىتىدە ئىشلىگەن نۇردۇن ئاكا ھازىر پېنسىيە پۇلى ئالاتتى ۋە تۇرمۇشتا ھېچنەرسىدىن قىسىلماي ياشايتتى. شاراپەت ئۇلارغا قوشنا بولغىنىدىن كېيىن خېلىلا باياشادچىلىققا ئېرىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.

شاراپەت ئۇلارغا، ئۇلار شاراپەتكە يار - يۆلەك بولۇپ ئۆتۈۋاتقىلى ئىككى ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. ۋاقىت ئاش ۋاقتىدىن ئۆتكەن بولۇپ، شاراپەت ئۆزۈم بارىڭى ئاستىدىكى كارىۋاتتا چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. ھېلىقى ۋىجىك، پاكار ساقچى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا شاراپەتنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنى ساقچى ئىزدىمىگىلى خېلى زامانلار بولغانىدى. بۇ تەرى سۆرۈن ساقچى ئەمدى نېمىدەپ كەلدىكىنە؟ شاراپەت چۆچۈگەن، ھولۇققان ھالدا بېشىنى كۆتۈردى.

— سەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىۋاپتىكەنسەن - دە؟ — دېدى ۋىجىك ساقچى.

ئەرلەرنىڭ قىز - ئاياللارنى سەنلىشى ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، مۇنۇ ساقچى شاراپەتنى يا ئۆچ كۆرىدۇ يا ھۆرمەتلەشكە ئەرزىمەيدۇ، دەپ بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ھەرقاچان سەنلەپ سۆزلەيدۇ. شاراپەت بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان، ھارمۇ ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئاخىر ئۇ ھار ئالىدىغان ئىشلار ئاز بولۇۋاتامدۇ؟ ئۇ ساقچىنىڭ قوپاللىقىنىمۇ تۇيمىغاندەك ئۇدۇل جاۋاب بەردى:

— ھەئە.

— مەن تېخى سېنى بۇرۇنقى مەھەللەڭدىن ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن.

— نېمە ئىش بار ئىدى؟ — كۆڭلىدە ئەنسىزچىلىك باش كۆتۈرگەن شاراپەت قەشۇمىسىنى تۈرۈپ سورىدى.

— ئاڭلىساق، سەن ئۆزۈڭنى يەنە مەۋلاننىڭ قانۇنىي ئايالىمەن، دەپ يۈرۈپسەن. بىز ساڭا بۇرۇنلا ئېيتقان، قانۇن سەنلەرنىڭ ئەر - خوتۇن ئىكەنلىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ساڭا شۇنى ئەسكەرتىپ قويغىلى كەلدىم. مەۋلان بىلەن مۇناسىۋىتىڭنى ئۈز...

بۇنداق سۆزنى باشقا ساقچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ قېتىملاپ ئېيتقانىدى. ئەمما، شاراپەت ئۇنداق سۆزلەرنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىغان. سەۋەبى، ئۇ قانۇن ئېتىراپ قىلسۇن، قىلمىسۇن ئۆزىنى ھامان مەۋلاننىڭ ئايالىمەن، دەپ بىلەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن قائىدە - يوسۇن بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇپ چېتىلغانىدى. بۇرۇنقىلارمۇ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ نىكاھ ئىشلىرىنى ئاشۇ ئۇسۇلدا ئادا قىلغان، ھازىر قانۇنىي رەسمىيەت بويىچە توي خېتى ئېلىپ قوشۇلۇۋاتقانلارمۇ موللامنىڭ نىكاھىسىز بىر ئۆيگە كىرىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. گەپ ئاشۇ قىزىل قەغەزدىلا بولىدىغان بولسا، ئۇنى مەۋلان قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئالسىمۇ بولىدىغۇ؟ ئەمما، ئۇنىڭ دادا تەرەپ تۇغقىنى بولغان مۇنۇ ساقچىنىڭ ئاشۇ سۆزلەرنى ئەتەي تەكرارلاپ ئېيتقىلى كېلىشىدە باشقا مۇددىئايى بار. بولمىسا ئاللىقاچان ئۇچۇق دېيىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزنى ئۇ تەكرارلىغىلى كەلمەس ئىدى. شۇڭا شاراپەت بىرئاز قوپاللىق بىلەن سورىدى:

ــ زادى نېمە قىل دېمەكچى بولىسىز مېنى؟

ــ بىرىنچىدىن، مەۋلانىدىن ئالاقىڭنى ئۈزۈشۈڭ كېرەك. ئىككىنچىدىن، داداڭنىڭ ئالدىغا توۋا قىلىپ بېرىشىڭ لازىم.

شاراپەت ئويلىنىپ قالدى، دادامنىڭ بەلكىم رەھمى كەلگەندۇ، دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچتى ۋە پەرىدىنىڭ ئېيتتى:

ــ توۋا قىلسۇن دېگەن دادامنىڭ تەلىپىمۇ؟

ــ شۇنداق. بۇ بىز ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭمۇ تەلىپى.

ــ دادامغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇلار ماقۇل دېسە، مەن ئۇيگە قايتىپ كېتىشكە تەييار. بۇرۇن ئاپامغىمۇ شۇنداق دېگەنىدىم. ئەمما، توۋا قىلىشنى شەرت قىلمىسۇن. چۈنكى مەن توۋا قىلغۇدەك ئىش قىلمىدىم.

ــ داداڭ سېنى بالامكەن دەپ ياخشىلىق قىلىشنى ئويلاۋاتسا، سەن يەنە تەرسالىق قىلامسەن؟

ــ دادام نېمە ياخشىلىق ئويلاۋاتىدۇ ماڭا؟

پاكار ساقچى ئالدى ـ كەينىگە قاراۋېتىپ، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ھېچكىم ۋقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا ئېيتتى:

ــ سەن ئەسكىلىك قىلىپ قېچىپ قويۇپ، داداڭنىڭ يۈزىنى تۆكتۈڭ، ئابرويىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىڭ. ئاڭلىساق، سەن ئېغىرئاياغ ئىكەنسەن، بۇ ھالدا يۇرۇۋەرسەڭ تېخىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ، داداڭمۇ، بىزمۇ بۇ شەھەردە يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمىز. شۇڭا، سېنى «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» قىلىپ تۇغقانلاردىن بىرىگە چاتماقچى.

شاراپەت ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۆزىنى چاتماقچى بولغان تۇغقاننىڭ كىملىكىنى بىلگۈسى كەلدى.

ــ كىمگە؟

ــ سايىتجانغا.

ــ ھە؟

سايىتجان ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان كىشى ئىدى. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ خېلىلا باي ئادەمنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى بولۇپ، پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى قىماردا ئۇتتۇرۇپ تۈگەتكەن، تۇرمىدىمۇ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم يېتىپ چىققان، لېكىن ھازىرغىچە قىماردىن قول ئۈزمىگەنىدى.

ــ دادام ماڭا ياخشىلىق قىلىپ، ئاشۇ سايىتجان دېگەن قىمارۋازغا چاتماقچىمۇ؟ــ شاراپەت يىرگەنگەندەك غەلىتە ھىجايدى، ــ دادامغا ئېيتىپ قويۇڭ: ئۆلسەممۇ دادامنىڭ ئالدىغا ئېگىلىپ بارمايمەن!

ــ ئاغزىڭنى ئۆششۈتمە!

ــ راست، دادام مېنى باقتى، چوڭ قىلدى، دادىلىق قەرزى تۆگىدى. ئەمدى
ئۆز كۈنۈمنى ئالالىغۇدەك بولدۇم. خۇدا بەرگەن رىسقىمنى يەرمەن، پېشانەمگە پۈ-
تۈلگەن كۈنۈمنى كۆرەرمەن. مېنىڭ كېيىنلىكىمگە سىزمۇ كۆيۈنمەي قويۇڭ، دادامىمۇ
كۆيۈنمىسۇن!

شاراپەت شۇنداق دېدى - دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ۋۇجۇدى ساقچى تېرىكىپ،
ئۇنى قارغاپ تىللىغانچە چىقىپ كەتتى.

شاراپەت دادىسىنىڭ غەلىتە شەپقىتىدىن خېلى كۈنلەرگىچە تېرىكىپ يۈردى.
ئۇ ئىلگىرى: «بەلكىم قېچىپ قويۇپ ياخشى ئىش قىلمىغاندىمەن، ئەل ئاغزىدا يامان
ئاتلىق بولۇپ قالدىم. ئاتا - ئانامغا بۇ سەتچىلىكنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئاسان ئەمەس»
دەپ ئويلاپ، كۆڭلىدە دادىسىغا نىسبەتەن ئىچ ئاغرىتىشتەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا
بولغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ تۇيغۇ بىردىنلا نەپرەتكە ئالماشتى.

خۇدايا توۋا، بەزى ئاتا - ئانىلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە رەھىمسىز كېلىدىغاندۇ؟
ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەم ياشىشىنى، ياخشى كۈن كۆرۈشىنى خالىمامدىغاندۇ؟
بالىلىرىنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى، بىئارامچىلىقى ئۇلار ئۈچۈن تاماشىمىدۇ؟

شاراپەت ئويلىغانسېرى تېرىكەتتى. ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلاتتى. دادىسى كۆزىگە
ياۋۇز، كۆزىدىن قان تېمىپ تۇرغان ھالەتتە كۆرۈنەتتى. ھېس - تۇيغۇسىز، مېھرى-
شەپقەتسىز ئادەم بولۇپ تۇيۇلاتتى. بۇ خىيال ئۇنى تولىمۇ ئازابلىدى، يۈرىكىنى جاراھەت-
لىدى، ھەسرىتىگە ھەسرەت، دەردىگە دەرد قوشتى. ئۇنىڭ نەچچە كۈنگىچە قاپىقى
ئېچىلمىدى. كېچىلىرىمۇ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى. يېگەن تائاملىرى تېتىمىدى. ئۇ
كەم گەپ، جىمغۇر، خىيالچان بولۇپ قالدى.

بۇنداق ئۆزگىرىشنى ئۆي ئىگىلىرى تۇيۇپ تۇراتتى. ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قىياسىچە
شاراپەت تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئېرىنىڭ تېخىچە قويۇپ بېرىلمەيۋاتقا
قانلىقىدىن، تۇغۇتتا ئۆز بېشىغا ئويلىمىغان مۈشكۈلچىلىكلەر كېلىشى مۇمكىنچىلىكى-
دىن ئەنسىرەپ غەمگە پېتىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار گەپ سوراپ، بۇ بىچارە چوكان-
نىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلمايلى، دېگەن ئوي - بىلەن ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرمەسكە،
بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەردى. ئەمما، شاراپەتنىڭ خىيالچان، جىمغۇر كۈنلىرى ئۇزار-
غانسېرى، رەھىمدىل موماي پاتىمە ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىشنى زۆرۈر تاپتى.

ــ قىزىم شاراپەت، نېمىشقا ئۆزۈڭچە مۈڭلىنىپ يۈرىسەن؟ كۆڭلۈڭدىكى ئەندى-
شەڭنى، قايغۇڭنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن. قوي ئۇنداق ئورۇنسىز خىيالنى، يوقىلاڭ
ئوي - خىيال بىلەن ئۆزۈڭنى قىينىما. ياراتقان ئىگەم ساڭا ئاسانلىق بېرەر، ۋاقتى
كەلگەندە ساڭا ئۆزۈم قارايمەن، خاتىرجەم بول قوزام...

شاراپەت ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ، سۆزلەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، بېشىنى
لىڭشىتىپ قويدى - يۇ، دەرد - ھەسرىتىنى ئېيتمىدى. ھازىرغىچە كىشىلەرگە ئاتا - ئا-
نىسىنىڭ يامان كېپىنى دەپ باقمىغان شاراپەت بۇ مومايغىمۇ دادىسىنىڭ ئۈستىدىن
شىكايەت قىلىشنى توغرا تاپمىدى. دېمىسىمۇ شىكايەت قىلغاندىن نېمە پايدا؟ شى-

كايەت بىلەن دادىسىنى ياخشى ئادەمگە ئۆزگەرتىۋالغىلى بولسا كاشكى! ياخشى بولسۇن-بولمىسۇن، ئۇ ئاشۇ دادىدىن تۆرەلگەن. بۇنىڭدىن تېنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە ئابلىز قارىم ئۇنى قىزىم ئەمەس، دېگەن بولسىمۇ، شاراپەت ئۇنى دادام ئەمەس، دېيەلمەيدۇ.

گەرچە شاراپەت ھېلىقى ۋىجىك ساقچى بىلەن سۆزلەشكىنىدە: «ئۆلسەممۇ دادامنىڭ ئالدىغا ئېگىلىپ بارمايمەن» دېيىش ئارقىلىق ئارىلىقتىكى ھاڭنى چوڭقۇرلاتقان، كېڭەيتكەن بولسىمۇ، يەنىلا دادىسىنى كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتەلمەيتتى. ئانىسىنى سېغىناتتى، قېرىنداشلىرىنى كۆرگۈسى كېلەتتى. قېرىشقاندەك، ئانىسمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇ ئىلگىرى ئانىسى بىلەن ئۇ يەر، بۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالاتتى. ئەمما، ھازىر ئۇنى كۆرمىگىلى بىر ئايدىن ئېشىپ كەتتى.

تەقدىر شاراپەتتىن يۈز ئۆرۈگەندەك ئىدى. ئۇنىڭ مەۋلاننى پات ئارىدا قويۇپ بېرىدۇ، دېگەن ئۈمىد-ئارزۇسىمۇ يوققا چىقىشقا باشلىدى. ئاتا-ئانىسى بىلەن خوپ بولۇپ قېلىشنىڭ يولىمۇ ئاللىقان ئېتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۆلپەتلەرگە كىم جاۋابكار؟ قوشنىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلمۇ ياكى شاراپەتكە ئۆچلۈك قىلىپ، ئەنسىز كېچىدىكى ۋەقەدىن بىر تەرەپلىمە خۇلاسە چىقارغان ۋىجىك، ئورۇق ساقچىمۇ؟ بەلكىم دادىسىدۇ؟... ئۇ ئەجەبلىنەتتى، غەزەپلىنەتتى، قايغۇراتتى، ئازابلىناتتى ۋە ئاخىرى: «ياراتقان ئىگەم بار، بۇ دەردتىن ئۆزى خالاس قىلار» دېگەن ئوي-خىيال بىلەن كۆڭلىگە تەسەللى بېرەتتى.

تەسەللى — ئۈمىدسىزلەر، چۈشكۈنلەر ئۈچۈن شىپالىق دورا. گەرچە ئۇ مۇشكۈلنى يوق قىلالمىسىمۇ، كۆڭۈلنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىدۇ، كىشىنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ. شاراپەتمۇ پۈتۈن ياز، بەلكى كۈزنىمۇ ئاشۇنداق تەسەللى بىلەن ياشاپ ئۆتكۈزدى.

قىش يېتىپ كەلدى. تاغ باغرى، ئېدىرلار قارغا كۆمۈلدى. ھەممە يەر ئاپئاق بولۇپ كۆرۈنەتتى ۋە بۇنداق ئاقچىلىقتىمۇ خۇددى يازنىڭ يېشىلچىلىقىغا ئوخشاش، ئۆزگىچە گۈزەللىك بار ئىدى. تۇرخۇنلاردىن كۆمۈرنىڭ كۆكۈچ ئىسلىرى ئۈزۈلمەي ئۆرلەپ تۇراتتى. ئاق قۇشقاچلار كوچىلاردا، باغلاردا، ھەتتا ئۆگزىلەردە ۋىچىرلىشىپ يۈرۈپ دان ئىزدىشەتتى. مەھەللىنىڭ كەپسىز باللىرىنى سوغۇق ئاللىقاچان كوچىدىن ئۆيلىرىگە ھەيدىگەنىدى.

سوغۇقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ شاراپەتنىڭ ئەندىشىلىرىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ قالماقتا ئىدى.

«ئاپام يېنىمدا بولمىسا قانداق بوشىنارمەن ۋە بوشانغاندىن كېيىن قانداق قىلارمەن» دېگەن غەم-ئەندىشە شاراپەتنى خېلىدىن بېرى قىيناپ كەلگەنىدى. سوغۇق كۈچەيگەندىن بېرى بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن چىقمايدىغان بولدى. مۇبادا مەۋلان يېنىدا بولغىنىدا ئىدى، ئۇ بۇنچە غەم قىلىپ كەتمىگەن بولاتتى. ئەپسۇسكى، مەۋلاننىڭ قامالغىنى يەتمىگەندەك، ئانىسىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرمەكتە.

شاراپەت تۇغۇتىدا كۈتمىگەن هادىسە يۈز بېرىشتىن قورقاتتى. ئاخىر بۇ ئۇنىڭ تۇنجى تۇغۇتى - دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمۇ تەجرىبىسىز. كونىلار تۇغۇتنى جەڭگە ئوخشىتىدۇ. بۇ جەڭدە ئۇ يارىدار بولۇشىمۇ، هالاك بولۇشىمۇ مۇمكىن، قانداق بولۇشىنى كىم ئالدىن ئېيتالايدۇ؟ ئۇ دوختۇرخانىدا يەڭگىشنى ئويلايتتى، بىراق ئۇ ئېرى يوق تۇرۇپ هامىلدار بولۇپ قالغانلارنى دوختۇرخانا قوبۇل قىلمايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى. شۇنداق بولسا، ئۇنى كىم پاناهىغا ئالار؟

بىر كۈنى ئۇ ئەندىشىسىنى پاتىمە هەدىگە ئېيتتى:

— جېنىم پاتىمە هەدە، مەن قورقۇۋاتىمەن.

— نېمىدىن قورقىسەن قىزىم؟

— تۇغۇتىمدا بىرەر ئىش بولامدىكىن دەيمەن...

— شۇ ئىشمىدى؟ قورقما قىزىم، قورقما. خۇدا ئۆزى ئاسانلىق بېرىدۇ، دوختۇرلار سېنى ئاسانلا تۇغدۇرىدۇ.

— مۇبادا ئۇلار مېنى تۇغدۇرۇشقا ئۇنىمىسىچۇ؟

— نېمىشقا؟ ئۇنايدۇ. سېنى دوختۇرخانىغا ئۆزۈم ئېلىپ بارىمەن، ئۆزۈم هەمراھ بولىمەن، ئۆزۈم باقىمەن.

پاتىمە هەدە — ئۇ ئېگىز بويلۇق، سېمىز، ئاق يۈزلۈك ئايال ئىدى — دېگىنىنى قىلدى. شاراپەتنىڭ تولغىقى تۇتقان كۈنى نەدىندۇر بىر كىراكەش بالىنى باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئېشەك هارۋىسىغا يېڭى ئورۇن - كۆرپە سېلىپ، شاراپەتنى ياتقۇزدى - دە، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. هاسىراپ يۈگۈرۈپ كىملەر بىلەندۇ كۆرۈشتى ۋە شاراپەتنى تۇغۇت بۆلۈمىدە ياتقۇزدى. بۇ ئىش شۇنداق ئاسان، توسالغۇسىز پۈتتىكى، شاراپەت ئېرى يوق تۇرۇپ قورساق كۆتۈرگەن ئاياللارنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزمايدىكەن، دېگەن پاراڭلار يالغان، ئەپقاچتى گەپلەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

شاراپەت دوختۇرخانىدا ياتقاندىن كېيىن، گەرچە بۇرۇنقى قورقۇنچلۇق ئوي - خىياللاردىن تامام قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى خېلىلا ئورنىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

شاراپەت دوختۇرخانىدا يېتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بوشاندى. تۇغۇت ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. ئەمما، ئۇنى تۇغدۇرغان پراكتىكانتلارنىڭ بىپەرۋالىقى تۈپەيلى، بالا هەمرىيى چالا چۈشكەنىدى. دوختۇرلار ئۇنى ئالمىز دەپ شاراپەتنى يەتكۈچە قىيناشتى. ئۇ هالسىراپ، بىهوش بولۇپ ياتتى. كېيىن ئۇنىڭغا قان سېلىشتى.

ئۇ شۇ كۈنى كەچكە يېقىن بىرئاز ئوڭشالغاندەك بولدى. ئېرى - بېرى مىدىرلىدى. هەتتا بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ ئۇرۇندى. ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن پاتىمە هەدە ئۇنىڭ بۇ هەرىكىتىنى ياقتۇرماي:

— قىمىرلىما قىزىم، قىمىرلىما، — دېدى.

— بالىنى كۆرەي دېۋىدىم.

— ئالدىرىما، ئالدىرىما، كۆرىسەن، كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق

www.uyghurkitap.com

ئوغۇل تۇغدۇق. ھەممە ئەزاسى بىجىردىم، سېمىز، ئاپئاق، كۆزلىرى يوغان - يوغان...

بىردىن شاراپەتنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى. بۇ تۇغۇتنىڭ ئازاب يىغىسى ئەمەس، بەلكى ئامان - ئېسەن بوشانغانلىقنىڭ خۇشاللىق يىغىسى ئىدى. ئۇ ئەسلى «تۇغۇتۇمدا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ...» دەپ قايغۇرغانىدى. خۇداغا شۈكرى ساق - سالامەت يەڭگىگەندىن سىرت ئوغۇل تۇغدى. «ئوغۇل تۇغۇپتىمەن» دېگەن خىيال ئۇنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

— جېنىم پاتىمە ھەدە، باللىنى ئېلىپ چىقىسىڭىز بوپتىكەن، بىر كۆرسەم.

— ماقۇل قىزىم، ماقۇل. مەن دوختۇرلارغا دەپ ئېلىپ چىقاي، — پاتىمە ھەدە شۇنداق دېگىنىچە چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي باللىنى كۆتۈرۈپ كىردى. شاراپەت ئاپئاق يۆگەكلەر بىلەن ئورالغان باللىنى قولىغا ئېلىپ، يەنە كۆز يېشى قىلدى، ئەمما، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى. بوۋاق ئۇنىڭغا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قارىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پاتىمە ھەدە ئېيتقاندەك چىرايلىق ئىدى. ئېلېكتىر يورۇقىدا ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى كۆكۈچ كۆرۈنەتتى. بوۋاق بېشىنى ئۇ ياققا - بۇ ياققا چايقىدى، ئاغزىنى تامشىدى. ئانىنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەندى، بوۋاقنىڭ ئەمگۈسى كەلگەنىدى. شاراپەت سەل كۆتۈرۈلۈپ جەينەكلەندى - دە، ئۇنىڭغا ئەمچەك سالدى. بوۋاق خېلىغىچە ئېمەلمەي ئاۋارە بولدى ۋە ئەمچەكنى تەسلىكتە ئاغزىغا ئالغىنىدىن كېيىن قويۇپ بەرمىدى، بۇ ھال قىزىق تۇيۇلسا كېرەك، پاتىمە ھەدىمۇ، شاراپەتمۇ كۈلۈپ كەتتى.

شاراپەتنىڭ دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىققىنىغا بىر ھەپتە بولغاندا، ئۆيگە ئانىسى تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ياغلىققا ئورالغان نەرسە بار ئىدى. شاراپەت ئانىسىنى كۆرۈپ كۆتۈرۈلدى. ئۇ، بۇ تۇيۇقسىز، كۈتمىگەن ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان، ھاياجانلانغان، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى، ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، كۆز يېشى تۆكۈلۈپ كەتتى ئۇ مىڭ تەستە:

— ئاپا، — دېيەلىدى.

— قوزغالما قىزىم، قوزغالما. نېمىلا دېگەن بىلەن ئامان - ئېسەن يەڭگىپسەن... سېنىڭ بوشانغانلىقىڭنى تۈنۈگۈن ئاڭلىغانىدىم. دەرھال كېلەي دېسەم، داداڭ ئۆيدە. بۈگۈن ئۇ كىشى پېشىن نامىزىغا چىقىپ كەتكەندە كۆرۈپ كېلەي دەپ كېلىشىم.

ئانا شاراپەتنىڭ پېشانىسىنى، سارغىيىپ كەتكەن يۈزىنى سىيلىدى، كېيىن بوۋاقنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئاق داكىلار بىلەن ئورالغانىدى. ئۇ بالىغا قاراپ:

— سۈتۈڭ قانداقراق؟ ئېمىتىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئېمىتىۋاتىمەن، دەسلەپتە سۈتۈم ئازلىق قىلغانىدى، ھازىر ياخشى، تويغۇدەك ئېمىۋاتىدۇ.

ئانا نەۋرىسىگە بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن گەپمۇ قىلماستىن، قىزىنىڭ يېنىغا ياتقۇزۇپ قويدى، بۇ ھال شاراپەتنىڭ كۆڭلىگە كەلدى، ئۇ ئانىسىنىڭ نەۋرىسىنى بىر ئىككى ئېغىز بولسىمۇ ماختاپ قويمىغىنىنى ئۈچۈن رەنجىدى. بىراق، بۇ رەنجىش قان-

داق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئانىسىنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغانىدى.

ئانىسى كۆتۈرۈپ كەلگەن ياغلىقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن قارا كاجىدىن تىكىلگەن ئىشتان-پايپاق ئېلىپ قىزىغا تەڭلىدى.

— ئالدىراپ تىكىپ كەلدىم، ئاددىي بولسىمۇ ئېلىپ قوي.

— رەھمەت ئاپا، بۇلار كېرەك ئەمەس ئىدى، يوقلاپ كەلگىنىڭنىڭ ئۆزى يېتەتتى، — شاراپەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ئانا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئابلىز قارىمنىڭ سېزىپ قېلىپ، جېدەل قىلىشىدىن ئەنسىرىسە كېرەك، شۇڭا ئۇزاق ئولتۇرمايلا قىزىغا ئامان-ئېسەنلىك تىلەپ قايتتى.

ئانىسىنى پاتىمە ھەدە ئۇزىتىپ چىقتى. ئەمما، ئۇلار ئىشىك ئالدىدا ھايال بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار نېمە توغرىلىقتۇر سۆزلىشىۋاتاتتى. شاراپەت ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسى يولغا قارايتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغۇسى كېلىپ قۇلاق سالدى ۋە ئانىسىنىڭ دانىمۇ-دانە سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى:

— پاتىمە ھەدە، قىزىمغا ئوبدان قاراۋېتىپسىز، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت، بۇ ياخشىلىقىڭىز بىزدىن يانمىسا، خۇدادىن يانار... قىزىمغا نەسىھەت قىلىپ قويسىڭىز، دادىسىنىڭ ئالدىغا توۋا قىلىپ بارسۇن، دادا بولغاندىكىن، گۇناھىدىن ئۆتەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسكىنى ئېزىقتۇرغان مەۋلان دېگەن لۈكچەكمۇ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئېتىلىشقا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ...

شاراپەتنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى. كېيىن ئاۋازىنى چىقارماي يىغلاپ كەتتى.

4

شاراپەتكە تۇغۇتىدىن كېيىن قان سېلىنغان، پاتىمە ھەدىنىڭ كۈتۈشى بىلەن چىرايىدىكى سېرىقلىق تۈگەپ، ئىككى مەڭزى بىلىنەرلىك قىزارغانىدى. ئەمما، مەۋلانغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغانلىق خەۋىرى ئۇنى يەنە ھالسىراتتى، مەڭزىدىكى قىزىللىق تەدرىجىي يوقىلىپ، رەڭگى ساماندەك سارغىيىشقا باشلىدى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. تولا تەرلەيدىغان، بىردەم قىزىپ، بىردەم مۇزلايدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنار-ئىلىنماستىن جۆيلۈيتتى. بۇنداق غەلىتە ئۆزگىرىش پاتىمە ھەدىنى ھەم ئەجەبلەندۈردى، ھەم ئەنسىرەتتى.

ئۇ كېچىلىرى شاراپەتكە ھەمراھ بولۇپ ياتىدىغان بولدى. كۈندۈزلىرىمۇ ئاسانلىقچە ئۇنىڭ يېنىدىن چىقمايتتى. پاتراق ماغدۇرىغا كەلسۇن دېگەن ئارزۇدا كۈنىگە بىر قېتىم شورپا قايناتىپ بېرەتتى، شەۋكەت (بوۋاقنىڭ ئىسمى شۇنداق ئىدى) نىڭ يۆگەكلىرىنى يۇيۇپ قۇرۇتاتتى. مەشتىن كۆمۈر ئۈزۈلمەيتتى، ئۆي ئىسسىق، راھەت ئىدى. ئەمما، شۇنچىلىك كۆيۈپ-پىشىپ خەيرخاھلىق قىلىشلار شاراپەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالىنى ئازراقمۇ يەڭگىللىتەلمىدى.

www.uyghurkitap.com

شاراپەتنىڭ ئۇيقۇسى ئازلىغان، ئىشتىھاسى كېمەيگەنىدى. پاتىمە ھەدىسىنىڭ زورى بىلەن يېرىم پىيالە ئەتكەن چاي ياكى بىرەر چىشلەم گۆشنى مىڭ تەسلىكتە يۇتاتتى.

— بۇ قىلىقىڭ بولمىدى قىزىم، — دەيتتى پاتىمە ھەدە خاپا بولۇپ، — ئاخىر سەن تۇغۇتلۇقسەن، جىق-جىق يېمىسەڭ ماغدۇرۇڭغا كېلەلمەيسەن.

— كېلىمدىن ئۆتمىسە قانداق قىلىمەن پاتىمە ھەدە؟

— سەن ئەگەر مۇشۇنداق تاماق يېمەي يۈرسەڭ، سۈتۈڭ ئازلاپ كېتىپ، بوۋاققا قىيىن بولىدۇ.

شۇنداق بولۇدىغانلىقىنى شاراپەت ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. مەۋلاننىڭ ئىچ ئاغرىتقىدا ئۆز ئەھۋالى خىيالىغىمۇ كىرىپ قويمايتتى. شۇڭا، پاتىمە ھەدىنىڭ سۆزلىرىگە باشتا ئانچە ئېتىبار قىلمىدى. سۈتى ئازلاشقا باشلىغاندا بولسا، قايغۇسىغا قايغۇ قوشۇلۇپ، بىر دەردى ئىككى بولدى.

شاراپەتنىڭ سۈتى ئازلاپ، شەۋكەت تويىماس ھالغا يەتكەنىدى، پاتىمە ھەدە بازاردىن سۈت پاراشوكى ئېلىپ كىردى. بوۋاق سوسكىنى دەسلەپتە ئاغزىغا ئالغىلى ئۇنىمىغان بولسىمۇ، سوسكىنى شوراشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئەمچەككە قاراپمۇ قويمىدى. بۇ ھالدىن شاراپەتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى.

بىراق، ئۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟ ئەمچەكنىڭ سۈتى تارتىلىپ ۋە ئۆزىمۇ ئورۇقلاپ، كۆزلىرى كىرتىيىپ كەتكەن تۇرسا...

شاراپەتنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇ جۇدەپ، مەڭىز سۆڭەكلىرى بۈرتۈپ چىققانىدى. رەڭگى ساپسېرىق، كۆزلىرىمۇ نۇرسىز كۆرۈنەتتى. ئورنىدىن تۇرسىلا بېشى قاياتتى، پۇت-قوللىرى دىرىلدەيتتى، بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن پاتىمە ھەدە شاراپەتنى يەنە دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى.

ئەپسۇسكى، دوختۇرلار شاراپەتنى شۇنچە تەكشۈرۈپمۇ تۈزۈكرەك كېسەل تاپالمىدى. قان ئاز، باشقا دەرد يوق، دەپ خۇلاسە چىقىرىشتى ۋە ئۆيدە ياخشى يېگۈزۈپ، ئوبدان كۈتسىلا ئاستا-ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتۇرۇشتى.

پاتىمە ھەدە شاراپەتنى دوختۇرنىڭ دېگىنىدەك ياخشى يېگۈزۈپ، ئوبدان كۈتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ كېسىلى ياخشىلانمىدى. بۇ ھال مومايىنى خېلىلا ئەنسىرەتتى ۋە ئاخىرى ئۆيگە تېۋىپ چاقىرىپ كەلدى.

تېۋىپنىڭ ئىسمى رىشاتجان بولۇپ، ئەمدىلا يىگىرمە بەش-يىگىرمە ئالتە ياشلارغا كىرگەن، ئەمما داڭقى ياش-قورامدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسىمۇ داڭلىق تېۋىپ ئىدى ۋە ئۇ ئون يېشىدىن باشلاپ دادىسىنىڭ دورا ياساش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەنىدى، ئۇ ياش بولغىنى بىلەن تەجرىبىلىك ئىدى.

رىشاتجان كۆچا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا، قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن توقۇما ياقىلىق پالىشوپكا، قارا ئۆتۈك-كالاچ كىيىۋالغانىدى. قارامۇتۇق يۈزى سوغۇقتىن قىزارغانىدى. ئۇ شاراپەتنىڭ تومۇرىنى ئۇزاققىچە تۇتتى ۋە ئۇنىڭغا ئاستىرى-

تىن سەپسالدى، ئاق سېرىق، ئوتتۇرا بوي كەلگەن شاراپەت ھەر جەھەتتىن كېلىشكەن چوكان ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ سولغۇن، سېرىق، غەمكىن ئىدى، قىزغۇچ كۆزلىرىمۇ بىچارىلەرچە مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. تومۇرىمۇ زەئىپ، سۇس سوقاتتى. تېۋىپنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى.

— قان ئاز ئىكەن سىزدە، — دېدى رىشاتجان تومۇر تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، — مەن دورا ياساپ بېرەي، ئاۋۋال شۇنى ئىچىڭ، كېيىن تېرىگە ئالساق ياخشى بولۇپ كېتىسىز...

شاراپەت تېۋىپنىڭ ئۆزىگە سەپسېلىپ قارىشىدىن ئۇيۇلۇپ، خاپا بولۇپ تۇرسىمۇ چاندۇرمىدى، بەلكى، ھۆرمىتىنى قىلىپ تەشەككۇر ئېيتتى:

— رەھمەت سىزگە...

رىشاتجان ئەتىسىلا بىر خىل كۇمۇلاچ دورا ياساپ كىردى. ئۈچىنچى كۈنى قوينىڭ ئىككى شىراق سۆڭەكىنى ئېلىپ كىردى ۋە ئۇنى قاينىتىپ ئىچىش لازىملىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شىراق سۆڭەكنىڭ شورپىسى قاننى كۆپەيتىدىكەن.

رىشاتجان بەكمۇ سەممىي، كۆيۈمچان تېۋىپ بولۇپ چىقتى. ئۇ ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم شاراپەتنى يوقلاپ تۇراتتى. خىلمۇ خىل قۇۋۋەت دورىلىرىنى ياساپ بېرەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە ھەق تەلەپ قىلمايتتى، بەزىدە تېخى بىر تىيىن ھەق ئالمايتتى. پاتىمە ھەدىمۇ بازارغا چىقسىلا شىراق سۆڭەك، قوۋۇرغىلارنى ئېلىپ كىرىپ قاينىتىپ بېرەتتى. نىھايەت، شاراپەتنىڭ ئەھۋالىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. چىرايىدىكى سېرىقلىق ئاستا - ئاستا يوقىلىپ، ئىككى مەڭزى قىزىرىشقا باشلىدى. ئۇ يېڭى سويۇلغان قارا پاقىلانىڭ تېرىسى (بۇنىمۇ ياش تېۋىپ تېپىپ كىرگەنىدى) گە چۇمكەلگەندىن كېيىن ئۇبدانلا ياخشى بولۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولدى.

ئىككىنچى ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. ئۆي ئالدىدىكى باغچە ئاپئاق قار ئاستىدا ياتاتتى. قوزا چۇش مەزگىلىدىكى قۇياشنىڭ شولىلىرى قار ئۈستىدە جىمىرلايتتى. كۆك يۈزى بۇلۇتسىز، مەھەللە ئىچى شامالسىز ئىدى. ئۇبدانلا دەرمانىغا كېلىپ قالغان شاراپەت چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن لەڭمەنگە خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. سۈپىنىڭ لېۋىگە قويۇلغان مەشتە كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يېنىك گۈرۈلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەشنىڭ سول تەرىپىدە پاتىمە ھەدە سوزۇلۇپ يېتىپ ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا — قىبلە تەرەپتىكى بوشۇكتە شەۋكەت تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. نۇردۇن ئاكا قايسىبىر دوستىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدى. بىردىن ھويلىدا كىمدۇر بىرىنىڭ يۆتەلگىنى، كېيىن: «نۇردۇن ئاكام بارمۇ؟ قايسىڭلار بار ئۆيدە؟» دېگىنى ئاڭلاندى.

بۇ رىشاتجاننىڭ ئاۋازى ئىدى. شاراپەت يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتى ۋە تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ياش تېۋىپنى ئاشخانا ئۆيگە باشلىدى. رىشاتجاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن تۇرغان پاتىمە ھەدە ياستۇقنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئۇنى سۈپىغا تەكلىپ قىلدى.

— شاراپەت سەللىمازا ساقىيىپ قاپتۇ - ھە، پاتىمە ھەدە؟ — دېدى رىشاتجان پالپىكشوسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ.

— شۇنداق، ئەۋۋىلى خۇدانىڭ شەپقىتى، ئۇنىڭدىن قالسا سىزنىڭ دورىگىزنىڭ شىپاسى بىلەن شۇنچىلىك بولۇپ قالدى بۇ قىزىم، خۇداغا شۈكرى.

— سىزگە كۆپ رەھمەت رىشاتجان ئاكا، — دېدى مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگۈسى كەلگەن شاراپەتمۇ سۆز قىستۇرۇپ، — سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، ئاتا - ئانامدىن كۆرمىگەن ياخشىلىقنى سىلەدىن كۆردۈم...

شۇ سۆز بىلەن شاراپەتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. سەۋەبى، ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئاتا - ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ، ئىچى تىتىلداپ تۇرغانىدى. دادىسى بىلەن قېرىنداشلىرىنى كۆرمىگىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى، ئانىسىمۇ ئوغرىلىقچە كېلىپ يوقلاپ كېلىپ كەتكەندىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمىدى. شاراپەت بۇلارنى ئويلىسىلا كۆڭلى بۇزۇلاتتى، ئۆپكىسى ئۆرۈلەتتى. ھېلىمۇ شۇنداق بولدى، ئۇ ئالدىغا تارتىۋالغان تېگى ئاق، ئۇششاق قىزىل گۈللۈك پەرتۇقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ شاراپەت، — دېدى رىشاتجان.

— بولدى قىزىم، يىغلىما، — دېدى پاتىمە ھەدە، كېيىن رىشاتجانغا قاراپ ئېيتتى، — بۇ بىچارە قىزىمنىڭ كۆڭلى بەكلا سۇنۇق...

رىشاتجان بېشىنى تەستىق ئىشارىتىگە مىدىرلاتتى. بۇ «بىلىمەن...» دېگىنى ئىدى. ئۇ شاراپەتنى داۋالاش جەريانىدا ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ يۈرۈپ، شاراپەتنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىنى ئاللىقاچان بىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقىچە بىر مۇددىئامۇ پەيدا بولغانىدى.

رىشاتجان ياپياش تۇرۇپلا تېۋىپلىقتا ئاتىقى چىققىنى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئىدى، بىراق، ئۇ تۇرمۇشتا بەختسىز ئىدى.

ئۇ ھازىرغىچە ئىككى قېتىم ئۆيلەندى، بىرىنچى ئايالى بىلەن ئىككى يىل ئۆي تۇتتى. ئاخىرى، ئۇنى تۇغماس دەپ ئەيىبلەپ قويۇۋەتتى. ئىككىنچى ئايالى بىلەنمۇ بىر يىلچە بىر ياستۇققا باش قويۇپ ئۆتتۇشتى، ئەمما ئۇمۇ قورساق كۆتۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، رىشاتجان بۇ ئايالىمۇ تۇغماس چىقىپ قالدى، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنى قويۇۋەتمەكچى بولۇۋىدى، ئايالى ئاچراشقىلى ئۇنىمىدى ۋە ئۆزلىرىنى دوختۇرغا كۆرسىتىش لازىملىقى ئۈستىدە چىڭ تۇردى. ياش تېۋىپ ئايالىنىڭ بۇ تەكلىپىگە ئاخىرى ماقۇل كەلدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇنىڭچە، تۇغماسلار ئاياللارنىڭ ئىچىدىلا بولاتتى. دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇنىڭ ئوي - پىكرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە رىشاتجان تۇغماس، ئايالى تۇغىدىغان بولۇپ ئىسپاتلانغانىدى. بۇ نەتىجە ئايالىنىڭ تىلىنى ئۇزارتىپ قويدى. ئۇ بىر كۈنى رىشاتجانغا قورساق كۆپۈكىنى بولۇشىچە تۆكۈۋالغاندىن كېيىن، ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئاجرىشىپ كەتتى ۋە ئۇزۇنغا قالماي ئەل ئارىسىدا ياش تېۋىپنىڭ

تۇغماس ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىشقا باشلىدى.

شۇنىڭدىن بېرى رىشاتجاننىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىدى.

ئۇ دەسلەپكى كۈنلەردە شاراپەتكە غەرەزسىز خەيرخاھلىق قىلغانىدى، ئەمما، كېيىن شاراپەتنىڭ كۆڭۈلسىز كەچمىشىنى بىلگەندىن كېيىن، شەۋكەتكە ئاتا بولۇش ئارزۇسى خىيالىغا كىردۋالدى.

ياش تېۋىپ مەۋلان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانىكەن، بەرىبىر ئېتىلىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇنداق قىلىپ شاراپەت ھامان بىر كۈنى قايتا ياتلىق بولۇشقا، يېتىم ئوغلىغا كۆيۈنىدىغان دادا تېپىشقا مەجبۇر بولاتتى، رىشاتجان ئۆزىنى ئاشۇ دادىغا مۇناسىپ كۆردى. ئۇنىڭچە ئۇ، ھەر تەرەپتىن شۇنداق ئويلاشقا ھەقلىق ئىدى. شاراپەتنىڭمۇ، ئۇنىڭمۇ قەلبى يارىلانغان، ھەر ئىككىسى بەختسىز بولۇپ قالغانىدى - شەۋكەتنىڭ بېشىنى سىيلاشقا ئۇ، ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە تەسەللي بېرىشكە شاراپەت مۇۋاپىق ئىدى.

ياش تېۋىپ بۈگۈن ئاشۇ ئويىنى پاتىمە ھەدە ئارقىلىق شاراپەتكە بىلدۈرۈش غەرىزىدە كىرگەنىدى.

رىشاتجان شاراپەت بىلەن پاتىمە ھەدىنىڭ تاماققا تەكلىپ قىلغىنىغىمۇ قارىماي قايتىپ چىقتى. ئۇنى پاتىمە ھەدە ئۇزىتىپ چىققانىدى، ئۇلار ئىككىسى ئىشىك ئالدىدا بىر ھازا مۇڭدىشىپ تۇرۇشتى. رىشاتجان كۆڭلىدىكى ئويىنى ئېيتتى ۋە پاتىمە ھەدىنىڭ ئوتتۇرىدا ۋاستە بولۇپ، شاراپەت بىلەن سۆزلىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. پاتىمە ھەدە بۇ ئۆتۈنۈشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

پاتىمە ھەدە شۇ كۈنى ئاخشىملا بۇ توغرىدا شاراپەت بىلەن سۆزلەشتى.

باشتا شاراپەتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، يىغلىدى. بىراق، پاتىمە ھەدىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، يىغا بىلەن مەۋلاننى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزى بىلەن ئوغلىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى لازىملىقىنى ئويلاپ، يىغىدىن توختىدى.

— سېنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭغىمۇ ئارىلىشالمايمەن، شۇنداق بولسىمۇ، ئوبدانراق ئويلىنىپ باققىن دېمەكچىمەن، — دېدى پاتىمە ھەدە، — بىچارە مەۋلاندىن ئۈمىد يوق، ئاتا - ئاناڭ تاش يۈرەكلىك قىلىپ سېنى تاشلىۋەتتى. ساڭا باشپاناھ بولىدىغانغىمۇ، شەۋكەت دادا دەيدىغانغىمۇ بىر ئادەم كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە رىشاتجان مۇبادا شاراپەت تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، ئەمرىمگە ئۆتسە، مەۋلان ئېتىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن دەۋاتىدۇ، قارا ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىنى...

شاراپەتمۇ ياش تېۋىپنىڭ كۆڭلىنى بەك ياخشى دەپ ئويلايتتى. بولمىسا، ئۇ شاراپەتنى شۇنچە كۆيۈنۈپ داۋالارمىدى؟ قانچە - قانچە قېتىم ئۇنىڭ بېشىدا سائەتلەپ ئولتۇردى، دورا ئىچۈردى، شەۋكەت يىغلىسا، بۆشۈكىنى تەۋرەتتى. شاراپەتنىڭ ئويىچە، رىشاتجاننىڭ نىيىتى ياخشى بولغىنى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى. ئۇنىڭچە، ياش

uyghurkitap.com

تېۋىپنىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ئۇ شاراپەتنىڭ بەختسىزلىكىگە ئىچ ئاغرىتقان، ئۇنىڭغا رەھمى كەلگەن، شۇڭا، ئۇنىڭ بېشىنى سىيلىماقچى، شەۋكەتكە كۆيۈمچان دادا بولماقچى. بىراق، رىشاتجان مەۋلاننىڭ ئورنىنى باسالارمۇ؟ شاراپەت بۇنى ئويلاپ كۆرمىگەنىدى، ئۇ ھازىرغىچە مەۋلاندىن باشقا بىر ئەرنىڭ ئەمردە بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى.

ئەمدى ئويلىماي بولمايتتى. چۈنكى ئۇ شور پېشانىلىقىدىن ئاتا - ئانىسى ھايات تۇرۇپمۇ يېتىم بولۇپ قالغان. يۆلىنىدىغان تېغى مەۋلانمۇ ئۇزاققا بارماي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا كىم باشپاناھ بولىدۇ؟ شەۋكەتكە دادىلىق مۇھەببىتى بەخش ئېتىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەككۇ؟...بۇلارنى ئويلىماي بولمايتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇ غەمكىن ھالدا:

— مەن ئويلىنىپ باقاي پاتىمە ھەدە، — دېدى.

شاراپەت رىشاتجاننىڭ تەكلىپى ئۈستىدە ئىككى ھەپتە ئويلاندى. ئۇنى ھەرقانچە كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ياخشى كىشى دەپ ئويلىسىمۇ بەربىر مەۋلانغا ئوخشىتالمىدى، ھەتتا ئازراقمۇ ئورتاقلىق تاپالمىدى. شۇڭا، ئۇ ياش تېۋىپنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلماقچىمۇ بولدى. لېكىن بۇنىڭدىن دەرھال يالتايدى. چۈنكى ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەنىدى. خۇدا ئۆمۈر بەرسە، ئۇ يەنە قىرىق يىل، ئەللىك يىل ياشىشى مۇمكىن، شۇنچە ئۇزاق زاماننى ئۇ يەككە - يېگانە ئۆتكۈزەلەرمۇ؟ شەۋكەت ھېچكىمنى دادا دېمەي چوڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟... ئۇ ئاخىرى تەقدىرگە تەن بېرىشنى لايىق تاپتى.

رىشاتجاننىڭ: «مۇبادا مەۋلان ئېتىلىپ كەتسە، ئۇنىڭ نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن...» دېگەن سۆزى شاراپەتكە بولۇپمۇ قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇنىڭچە، بۇ ئېغىزنىڭ ئۇچىدىلا ئېيتىلغان سۆز ئەمەس ئىدى. بەلكى رىشاتجان ئەرلىك ۋىجدانى، ئىنسانلىق ئەخلاقى بىلەن ھېسابلىشىپ، يۈرىكىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئېيتقان سۆز ئىدى. ئۇنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي بولمايتتى.

شاراپەت ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاقىۋەت رىشاتجاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

5

ئۇلار ئىككىسى شۇ يىلى كۈزدە قائىدە - يوسۇنلۇق توي قىلىشتى — توي خېتى ئېلىشتى، قولۇم - قوشنىلارنى چاقىرىپ داستىخان سالدى ۋە نىكاھ ئوقۇتۇپ بىر ئۆيگە كىرىشتى.

شاراپەت بۇ تويدىن رازى بولۇشنىمۇ، پۇشايمان قىلىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى. چۈنكى، رىشاتجان ئۇنىڭغا تولىمۇ كۆيۈنەتتى، ئېغىر ئىش قىلغۇزمايتتى، ئۇششاق ئىشلارغا ئارىلىشىۋالمايتتى، كۆڭلەشنى بىلمەيتتى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاياللار ئاشۇنداق كۆيۈمچان، كەڭ قورساق، تاپقان پۇلىنى ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىدىغان، ھاراق

ئىچمەيدىغان، تاماكا چەكمەيدىغان، ئادەم ئۇرۇش تۇگۇل چۇمۇلىگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان ئەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنداقلار بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش تېۋىپ شەۋكەتكە باشقىچىلا ئامراق ئىدى (ئاخىر ئۇ ئاشۇ ئەۋلادنى دەپ شاراپەتكە ئۆيلەنگەنىدى - دە). بوش ۋاقىتلىرىدا ئۇنى كۆتۈرۈپلا يۈرەتتى، گويا: «كۆردۈڭمۇ، مېنىڭمۇ ئوغلۇم بار» دەپ كۆز - كۆز قىلىۋاتقاندەك، شەۋكەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ، قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئارىلايتتى، ئۇنىڭ قەغىشلىرىنى سۆزسىز ئورۇندايتتى. شاراپەت گاھىدا ئوغلىنىڭ بىرەر ئىشىدىن خاپا بولۇپ، ۋارقىراپ قويسا ئۇ دەرھال ئارىغا چۈشەتتى ۋە شاراپەتكە «مۇشتەك بالىغا نېمانچە قوپاللىق قىلىسىز؟» دەپ كايىتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، شەۋكەت شاراپەتكە ئانچە تەلپۈنۈپ كەتمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شاراپەت رىشاتجاندەك ياخشى ئەرگە تېرىشكىنى ئۈچۈن خۇشال بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، مەۋلان ھەر زامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

شاراپەت باشتا: «بىچارە ياپياش تۇرۇپ ئېتىلىپ كېتىدۇ - ھە» دېگەن ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىدا مەۋلاننى ئەسلەپ يۈرگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئېتىلىش قەرەلى توشۇپ، جازا مۇددىتى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ئۆزگەرگىنىدىن كېيىن (بۇ خەۋەرنىمۇ رىشاتجان كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى) ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆڭلىدىن نېرى قىلالماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئىشق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

رىشاتجان ھەرجەھەتتىن ياخشى ئىدى، لېكىن مەۋلاننىڭ ئورنىنى باسالمايتتى. شاراپەت رىشاتجاننى ياخشى كۆرۈشكە قانچە زورۇقمىسۇن، بەرىبىر ئۇنى مەۋلانغا ئوخشىتالمايتتى. مەۋلاننىڭ ھىدى، ئەركىلىتىشلىرى، ئاۋازى، كۈلكىسى، تىكىلىش قاراشلىرى، ھەتتا تېرىككەن چاغلىرىدا قاپىقىنى تۈرۈپ قاراشلىرىمۇ ئۆزگىچە، يېقىملىق ئىدى. ئۇ تاماكا چېكەتتى، بەزىدە ھاراقمۇ ئىچىپ، ئۆيگە مەست كېلەتتى. ئەمما، ھەر قاچان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن شاراپەتكە ئۆزگىچە تۇيۇلىدىغان ھىد تارقىلىپ تۇراتتى. گويا بۇ ھىدمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللىدەك، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. مەۋلاننى ئۇنتالماي ئازابلىناتتى، دائىم كۆڭلى غەش ۋە غەمكىن يۈرەتتى.

ئاشۇ ھالدا بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. كالتە يەڭلىك ئاق كوپتىسىنىڭ ئېتەكلىرىنى قارا كۆك يوپكىسىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ كىيگەن شاراپەت كۆكتات ئالماقچى بولۇپ بازارغا چىققانىدى. ئۇ، ئۇڭ تەرەپتىكى بىر قەۋەتلىك ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. كۈنىنىڭ تەپتى تېخى يانمىغانىدى. يول ياقىسى، ئېرىق بويىدىكى قامەتلىك كۆك تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ مىدىرلىمايتتى. كوچىدا ئادەممۇ شالاڭ ئىدى. ئارىلاپ دوغاپچىلارنىڭ، چېلەكلىرىدىكى سوغۇق سۇنى قىزارتىپ بوياپ ساتقۇچى باللارنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

شاراپەت بىردىنلا ئوتتۇز قەدەمچە ئالدىدىكى بەش خىل مېتاللار ماگىزىنىغا بۇرۇلغان ئېگىز كىشىنى كۆرۈپ، تامدەك تاتىرىپ تۇرۇپ قالدى. كەڭ يۈزلۈك، قارا-

تۇل كەلگەن بۇ كىشى مەۋلان ئىدى. نېمىشقىدۇ شاراپەتنىڭ يۈرىكى سىيلىپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولۇپ قالدى. پۇت - قوللىرى تىترەپ، ماغدۇرسىزلاندى، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمدى، ئايىغىنى يۆتكىيەلمىدى. ئۇ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىشتىن ھولۇقۇپ كەتكەنىدى. شاراپەت خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ماگىزىننىڭ بىرىنچى ئىشىكىدىن ئالدىراپ كىردى.

ئەپسۇسكى، شاراپەت ماگىزىنغا كىرگەندە مەۋلان مىخ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، ماگىزىننىڭ نېرىقى ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. شاراپەتنىڭ ئىچى سىقىلىپ، تىپىرلاپ قالدى، تىت - تىت بولدى. «مەۋلان» دەپ چاقىرىشقا تەمشەلدى - يۇ، نېمىشقىدۇ جۈرئەت قىلالماي دەرھال كەينىگە ياندى.

شاراپەت ماگىزىندىن چىققاندا، مەۋلان ماگىزىندىن ئوتتۇز - قىرىق قەدەمچە يىراقلاپ كەتكەنىدى. شاراپەت ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. مەۋلان شەتلەنگە كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى كەپكىسىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش كۆل رەڭ شىمىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋالغانىدى. ئۇ ئىلگىرىكىدەك سەل قوپاللىراق، چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. شاراپەت ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشالمىغىنى ئۈچۈن يىغلىغۇدەك بولۇپ كەتتى.

شاراپەت كۆكتاتمۇ ئالماستىن كەينىگە ياندى. ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە، ئوي-خىيالى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مەۋلاننى سەۋر - چىدام بىلەن كۈتمەي، كەم ئەقىللىق قىلىپ قايتا ياتلىق بولغىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدى. «ھەي... مەن يارىماس، مەن ۋىجدانسىز، مەن ئەسكى...» دەپ ئۆز - ئۆزىگە كايىدى. ئاخىر ئۇ مەۋلاننىڭ گۇناھسىزلىقىنى بىلەتتىغۇ، شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىلىپ كېتىشىگە ئىشەندى، ئەمما قاچانلا بولمىسۇن گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىشىگە ئىشەنمىدى؟... بۇ سوئال ئۇنى شۇنچىلىك ئازابلىمىدىكى، ياشلانغان كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. ئۆيىگىچە مەست كىشىدەك ئېگىز - پەس دەسسەپ مېڭىپ كەلدى.

ئىشىكى ئالدىدا بىر توپ شوخ باللار قوغلاشماق ئوينىشىۋاتاتتى. ئۈستىخىنىمۇ، چىرايىمۇ دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان شەۋكەتمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئوغلى ئۇنى كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئانا ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ، باغرىغا باستى، مەڭزىگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى، ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن پاڭگىدە يىغلاپ تاشلىدى.

— نېمە بولدۇڭ ئاپا؟ نېمىشقا يىغلايسەن؟

شاراپەت نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى ئوغلىغا ئېيتىشقا تەمشەلدى - يۇ، لېكىن ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى، شەۋكەت ھازىرغىچە بۇ دۇنيادا مەۋلان ئىسىملىك دادىسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىچىك، تولۇمىدىن توقماق چىققاندەك، مەۋلان توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىش بىمەنىلىك بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچتە رىشاتجان قايتىپ كەلگەندە بالا ئانىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشى تۇرغان گەپقۇ؟ شۇڭا، شاراپەت ئوغلىنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ،

كۆز يېشىنى سۈرتتى.

ئۇ ئالدىن پەرەز قىلغان ئىش يۈز بەردى. كەچتە رىشاتجان ئىشىكتىن كىرەر-كىرمەستىن شەۋكەت ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى - دە:

— دادا، ئاپام يىغلىدى! — دېدى.

— يوق گەپنى قىلما! — دېدى شاراپەت قىزارغان، ئوڭايسىزلانغان هالدا.

— يىغلىدىڭغۇ تازا، مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يىغلىدىڭغۇ؟

كىچىك بالا دېگەن هامان كىچىك - دە. شاراپەت ئۇنىڭغا كۆز يېشىنى ئورۇنسىز كۆرسەتكەنلىكىنى هېس قىلىپ، يالغان سۆزلەپ قۇتۇلماقچى بولدى.

— راستمۇ شاراپەت؟ نېمىشقا يىغلىدىڭ؟ — دېدى رىشاتجان.

— كۆكتات دۇكىنىدا بىر ئايال بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم. ئۇ ئۆچرەتتە تۇرمىدىڭ دەپ تىللىغانىدى، ماڭا بەكلا هار كەلدى...

رىشاتجان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك تىكىلىپ قاراپ كەتتى. شاراپەت چاندۇرۇپ قويۇشتىن قورقۇپ، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ قازان بېشىغا بېرىۋالدى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن كۆڭلى خاتىرجەم بولمىدى ۋە ئۆزىنى رىشاتجان ئالدىدا گۇناهكاردەك هېس قىلىپ بىئارام بولدى.

شاراپەت مەۋلانغا ئاشىق ئىدى. بۇ ئىشق ئوتى مەۋلان ئېتىلىپ كېتىدۇ، دېگەن خاتا ئوي تۈپەيلى قوقاسقا ئايلانغانىدى. بۈگۈن ئۇنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، بۇ قوقاس چوغلاندى - دە، يالقۇنجاشقا، ئۇنىڭ تەپتى شاراپەتنى ئازابلاشقا باشلىدى. شاراپەت بۇرۇن رىشاتجاننى ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، يېقىن، مېهرىبان هېس قىلاتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، رىشاتجان يېقىنلاشسا، تېنى تىكەنلەشكەندەك هېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ يەنە كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلغان، تۇرمۇشى كۆڭۈلسىزلىك ئىچىگە كىرىپ قالغانىدى. شاراپەت بۇ هالىتىنى قاچانغىچە يوشۇرالار؟ رىشاتجانمۇ ئادەم، ئۇ ئايالىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشنى ئاللىقاچان سەزگەن، ئەمما، سەۋەبىنى بىلەلمىگەنىدى. شۇڭا، پات - پات:

— ساڭا نېمە بولدى شاراپەت؟ مۇشۇ كۈندە بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىڭ، — دەيتتى. ئەمما، شاراپەت ئۆزىگە شۇنچە تەسىر قىلغان ئاشۇ يېرىم - ياتا ئۇچرىشىشنى ئېيتالمايتتى. ئۇ مەۋلاننى كۆرگەنلىكىنى نەچچە قېتىم ئېيتىشقا تەمشەلدى، رىشاتجاننىڭ ئاقكۆڭۈللۈكىنى ئويلىغاندا، بۇ ئىشنى ئېيتىشقا بولاتتى، بۇنىڭدىن ئۇ خاپا بولماسلىقى مۇمكىن، بىراق، شاراپەت مەۋلاننى ئېغىزغا ئالسىلا تۇيغۇلىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشى سۆزسىز ئىدى.

شاراپەت ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاخىرى مەۋلان بىلەن سۆزلىشىش قارارىغا كەلدى. ئەگەر مەۋلان ئۇنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرسە ۋە ئەقىلسىزلىقىنى كەچۈرسە، رىشاتجانغا ئاجرىشىپ كېتەيلى دەپ ئوچۇق ئېيتماقچى ئىدى. ئۇ، بەزىدە ئۆزىنىڭ مەۋلانغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، مەۋلان مېنى كەچۈرمەسلىكى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالاتتى. لېكىن بۇ ئەندىشە شاراپەتنى مەۋلان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوچۇق-

www.uyghurkitap.com

ئاشكارا سۆزلىشىش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتۇرەلمىدى.

شاراپەت مەۋلاننى ئۇچرىتالماي بىر ـ ئىككى ئاي ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ بىر كۈنى ــ بۇ يەكشەنبە كۈنى ئىدى ــ ئەتەي ساندۇق بازىرىغا باردى. ساندۇق بازىرى تىنقما ـ تىقماق بولۇپ كەتكەچكە يېقىن بارغىلىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ كوچىدىمۇ ئادەم كۆپ ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ۋاللىداپ تۇرغان ساندۇقلار، خىلمۇخىل ئىشكاپلار تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، ئادەملەر ئورىۋالغانىدى. شاراپەت ئارىلاپ يۈرۈپ سۇس سېرىق سىرلانغان ئىشكاپنىڭ يېنىدا تۇرغان مەۋلاننى كۆرۈپ قالدى.

مەۋلان قارا كۆك چىبەرقۇتتىن تالىستوپكا، شىم كىيگەنىدى. ئۇ شاراپەت تۇرغان يەرگە قاراپمۇ قويمىدى. ئەمما، شاراپەت ئۇنىڭ بىكار بولۇپ چەتكە چىقىشىنى كۈتۈپ قادىلىپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكى تەلپۈنەتتى، ھاياجانلىنىپ دۈپۈلدەيتتى. شاراپەت مەۋلان بىلەن تونۇشقان، نىكاھ ئوقۇتۇپ بىر ئۆيگە كىرگەن كۈنلىرىنى، ھېلىقى ئۇنتۇلماس، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى يوق قىلغان ئەنسىز كېچىنى، چەككەن رىيازەتلىرىنى ئەسلەپ، كۆڭلى بۇزۇلدى. شۇ ھالدا يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

شۇ ئارىدا توپا رەڭ كەپكىنى كۆزىگىچە باستۇرۇپ كىيىۋالغان يىگىت مەۋلان بىلەن سودىلىشىپ، ئىشكاپنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ كېتىپ قالدى. مەۋلان پۇلنى سانىمايلا كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ چوڭ يول تەرەپكە بۇرۇلدى. شاراپەت پايپاسلاپ مېڭىپ، ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ۋە ياندىشىپ كېتىۋېتىپ سالام قىلدى.

ــمەۋلان ... ياخشىمۇسىز؟

تونۇش، تىترەك ئاۋازنى ئاڭلىغان مەۋلان ئەجەبلەنگەندەك چىپپىدە توختىدى. كۆزلەر بىر ـ بىرىگە قادىلىشتى، شاراپەتنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، لەۋلىرى تىترەيتتى، ئۇ يىغىدىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. ئەمما مەۋلان تەمكىن كۆرۈنەتتى.

ــياخشىمۇسىز؟

ــھەر ھالدا...يامان ئەمەس...سىز قۇتۇلۇپ چىقتىڭىزمۇ؟

ــھەئە، ئاقلىنىپ چىقتىم...تۆت ئاي بولدى...

شاراپەت گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى ھامان تىترەيتتى. مەۋلان تەمكىن ھالدا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن رەنجىگەن شاراپەت: «ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، مېنى ئالىقاچان كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەندەك قىلىدۇ...» دەپ ئويلىدى ـ دە، كۆڭلى بۇزۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى دەۋېلىشنى زۆرۈر تاپتى.

ــسىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى، ــدېدى شاراپەت ئاخىرى. مەۋلان كۈلۈمسىرىدى، ئەمما، بۇ كۈلۈمسىرەش شاراپەتكە كىنايىدەك تۇيۇلدى.

— ماڭىمۇ؟ ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ، ئاشخانىغا باشلاپ كىرەي، شۇ يەردە پاراڭلاشساقمۇ بولىدۇ...

— رەھمەت. سىز بىلەن يالغۇز پاراڭلىشاي دېگەنىدىم...مۇمكىن بولسا، ئۆيىڭىزگە بارساقمىكىن...

— ئۆيۈمگە؟ — مەۋلان كۈلۈمسىرەپ بېشىنى چايقىدى، — ئۆيۈمگە بارساق ياخشى بولماس.

شاراپەتنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى. كۆزلىرى يەنە ياشلاندى ۋە كۆڭلىدىن بىر يامان ئوي كەچتى. ئۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن بويىنىدىكى ھال رەڭ ھىلھىلە ياغلىقىنى بېشىغا سالدى - دە، ئىشىكىدىن چەگدى. ئەمما كۆڭلىدىن كەچكەن ئوينى سورىماي تۇرالمىدى:

— ئۆيلەندىڭىزمۇ؟

مەۋلاننىڭ قارامتۇل چىرايى سۆرۈنلەشتى.

— ياق، — دېدى ئۇ، — مەن ئۆيلىنىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدىم، بەلكىم ئۆيلەنمەسمەن.

— ئارىمىزدا بىر بالا بار، ئۇنىڭغا ئىچىمىز ئاغرىشى لازىم مەۋلان، مەن سىز بىلەن شۇ ھەقتە سۆزلىشەي دېگەن.

شاراپەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، ئىككى تامچە ياش ھال سېرىق مەڭزىدە سىيرىلىپ چۈشتى.

— بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندىم شاراپەت. تۈرمىدىكى چاغدىلا سىزنىڭ ياتلىق بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ سىزدىن رەنجىگەنىدىم. كېيىن ئويلىسام، سىزدىن رەنجىسەم توغرا بولمايدىكەن، ئاتا - ئانىڭىز سىزنى تاشلىۋەتكەن، باشپاناھ بولىدىغان ئادىمىڭىز يوق شارائىتتا ياتلىق بولمايمۇ ئامالىڭىز يوق ئىكەن، — مەۋلان بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋام ئەتتى، — شۇنداق قىلىپ، سىزنى توغرا قىلغاندۇ، دەپ ئويلىدىم، ئەمما، تۈرمىدىن چىقسام‌لا ئوغلۇمنى تارتىۋالىمەن، دېگەن خىيالدا بولدۇم. شۇڭا، تۈرمىدىن ئازاد بولۇپ چىققىنىمدىن كېيىن، سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى ئىزدەپ تاپتىم، دەرۋازاڭلارنىڭ ئالدىغىچە باردىم. قارىسام، ئوغلىمىز ئىشىك ئالدىدا ئويناۋېتىپتۇ، كۆرۈپلا تونۇدۇم، ماڭىلا ئوخشايدىكەن. شۇ ئارىدا ئۆيۈڭلاردىن بىر ئەر چىقتى ۋە شەۋكەتنى چاقىردى، شەۋكەت ئويناقلاپ كېلىپ ئۇ كىشىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇ كىشىمۇ بالىنى قۇچاقلاپ كۆتۈردى، سۆيۈپ كەتتى. ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم، ئۇنى تارتىۋېلىش ئويۇمدىن يالتايدىم. ئۇنىڭغا سىزنىڭ، يولدىشىڭىزنىڭ ئەجرى سىڭدى، مەن بولسام ئۇنىڭغا ھېچ ئىش قىلىپ بەرمىدىم، ھېچ ئىش...

كۆز يېشى تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان شاراپەت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— كوچىدا بۇنداق پاراڭلاشمايلى، ئۆيىڭىزگە بېرىپ سۆزلەشسەك ياخشىراق بولار.

— ياق، بولمايدۇ، شاراپەت، بولمايدۇ. سىز باشقا ئەرنىڭ ئەمرىدىكى ئادەم، سىزنى ئۆيۈمگە باشلاپ بارالمايمەن، كەچۈرۈڭ.

— سىز مېنىڭدىن رەنجىشكە ھەقلىق، ئەمما...

— سىزدىن نېمىشقا رەنجىگۈدەكمەن؟ بەلكىم تەقدىرىمىز شۇنداق بولغىيدى... قويۇڭ ئۇ گەپلەرنى. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، سىزمۇ مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، مېنى دەپ ئىككىنچى بىر ئادەمنى رەنجىتمەڭ. خەير، شاراپەت، سالامەت بولۇڭ.

مەۋلان كەتتى. شاراپەت دەرمانسىزلىنىپ، ئېرىق قىرىدىكى دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بىر دەريا ھەسرەت - نادامەت، پۇشايمان ئارىلاش غەزەپ ئۆركەشلەيتتى. ئۈمىد ئۈزۈلگەنىدى، مەۋلاننىڭ شاراپەتنى سىزلەپ گەپ قىلىشى، ئۆزىنى يات ئادەمدەك تۇتۇشى، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاڭلاشنى رەت قىلىشى شاراپەتكە ھار كەلگەنىدى. كۆز يېشى تاراملاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ كوچىدا، ئاشۇ قىياپەتتە كىشىلەرگە كۆرۈنۈشنىڭ سەت ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنۇتقانىدى.

شاراپەت شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاققىچە ئىلەڭ - سىلەڭ يۈردى، مەۋلاندىن رەنجىدى، تېرىكتى، پۇشايمان يېدى، ھەسرەت چەكتى، مەۋلاننى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئۇرۇندى.

بىراق، شاراپەت ئۈچۈن مەۋلاننى ئۇنتۇپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىككى - ئۈچ يىلغىچە كۈنلەرنى بۇرۇنقىدەك — كۆرۈنۈشتە خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام قىياپەتتە ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما، مەۋلاننى ھامان ئەسلەپ يۈردى، بۇ ھال ئۇنى زەئىپلەشتۈردى. ئۇ يەنە قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.

رىشاتجان ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆز تەجرىبىسى بويىچە داۋالىدى، كۈتتى. بىراق، ئۈنۈمى بولمىدى، شاراپەت بارغانسېرى سارغىيىپ كەتتى، چاچلىرى تۆكۈلۈپ، ئورۇقلىدى، بۇرۇنقى گۈزەللىكىنى يوقاتتى. ئەمما، شاراپەتنىڭ سەتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى رىشاتجانغا بىلىنمەيتتى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. رىشاتجاننىڭ دورىلىرى شاراپەتنىڭ ئاغرىقىغا كار قىلمىدى. ئۇنى ئاخىرى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

شاراپەتنىڭ ئەھۋالى كۈندىن كۈنگە يامانلاشماقتا ئىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئوكۇل سېلىشاتتى، دورا ئىچۈرۈشەتتى، تۈرلۈك ماشىنىلاردا تەكشۈرەيتتى - يۇ، كېسەلنى تاپالمايتتى. ئۇ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى.

شاراپەت كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تورۇسقا قاراپ ياتاتتى. ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى، ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلمايتتى، ئارىلاپ لەۋلىرى مىدىرلاپ پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەنسىرىگەن، ئەندىشىگە چۈشكەن رىشاتجان:

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن، — دەپ سورايتتى.

ئەمما، شاراپەت تورۇسقا قاراپ ياتقان ھالىتىنى بۇزماي:

— ھېچنەرسىنى ئويلىمىدىم، — دەپ قوياتتى.

مەۋلاننىڭ سىماسى شاراپەتنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى. شارا-

پەت ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتاتتى،ــئاۋازسىزمۇڭدىشاتتى،ئارزۇسىنىبىلدۈرەتتى، ئۆزىنىــى كــەچــۈرۈشنى، ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنەتتى. شاراپەت ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان مەزگىلى قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى ۋە مەۋلانىنى ئاخىرقى مەرتىۋە كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، ئۇنى قانداق كۆرۈش مۇمكىن؟ رىشاتجانغا مەۋلانىنى بىر كۆرسەم دەپ ئېيتىش مۇمكىنمۇ ئاخىر؟ ... بۇنداق تەلەپ رىشاتجاننى خاپا قىلىشى، ئۇنىڭغا كەچۈرگۈسىز ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلۇشىمۇ مۇمكىن. شاراپەت مۇشۇلارنى ئويلاپ قىسىلاتتى، بىئارام بولاتتى. ئەمما، مەۋلانىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدىنمۇ ۋاز كېــچەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى دىدارلىشىش، يەنى مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى شاراپەت تۇيۇپ تۇراتتى. ھازىرغىچە مەۋلانىنىڭ جىسمى ئۇنىڭ بىلەن بىللەبولمىسىمۇ، ھىدى بىللە ئىدى. ئۇ كۆز يۇمغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ھەممە نەرسە تۈگەيدۇ.

شاراپەت رىشاتجاننى رەنجىتىشنىمۇ خالىمايتتى. شاراپەت شۇنچە ئۇزاق ۋاقــت ئاغرىق ئازابىنى تارتتى، ئەمما ئاتا - ئانىسى ئۇنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ كەلــمــىدى. ئېرى رىشاتجان بولسا ئۇنى باقتى، كۈتــتى، دەردىگە دەرمان بولدى. تېخى بىر قانــچە كۈن ئاۋۋال: «سېنى ئاغرىپ قالدى دەپ ئاتا - ئاناڭغا خەۋەر قىلىپ قويايمۇ» دەپ سورىدى (ئەمما، شاراپەت ئېرىنىڭ بۇ ياخشى نىيەتلىك مەسلىھىتىنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ باغرى تاشلىقىدىن قاتتىق رەنجىگەنىدى). شۇنداق تۇرۇپ شاراپەتنىڭ ئۇنى خاپا قىلىشقا قانداقمۇ يۈزى چىدىسۇن؟...

يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، چۈش مەزگىلى ئىدى. رىشاتجان ئوغلىنى ئاپاڭغا ھەمراھ بولۇپ، يېنىدا ئولتۇرۇپ تۇر دەپ قويۇپ ئۆيگە كەتكەنىدى. شاراپەتنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىشى بىلەن شەۋكەت چوكا مۇز ئېلىپ يېمەكچى بولۇپ، دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك بازارغا چىقىپ كەتتى.

شەۋكەت قايتىپ كىرگەندە، شاراپەت ئويغانغانىدى.

ــ نەگە باردىڭ؟ ــ سورىدى ئانا زەئىپ ئاۋازدا.

ــ تالاغا...

شەۋكەتنىڭ تۇرقى بىر قىسما كۆرۈنەتتى. ئۇ ئانىسىغا نېمىشقىدۇ تارتىنىپ، يەر ئاستىدىن قارايتتى، قىسىلاتتى. شاراپەت بۇرۇن ئوغلىدا بۇنداق غەلىتە ھالەتنى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى سەزدى. شاراپەتنىڭ خىيالىدىن: ئۇ، ئۆز دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، خېلىدىن بېرى كۆرۈشۈپ تۇرامدىكىن...؟ دېگەن ئوي كەچتى-دە ئالدىراپ، ھولۇقۇپ:

ــ بىرسى بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. شەۋكەت ئۇنچۇقماستىن يەرگە قارىۋالدى. ئانا ئۆز قىياسىنى جەزملەشتۈردى، ــ مەۋلان داداڭ بىلەن ئۇچراشتىڭمۇ؟ شەۋكەت ھەئە دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى ۋە ئانىسىغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى.

ــ ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنمۇ كۆرۈشكەنمۇ؟

www.uyghurkitap.com

ــ ھەئە.

ــ ئۇ نېمە دېدى؟

ــ سېنى سورىدى، بۇرۇنمۇ سورىغان...

ــ نېمە دېدىڭ؟ ئاپامنىڭ كېسىلى ئېغىر دېدىڭمۇ؟

ــ ياق ... دادام ئاپاڭ ياخشى بولۇپ قالدۇ، كىشىلەرگە ئاپامنىڭ ئەھۋالىنى يامان دەپ يۈرمە، يامان بولىدۇ دېگەنىدى. شۇڭا مەن...

ــ ۋاي ئەخمەق، ۋاي ئەخمەق، ئۇ يات كىشى بولمىسا...

شاراپەت شۇنداق دېدى ـ دە، كۆزىنى يۇمدى. ئىككى تامچە ياش سىيرىلىپ مەڭزىگە چۈشتى. كىچىككىنە ئۆسمۈرنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. شاراپەت كۆزىنى ئېچىپ، ئوغلىغا قارىدى.

ــ يەنە كۆرۈشەمسەن؟

ــ ئۆگۈنلۈككە چۈشتە دوختۇرخانا ئالدىغا چىق، كىيىم ئېلىپ بېرىمەن دېدى. چىقسام بولامدۇ؟

ــ چىق، ئوغلۇم چىق. كۆرۈش... ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، ئاپام سېنى دوختۇرخانىغا بىر كىرسۇن دەيدۇ، دە. بۇ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشۈم، مەۋلان داداڭغا شۇنداق دەپ ئېيت، ماقۇلمۇ؟ ئەمما، داداڭ ئۇقمىسۇن.

ــ ماقۇل ئاپا.

شاراپەت ئىككى كېچە، بىر كۈندۈزنى بەكمۇ تەسلىكتە ئۆتكۈزدى. ئوغلىنىڭ مەۋلان بىلەن كۆرۈشىدىغان چۈش مەزگىلىنى زارىقىپ كۈتتى. شۇنچە ۋاقىت تاماقمۇ يېيەلمىدى، ئۇيقۇسىمۇ ياخشى بولمىدى. كۆز نۇرىمۇ ئۆچەي ـ ئۆچەي دەپ قالدى، نەپىسىمۇ ئىتتىكلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندەك بىلىنەتتى. كۆزىگىمۇ ھەر خىل نەرسىلەر كۆرۈنەتتى، شاراپەت ئۇ نەرسىلەرنى جان ئالغىلى كەلگەن ئەزرائىل دەپ ئويلايتتى. مەۋلاننى ئاخىرقى مەرتىۋە كۆرۈش ئارزۇسىغا يېتەلمەي قېلىشتىن قورقۇپ، غەم قىلىشقا باشلىدى. شەۋكەت مەۋلان بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنى سەھەردە بىر قېتىم ھوشىدىن كەتتى. ئۇ مەۋلانغىلا تارتىشىپ، جان بېرەلمەيۋاتقاندەك ئىدى.

دوختۇرلار پايىپېتەك بولۇشۇپ، ئوكۇل ئۇرۇشتى، بولمىدى، بۇرنىدىن كىسلارود ماڭدۇرۇشتى. بىرئاز ئوڭشالغان شاراپەت كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قىينىلىنىپ قارىدى. كۆزىگە بىرمۇنچە ئادەم كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەۋكەتمۇ، رىشاتجانمۇ بار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ كۆرۈشكە تەشنا بولغان مەۋلان يوق ئىدى ... شاراپەت كۆزىنى يۇمۇپ ئۇزاققىچە جىمجىت ياتتى، ئېغىر ـ ئېغىر تىنناتتى.

شاراپەت ئىككىنچى قېتىم مىڭ جاپادا كۆزىنى ئاچقاندا شەۋكەتنىلا كۆردى.

ــ داداڭ قېنى؟ ــ دەپ سورىدى شاراپەت. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاران ـ ئاران، يىراقتىن ئاڭلانغاندەك ئاڭلىناتتى.

ــ دوختۇرلار چاقىرىپ چىقىپ كەتتى، چاقىرايمۇ ئاپا؟

شاراپەت «ياق» ئىشارىتىگە بېشىنى چايقىدى. «دوختۇرلار جان ئۈزەي دەپ قالغانلىقىمنى ئېيتماقچى ھەقچان ئۇنىڭغا» دەپ ئويلىغان شاراپەت ئوغلىغا ئىلتىجا بىلەن ئاران ئاڭلىنىپ ئېيتتى:

— مەۋلان داداڭنى چاقىر ... بول، بول، ئىتتىك چىق ... ئاخىرقى ئۈتۈنۈشۈم، ئەڭ ئاخىرقى! ئۇنىڭغا ئېيت ... بىر كۆرۈۋالاي ... چاقىقان بول بالام، خۇش بولاي سەندىن...

شەۋكەت يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ يېرىم سائەتكە يەتمەي قايتىپ كىردى. كەينىدە مەۋلان بار ئىدى. ئۇ قارا كەپكە، قارامتۇل رەختتىن شىم - كەمزۇل كىيگەنىدى. رىشاتجان شاراپەتنىڭ باش تەرىپىدە ئۆرە تۇراتتى، ئاق خالات، پوسما كىيگەن بىر چوكان ئۇنىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچەۋاتاتتى، كىسلارود قاچىلانغان ياستۇق ئېلىۋېتىلگەنىدى.

ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلغىنىنى ئاڭلىغان رىشاتجان ئارقىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايى قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ مەۋلاننى تونۇسا كېرەك، باش لىڭشىتىپ سالاملاشتى، مەۋلانمۇ شۇ ھالنى تەكرارلىدى ۋە ئالدىغا ئىككى قەدەم چامداپ توختىدى. شاراپەت كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. ئاق سېرىق يۈزى تاتىرىپ تونۇغۇسىز بولۇپ قالغانىدى. چىرايى تېگى - تېگىدىن زەئىپ كۆرۈنەتتى، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ پاخپايغانىدى. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا خېلىلا ئۇستىخانلىق، كونىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «يېگەن - ئىچكەندەك، سوقا - سەندەلدەك» قىز ئىدى. ئەمما، ھازىر ئورۇقلاپ، قورۇلۇپ، جەينەكتەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئېغىر - ئېغىر تىنىناتتى، ئۇستىگە يېپىلغان يوتقانىنىڭمۇ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلىگىنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەۋلان ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى.

شەۋكەت ئاستا ئانىسىنىڭ يېنىغا ئۆتتى، ئاق خالاتلىق چوكانمۇ قان بېسىمىنى ئۆلچەپ بولۇپ چىقىپ كەتتى. كۆز يېشى غىلىلداپ تۇرغان شەۋكەت ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋىدى، ئۇ كۆزىنى ئاچتى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، خۇنۇكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەتراپىغا سەپسېلىشقا باشلىدى. مەۋلان نېمە ئۈچۈندۇر ئالدىغا يەنە ئىككى قەدەم چامدىدى. شاراپەت ئۇنى كۆرگەن، تونۇغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگىنى كۆرۈندى. ئۇ مەۋلاننىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولغان، سۆيۈنگەنىدى. شاراپەت ئەتراپىدىكىلەر ئاران ئاڭلىغۇدەك قىلىپ شۇنداق دېدى:

— سىزگە رەھمەت ... ئاخىرقى ئۆتۈنۈشۈمنى يەردە قويماپسىز ... ئۇھ ... ئەمدى ئارمانسىز كېتىمەن ...

— شاراپەت سۆزلەۋېتىپ تىلدىن قالدى.

**مەسئۇل تەھرىرى: روزىمەھەممەت جۇمە**

ھېمىت ئەقسۇت

# ئۇقتۇرۇش قەغىزى

(ھېكايە)

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سالام ئاۋازىنى ئاڭلاپ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى ياسىن بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا بويلۇق، ئەكە ساقال، دىقماقىنا كەلگەن بىر دېھقان قول قوشتۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ھە، كەپ قاپلىغۇ، — دېدى ياسىن قولىدىكى گېزىتنىڭ بېتىنى ئۆرۈپ تۇرۇپ ئېرەنسىزلىك بىلەن. ئۇنىڭ ئەپتىدىن يا گېزىت ئوقۇشقا، يا گەپ قىلىشقا خۇشياقمىغانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ گېزىتنى شىرە ئۈستىگە تاشلاپ، بارماقلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنەپ كېرىلگەنىدى، قوش ئېگەكلىرى ساڭگىلاپ، ياڭاق گۆشلىرى تۈرۈلۈپ قۇلاق تۈۋىگىچە سۈرۈلدى. دە، قورت يەپ كۆكىرىپ كەتكەن ئېزىقلىرىمۇ كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ پاخپايغان چاچلىرىنى قولى بىلەن تاراپ، ئالدىدىكى گېزىتنىڭ بۇرجىكىدىن «چارتتىدە» يىرتىۋېلىپ ئېزىلمەڭگۈلۈك بىلەن تاماكا ئوراشقا باشلىدى.

— ئىشلىرى بارمىدى؟ — سورىدى ئۇ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، بىر كۆزىنى سەل قىسقان ھالدا ئالدىدىكى ئادەمگە قاراپ.

— شۇنداق، — دېدى ھېلىقى ئادەم، ھۆرمەت بىلەن بوينىنى ئېگىپ تەزىم قىلىپ، — سۆزلىرىنى ئاۋارە قىلمىدىغان بولدۇم، بالام بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەنىدى، ئاداشلىرىغا يوقىرىدىن خەت كەپتۇ. مېنىڭ بالامغا تېخى كەلمىدى، شۇنى سىلىدىن...

— ئىمتىھان بەرگەنلەر جىق، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە ئۇقتۇرۇش قەغىزى كېلىدۇ، ئۆتەلمىسە كەلمەيدىغان گەپ! — دېدى ياسىن گەپنىڭ پېيىگە تېپىپ كەسكىن ھالدا.

— خوش، شۇنداق، شۇنداق — دېدى ھېلىقى كىشى نېمىنىدۇر ئاغزىدىن چىقىرالماي، — بالام... بالام مەندىن ئاز نومۇر ئالغانلارغا ئۇقتۇرۇش كەلدى، ماڭا كەلمىدى دەپ، ئۈچ كۈن بولدى دۇم يېتىپ يىغلاپ بېشىمنى ئۇچاق ئېتىۋەتتى. مەكتىپىگە بار-

سام، بىزگە كەلمىدى دەيدۇ. شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا كېلىشىم.

—باللىرى قانچە نومۇر ئاپتىكەن؟

—خۇدايىم بۇيرۇسا، ئىككى كەم تۆيۈز قىرق ئالغان.

—ئىسمى نېمە؟

—تۇرسۇن.

—ئۆزلىرىنىڭچۇ؟

—توختى.

مائارىپ كادىرى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، تارتىمىسىنى ئېچىپ ئۈچ لىپاپىنى چىقاردى-دە، بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۈچىنچى لىپاپقا تىكىلىپ «ھە» — دەپ تۇرۇپ قالدى ۋە توختى ئاكىغا قىيا بېقىپ:

—مەن يۇقىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ باقاي، ھەر ھالدا بۇ ئىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، قايتا-قايتا سۆزلىشىپ، يول ماڭمىساق ھەل بولمايدۇ، — ئۇ تاماكىسىنى بىر شوراپ تۈتۈننى پۈۋلەپ چىقىرىۋېتىش ئارىلىقىدا نېمىنىدۇر ئويلىنىۋالدى-دە، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇنىڭغا پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ، تېلېفوندا بىر قېتىم سۆزلىشىشنىڭ ئۆزىگىلا بىر مۇنچە پۇل كېتىدۇ.

— ئۇكام، پۇلدىن غەم قىلمىسىلا، قانچىلىك كەتسە، مانا مەن تەييار، قولۇم كۆكسۈمدە، — دېدى توختى ئاكا مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — يېنچاقتا يارىغۇدەك ئون قويۇم بار، بالامنىڭ ئوقۇش ئىشى ھەل بولىدىغانلا بولسا، خىزمەتلىرىدە بولغىچىلىك كىمىز بىتار دېسىلە، — دەپ قوشۇپ قويدى، ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

ئۇنىڭ سۆزىدىن ئاق كۆڭۈللۈك، ھەرىكىتىدىن سەممىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ياسىن بۇنى چۈشىنىپ يەتتى بولغاي. ئۇنىڭ كەيپىياتى دەرھال ئۆزگەردى، ئەمدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ:

— توختىكا، ئولتۇرسىلا، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، — دېدى ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، — مەنمۇ ئىلاج بار سىلىنى چىقىم قىلدۇرمايمەن. ئامال قىلىپ بالىنى ياخشىراق بىر مەكتەپكە كىرگۈزۈشكە كۆچەپ باقاي.

ئۇ يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ توختىۋالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەنە قانداق «كۆڭۈلدىكىدەك» گەپ چىقاركىن دەپ كۆڭلى تاقىلداپ تۇراتتى.

— ئۇكام، ئاغزىلىرىغا ناۋات! خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن، رىسقىلىرىنى زىيادە قىلسۇن! سىلىدەك ياخشى كادىردىن جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز دېسىلە! — دېھقان ھاياجىنىنى باسالماي، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى ۋە يەكتىكىنىڭ يېڭى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — ئۇكام، نېمە لازىم بولسا تارتىنماي دەۋەسىلە، — ئۆتۈندى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

ياسىن بىردىن قوشۇمىسىنى تىۋدى-دە:

— بۇ نېمە دېگەنلىرى!؟ — دېدى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چالۋاقاپ، — ماڭا ھېچنەرسىلىرى لازىم ئەمەس، مېنى نېمە كۆرۈۋاتىلا؟ بىلىپ قويسىلا مەن ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەۋاتقىلى يىگىرمە يىل بولدى، يىگىرمە يىل! خەققە ياخشىلىق قىلسام قىلدىمكى، يىڭنە چاغلىق نەرسىنى ئالغىنىم يوق!

بىر ئوبدان ئىشنى بۇزۇپ قويدۇممۇ نېمە، دېگەن ئەندىشىگە پاتقان توختى ئاكا يېلىنىپ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئۇكام، خاپا بولمىسىلا! بىز دېھقان خەق ئاغزىمىزغا نېمە كەلسە نېرى-بېرىسىنى ئويلىماي دەۋېرىمىز، خاپا بولمىسىلا، سەۋەتلىك مەندە! سەۋەن-

لىك مەندە!

ئۇ شۇنداق دېسىمۇ، ئۆزىنىڭ نېمە «سەۋەنلىك» ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلمەيتتى. چىن كۆڭلىدىن چىققان سەممىمىي گېپى قانداق قىلىپ ياسىنىنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تېگىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن سادda دېھقان گاڭگىراپ قالدى. خىجىللىقتىن ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى.

— بولدى، بولدى! — دېدى ياسىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سوغۇققىنا، — ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ باقسىلا، مەن يۇقىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ باقاي، ئاقمىسا ئادەم ئەۋەتىپ بولسىمۇ بالىلىرىنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىمەن.

توختى ئاكا خۇشاللىقىدا ئۇنىڭغا نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيتتى. كۆڭلىدە جىق گېپى بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغان گەپنى چىقىرىپ قويۇپ، ئىشنى بۇزۇپ قويماي دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇ ھەممە گېپىنى «رەھمەت!» كە يىغىنچاقلاپ تەكرارلىغىنىچە قايتا - قايتا تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

ياسىن تارتمىسىنى ئېچىپ، كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولغان ئۈچ پارچە ئۇقتۇرۇش قەغىزىگە قايتىدىن سىنچىلاپ قارىدى. تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇقتۇرۇش قەغىزى ئۇنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. قالغان ئىككى پارچە ئۇقتۇرۇش قەغىزىگە قاراپ نېمىشىندۇر كۆڭلىگە پۈكتى - دە، تارتمىسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى خاتىرىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ، قۇلۇپىنى بېسىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ «ماھارىتى»دىن مەمنۇن بولۇپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، توختى ئاكا مائارىپ ئىدارىسىگە كەلدى. ئىشخانىدا ياسىن كۆرۈنمەيتتى. «بالامنىڭ ئىشى قانداق بولغاندۇ؟» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ، ئۆزىگە - ئۆزى. توختى ئاكا غەم بىلەن ئىشىك تۈۋىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، يېرىم كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئاخىر ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆيىگە پاتقان ھالدا ئاستا قوزغالدى - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ كارىدوردىن چىقتى. ئۇ، چوڭ يولغا بۇرۇلغاندا، ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ قاتتىق جىرىڭلىشىدىن چۆچۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. يېنىدا ئاسماندىن چۈشكەندەك ياسىن تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى توختى ئاكا، قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇ خۇشاللىقىدا ياسىنىنىڭ قولىنى قانچىلىك قاتتىق قىسىۋەتكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلمىدى.

— سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇم، — دېدى ياسىن سىپايىلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ. ئۇ بۈگۈن تولىمۇ خۇش خۇي كۆرۈنەتتى.

— ئوغلۇمنىڭ تويى يېقىنلىشىپ قالغانتى، قۇدىلار ئالدىرىتىۋاتىدۇ، پىچاققا يارىغۇدەك قويدىن بىر - ئىككىنى ئېلىپ قوياي دېسەم، مال بازىرىدا مالنىڭ ھېچ مەسلىھەتى يوق، ئايلىنىپ يۈرۈپ كېچىكىپ قالدىم، — دېدى ۋە توختى ئاكىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

— بۇ ئىشنى پېقىرغا تاپشۇرسىلا، — دېدى توختى ئاكا دەررۇلا، — ئۈنچىلىك خىزمەتلىرىدە بولالمىساق، بىزمۇ سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كەلمىسەك بولىدۇ، — قوشۇپ قويدى ئۇ.

ياسىن ئۈنچىقمىدى. ئۇ، توختى

ئاكىنىڭ قەلبىنى يەنە قانداق قىلىپ تېخىمۇ بەكرەك مايىل قىلىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتاتتى.

— تېلېفوندا يۇقىرى بىلەن سۆزلەشتىم، بالا دوختۇرلۇق مەكتىپىگە ھەل بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. ناۋادا شۇنداق بولسا، چوڭ دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ، يۇقىرى ئاتاق - ئابرويغا ئىگە بولىدۇ، ئۇ چاغدا ھېچكىم سىلىنىڭ ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتەلمەيدۇ دېسىلە، ھا...ھا...ھا...

ئۇنىڭ بۇ غەمخورلۇقلىرىدىن بېشى كۆككە يەتكۈدەك بولغان دېھقان شۇ تاپتا ئۇ ئىككى قوي ئەمەس، ئون قوينىڭ ھەممىسىنى سوۋغا قىلىۋېتىشكىمۇ رازى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى باسالماي خۇشلۇقىدىن كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— بىز دېھقانىنىڭ بېشىنى سىلىغانلىقلىرى ئۈچۈن خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن! — دېدى ئادەتكە ئايلانغان گېپىنى تەكرارلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنى چاقناپ تۇراتتى.

ياسىن گەپنى ئۇزارتماي:

— چارشەنبە كۈنى ئەل ئايىغى بېسىققاندا ئۆيگە بېرىپ بۇ ئىشنىڭ خەۋىرىنى ئالسىلا، مېنىڭ ئۆيۈم مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا، — دېدى ۋە سائىتىگە قاراپ، — مېنىڭ مۇشۇ تاپتا يەنە ئازراق ئىشىم بار، — دېدى ئۇ، توختى ئاكىنى ئالدىرىتىپ.

جامائەت خۇپتەندىن يانغىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئەتراپ تۇم قاراڭغۇ، گۆرىستاندەك جىمجىت ئىدى. قاياقتىندۇر ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى بىرەبىر ئاڭلىنىپ قالاتتى. توختى ئاكا ئاق تۇمشۇق سۇر ھاڭگىنى ھارۋىغا قوشۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان پادىدىن ئايرىپ بوداۋاتقان قارا باش ئاق ئىرىك بىلەن سېرىق قوچقارنى ئېغىلدىن يېتىلەپ چىقتى - دە، مەرىمىسۇن دەپ ئالدىن تەييارلاپ قويغان كۆيمەشەكنى ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سېلىپ، بويىنىدىن پۇختا قىلىپ باغلىدى. ئارغامچا بىلەن پۇتلىرىنى چۇشەپ، ھارۋىغا باستى - دە، ئۈستىگە قارا تەڭلىماتىنى يېپىپ ئوبدان چۈمكەپ يولغا چىقتى. ئۇ ياسىننىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاران دېگەندە تاپتى.

توختى ئاكىنىڭ ئالدىغا ياسىننىڭ خوتۇنى چىقتى. ئۇ جىلۋىسىنى قىلىپ:

— ۋېيەي! ئۇ، قوي ئالىمەن دەۋاتاتتى، ئاۋارە قىلىپ سىلىدىن ئەۋەتىپتۇ - دە، — دېدى ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ ھىجىيىپ، — ئۆزى نەدە يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇ ئەتىگەن ئىشقا مېڭىش ئالدىدا بۇ خەتنى سىلىگە بېرىپ قويۇشنى تاپىلىغان، — دېدى چوكان يانچۇقىدىن سېرىق لىپاپىنى چىقىرىپ، — بالىلىرى تىببىي شۆبىگە قوبۇل قىلىنىپتۇ. بىزنىڭ يولداش «تەستە ھەل بولدى، تولا داۋراڭ قىلماي رەسمىيىتىنى ئۆتەپ ۋاقتىدا ماڭسۇن، بولمىسا گەپ كۆپىيىپ ئىش بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەيدۇ، — دېدى.

ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى قولىغا ئالغان توختى ئاكىنىڭ - خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى، ئۇ ھېسسىياتىنى باسالماي:

— خاتىرجەم بولسىلا، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز... ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز! — دېدى - دە، قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ هويلىدىن چىقتى.

توختى ئاكا كەتكەندىن كېيىن دەرۋازا ئىچىدىن مەھكەم ئېتىلدى. ياسىن ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ ھەش - پەش دېگۈچە سېرىق قوچقارنى سويۇپ، تەڭ يېرىمىنى تولا گۆش توشۇپ مايلىشىپ كەتكەن قارا سومكىغا قاچىلىدى - دە، ۋېلىسىپىت بىلەن باشلىقنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپتى.

مەسئۇل تەھرىرى: كامىل تۇرسۇن




ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

تۇرسۇنمەھەممەت پەخىردىن

# شېئىرلار

## ئوغلۇمغا

ماختىنىسەن ھەمىشە
مەن ئوقۇشتا ياخشى، دەپ.
كىمكى سوئال سورىسا،
دەيدىغىنىڭ ئاشۇ گەپ.
لېكىن، كۆرسەڭ چوڭلارنى،
سالام بەرمەي ئۆتىسەن.
ئادەمدىكى گۈزەللىك،
بىلگىنىڭكى، ئەخلاق بىلەن.
ئوغلۇم ساڭا سۆزۈم شۇ:
دوست تۇت دائىم ئەخلاقنى.
دورىمىغىن ھەرگىزمۇ
ماختانچاقنى — ئەخمەقنى.

## ئوقۇغىن، ئەمما...

ھەر كۈن قولدىن چۈشۈرمەي
ھېكايىلەر ئوقۇيسەن.
سۆزلەپ قويسا بىرەرى،
گەپ قىلما دەپ نوقۇيسەن؛
كېلىپ مېنىڭ زوقۇممۇ
ساڭا كىتاب ئەپ بەردىم.
ئادىتىڭدىن خۇش بولۇپ،
چۆچەكلەرنى دەپ بەردىم.
ئېلىپ كەپسەن كۆرسەتكۈچ،
كۆرۈپ كۆڭلۈم بولدى غەش.
ئەدەبىيات دەرسىدە
ئاپسەن ئاران ئەللىك بەش.
ھېكايىمۇ ئوقۇغىن،
ئەمما، ئۆلۈك ئوقۇما.
ئوقۇغىنىڭ دەرسىڭگە
ئاساس بولسۇن، ئۇنتۇما!

## ئۈچ بالا

پۇتبول ئويناپ بالىلار
ئۆيلىرىگە يېنىشتى.
ئاشۇلاردىن ئۈچ بالا
پاراڭلىشىپ مېڭىشتى.
كەلدى شۇ چاغ «گۈر» قىلىپ
بىر ئاق، يېنىك ماشىنا.
دېدى بىرى ئۇلاردىن:
«ماشىنىغا قاراڭلار،
دادامنىڭمۇ بار شۇنداق
بىر كىچىك ماشىنىسى.
مەنمۇ چۈشۈپ ئالىمەن
ئەتىسى يا ئاخشىمى.
بىلەمسىلەر، دادامچۇ
ئىدارىنىڭ باشلىقى...»

ئىككىنچىسى ئەۆز ئېلىپ
دېدى شۇئان كېرىلىپ:
«ماشىنىمىز بار دەپ سەن
ئانچىۋالا ماختانما.
ماشىنىغا ئولتۇرۇش
قىيىن ئەمەس پۇل بولسا.
دادامنىڭچۇ، بىلەمسەن،
نۇرغۇن ماشى ـ پۇلى.
بىردۇېتەر پۇل دېسەم
بەش ـ ئون سومنى بىر يولى.»
«مېنىڭ دادامۇ كادىر،
كۆپچىلىكنىڭ غېمىدە.
مېنى ياخشى ئوقۇشقا
ئۈندەيدۇ ھەر گېپىدە،» —
دېدى ئۈچىنچى بالا،
ئۆيگە قاراپ يول ئالدى.
ماختانغان ئىككى بالا
خىجىللىقتىن ئۇيالدى.

روزى سايىت

## پولات ھەققىدە قوشاق

«... يېڭى ئەۋلاد قايىتىدىن،
جان بەردى مەن چولاققا...»
ئاشۇ خىتاب ئاڭلاندى
كېتىپ بارسام قولاققا.
ھەيران بولۇپ بۇ گەپتىن،
قارىغانتىم رۇجەكتىن،
كۆزۈم چۈشتى توساتتىن
بىزنىڭ كىچىك پولاتقا.
ئۇ ئېلىپتۇ بولقىنى،
(قاراڭ ئوبدان خولقىنى)
بوپتۇ خالىس ياغاچچى،
قايتماي ئۆيگە تاماققا.
مەن بۇ ھالدىن زوقلاندىم،
باشقىچىلا روھلاندىم،
رەھمەت ئېيتتىم ئىچىمدە،
پولات ــ مېھرى بولاققا.
ئۇچۇپ ئىلھام قۇشلىرى،
«ياغاچچى» نىڭ ئىشلىرى،
ئورۇندۇقنىڭ سۆزلىرى
جايلاشتى بۇ قوشاققا.
شۇنداق دەيتتى ئورۇندۇق:
«ياش دوست، ئىشىڭ ئورۇنلۇق.
سەندەك بولسا ھەممەيلەن
قالماي ھەرگىز ئۇزاققا؛
مەكتىپىمىز ھاللىنىپ،
دەرسخانا جانلىنىپ،
بىرەلەيتتى بەرداشلىق
ئىقتىسادىي سىناققا.
ھازىر بىزنىڭ ئېلىمىز،
(بۇنى ياخشى بىلىمىز،)
قانات قېقىپ ئۇچماقتا
زامانىۋى راۋاققا.
ئىقتىسادچىل بولمىساق،
پەم ـ ئەقىلگە تولمىساق،
سەپىرىمىز ئۇچرايدۇ
پۇتلىكاشاڭ ـ توساققا.
ئەمما، بەزى بالىلار،
ئەقلىي چولتا ـ چالىلار،
بۇنى ئويلاپ يەتمىگەچ،
سالدى مېنى پىراققا.
ئاڭلا، پولات، دىلكىشىم،
مۇنداق مېنىڭ كەچمىشىم:

www.uyghurkitap.com

ئەچچە يىلنىڭ ئالدىدا،
چۈشۈپ قالدىم سولاققا.
ئەسلىدە مەن ساق ئىدىم،
مەزمۇت ئىدىم، ئاق ئىدىم.
كېيىن رەڭگىم ئۆزگىرىپ،
كىردىم چوقۇر سىياققا.
دەسسەۋېرىپ چوقامغا،
ئۆرۈپ يىرۇپ ئارقامغا،
سۇندى ئاخىر پۇت - قولۇم،
چىدىيالماي ئازابقا.
غىچىر - غىچىر، غىچىرلاپ،
يالۋۇرساممۇ پىچىرلاپ،
ئەمدى سەپتىن چىقتىڭ، دەپ،
تاشلىۋەتكەن بۇياققا.
بۇزۇلغۇدەك بولماپتىم،
(بىر ياشقىمۇ تولماپتىم،)
قىلسا ئازراق رېمونت،
ئۆتەلەيتتىم ساناققا.
ياتتىم شۇنداق ھالىم يوق،
ھېچ كىشىنىڭ كارى يوق،
ئىچىم پۇشۇپ دەر ئىدىم:
ئوڭشىلارمەن نەۋاقتا؟
يەتتىڭ بۈگۈن ھالىمغا،
قولاق سالدىڭ نالەمگە،
شىنا قاقتىڭ، مىخ قاقتىڭ،
ئاجراپ كەتكەن تامغاققا.
پۇت - قوللىرىم جەملەندى،
چېتىقلىرىم يەملەندى،
ھايات بەخش ئەتتىڭسەن
قوۋۇرغىسى مايماققا.
كەلتۈردۈڭسەن كېرەككە،
يەتتىم ئاخىر تىلەككە.
ئەمدى ھەمراھ بولىمەن،
پەن - بىلىمگە ئامراققا...»

ئاڭلاپ ئاشۇ سۆزلەرنى،
پولات قىستى كۆزىنى.
دېدى: «دەۋران تۇرغۇزدى،
سېنى ئۆرە - ئاياغقا.
‹تۆتتە گۈزەل، بەش بولۇش›
ئەخلاقى ئۆز ياش بولۇش،
كۈچ بەرمىسە پولاتقا،
قايتالامتىڭ ھاياتقا؟!
ئادا قىلدىم بۇرچۇمنى،
چىقاردىم ئاز كۈچۈمنى،
ئەھدىم مېنىڭ تەر تۆكۈش
ۋەتەن — ئانا تۇپراققا.»

## ئايسىگۈلنىڭ ھېكايىسى

دېسەم: «بەلەن ئايسىگۈل!»
دېمەڭ «ئۇ كىم، قايسى گۈل؟»
ئۇ دەۋرىمىز ياشناتقان،
پەزىلەتلىك مايسە - گۈل.
ئېيتىپ بېرەي مەن ئۇنىڭ
يېقىنقى بىر ئىشىنى.
سۆيۈندۈرەر شۇبھىسىز،
ئاڭلىغان ھەر كىشىنى.

كەچكۈز،
جۇدۇن بىر سەھەر،
چىقتى ئايسەم ئۆيىدىن.
تاڭ قۇشىنى ئويغىتىپ
شوخ ناخشىسى - كۈيىدىن.
قۇياش نۇرى ئۇ چېگكەن
گالستۇكتا چاقنايتتى.
«مەكتەپكە تېز بارسام» دەپ،
شوخ كېپىنەكتەك ئاقلايتتى.

توساتتىنلا پاتقاق لاي
توستى ئۇنىڭ يولىنى.
توختاپ قالدى ئايسىگۈل

ئايلىنىپ ئۆتۈك - سولىنى.
«يول ئىمىشكە لاي مۇنچە،
نەدىن كەلگەن پاتقاق بۇ؟
يار ئالدىمۇ ئېرىقنى،
ئۇنداق بولسا چاتاققۇ!»

شۇ خىيالدا ئايسگۈل
چىقىپ يولنىڭ ئېشىغا،
قەدەم باستى ئاۋايلاپ
كىچىك ئېرىق قېشىغا.
ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا
بىلدى ئىشنىڭ سىرىنى.
يار ئېلىپتۇ راستىنلا
بۇ ئېرىقنىڭ قىرىنى.
ئاپلا، دېدى ئايسگۈل،
سۇ كېرەكقۇ مايسىغا.
خەۋەر قىلسام بولاركىن،
تاغىلارنىڭ قايسىغا؟
«ئادەم بارمۇ؟ كېلىڭلار!
يار ئېلىپتۇ ئېرىقنى.
سۇنى ئىسراپ قىلىمىز
تېز ئەتمىسەك يېرىقنى!»
ۋارقىرىدى ئايسگۈل،
ئەنە شۇنداق چىڭقىلىپ،
جاۋاب كۈتتى تۆت كۆزدە
قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ.

يىراق، يېقىن - يىراقتا
كۆرۈنمەيتتى ھېچ كىشى.
قاتتى ئۇنىڭ ئەجەبمۇ
بېشىنىڭ ئىچ ھەم تېشى.
«يارنى ئۆزۈم ئەتسەمچۇ،
بۇنداق قىلىش ئوڭمايمۇ.
ياكى كاردىم بولمىسۇن،
ئۆز يولۇمغا ماڭايمۇ؟...»
ئاشۇ غىل - پال خىيالدىن،
ئۇنىڭ يۈزى ئوت بولدى.
ۋۇجۇدىدا - كۆڭلىدە،
بىر قەپەس جەڭ، سوت بولدى.
تېگىرقاپ ئۇ دەسلىپى،
كەلدى كېيىن غەيرەتكە.
پوپكىنىسىنى تاشلىدى
قۇرۇق يەرگە - بىر چەتكە.
توپا تۆكتى قاشقا ئۇ،
ئېتىكىگە لىق ئۇسۇپ.
نەچچە مەرتەم قاتنىدى،
بارغانسېرى جىق ئۇسۇپ.
ئىشلىگەنچە روھلىنىپ،
كۈچىگە كۈچ قېتىلدى.
تىزگىنلەندى بەگباش سۇ،
يار ئېغىزى ئېتىلدى...
ئايسگۈلنىڭ بۇ ئىشى
ئەل ئىچىدە داڭلاندى.
ئېغىزلاردىن ئېغىزغا
كۆچتى، تولۇق ئاڭلاندى.
كەلدى بىر كۈن مەكتەپكە
«رەھمەت خېتى» يېزىلدىن.
سىنىپداشلار دېيىشتى:
«مېڭىپ ئۇنىڭ ئىزىدىن»
يېڭى ئەۋلاد بولۇشقا،
تىرىشىمىز ھەر قاچان.
يېڭى - يېڭى ئۇتۇققا
ئېرىشىمىز ھەر قاچان!»

مەمتىمىن بارى

## ئاي ئامراقكەن بالىغا

ئۇينايلى دەپ كەچلىكى،
ئاي مارىدى رۇجەكتىن.
دوست بولايلى، دەپ چىقسام،
قېچىپ كەتتى كۆزنەكتىن.
چىقىۋالدى ئاسمانغا،

چاقىرساممۇ چۈشمىدى.
ھەمراھ بولۇپ ئۇ ماڭا
بىردەممۇ كۆز يۇممىدى.

ئوينىدىم مەن ئاي بىلەن
كەڭرى مەيدان دالىدا.
كۈندە ئىزدەپ كېلىدۇ،
ئاي ئامراقكەن بالىغا.

## ئىزدەندىم

مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز
خۇددى گۈلدەك كۆرۈنەر.
چوڭ بولسا ئۇ ئەدەپلىك،
ھەممە كىشى سۆيۈنەر.

ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە،
بولسا تەنتەك جېدەلخور.
كۆرگەن كىشى سەسكىنىپ،
بىزار بولۇپ يىرگىنەر.

كۆردۈم شۇنداق بىر ئۆيدە
ئەركە - نايناق ئوغۇلنى.
قىلىقلىرى ئەدەپسىز،
ئۇ ئوينىغان «ئۇسسۇل» نى.

پۇشتەك چېلىپ بىر ھازا،
كىيدى باشقا ئۆينىنى.
سۇ ئوينىدى ئارقىدىن،
قولغا ئېلىپ دوگاينى.

ئۆينىڭ ئىچى ئايلاندى
سۇ باشلىغان كۆلچەككە.
بەڭباش ئوغۇل ئوخشىدى
سۇدا ئۈزگەن ئۆردەككە.

بىردەم تۇتۇپ ئاسلاننى
سۇغا بېسىپ قىينىدى.
مېھمانلارنى خاتىرجەم
مۇڭداشقىلى قويمىدى.

داستىخانغا يېپىشىپ،
نانىنى يەرگە تاشلىدى.
لىگەننى ئېپ داپ قىلىپ،
ھەم چېلىشقا باشلىدى.

پەرۋا قىلماي توسقانغا،
تەخسىلەرگە ئېسىلدى.
قەنت - گېزەكلەر تۆكۈلۈپ،
چىنە - چەينەك چېقىلدى.
كەلسە - كەلمەس ۋارقىراپ
بەرمىدى ھېچ ئاراملىق.
بالكونغىمۇ يامىشىپ
قىلدى ھەتتا قاراملىق.

ئانىسىنىڭ گېپىنى
نەزەرىگە ئىلمىدى.
كۆز ئالايتسا دادىسى
تەپتارتماستىن تىللىدى.

ئەركە - نايناق ئوغۇلدىن
مەنمۇ قاتتىق يىرگەندىم.
تەربىيىلەشكە ئەۋلادنى،
شۇڭا چوڭقۇر ئىزدەندىم.

## ياخشى ئۆسەر بولىمەن

ھەسەن بىلەن ئىككىمىز،
بىر مەكتەپتە تونۇشتۇق.
ئوينايدىكەن ئۇ دائىم،
خىيالىدا ئوقۇش يوق.

مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ،
قالدىم بۈگۈن سىناقتا.
ئۇستازىمنىڭ سۆزىنى
مەھكەم تۇتماي قۇلاقتا.

ئەپسۇسلاندىم، قىزاردىم
ساۋاقداشلار ئالدىدا.
ياخشى ئوقۇپ، ئۆگەنمەي،
قالغاچقا مەن ئارقىدا.

ھەسەن ئوخشاش بەڭباشنىڭ
ئارقىسىغا كىرمەيمەن.
ئۇنداقلارنى مەن ئەمدى
ئۆگىنىشكە ئۈندەيمەن.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: ئوسمانجان ساۋۇت

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ياسىن خۇدابەردى

## تەھرىرلىك خىزمىتى توغرىسىدا بىر - ئىككى ئېغىز سۆز

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەتبەئە كەشپ قىلىنمىغان قەدىمكى دەۋرلەردە يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى شۇ زاماننىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرى، خەتتات - پۈتۈكچىلىرىنىڭ كۆپەيتىپ كۆچۈرۈشى ئارقىلىق جەمئىيەتكە تارقىلىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشەتتى.

مەتبەئە كەشپ قىلىنىپ، نەشرىيات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرى مەتبۇئات ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغان بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىر ئەسەر جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن جەزمەن مەتبۇئات ئورۇنلىرى ۋە مۇشۇ ئورۇندا خىزمەت قىلغۇچى تەھرىرلەردىن ئىبارەت كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشى كېرەك. بۇنىڭسىز ھەرقانداق ئەسەرنىڭ كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى مۇمكىن ئەمەس. تەھرىر خەلق ۋە ئاپتور ئالدىدا چوڭ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغان، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەلىپىنى، ئىستېكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن شەخس، يازغۇچى بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك، گېزىت - ژۇرنال ئارقىلىق ئاممىغا ئۆز مەنپەئىتىنى تونۇتقۇچى ھەمدە ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىنتىلدۈرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگۈچى ۋە ئامما ئۈچۈن سۈپەتلىك روھىي ئوزۇق پىششىقلاپ ئىشلەپ چىققۇچى. بۇ جەھەتتە تەھرىرنىڭ ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتى ھەم ئېغىر، ھەم شەرەپلىك. مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەھرىرلەر خۇددى ماھىر تىككۈچى ئاددىي رەختلەردىن چىرايلىق كىيىملەرنى تىكىش ئۈچۈن، ئۇستا بىناكار كۆرۈمسىز بىنالارغا زىننەت بېرىپ، ئۇنى كۆركەم، ھەشەمەتلىك تۈسكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەنگە ئوخشاش، ھەربىر ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتلەردە ئىمكانىنىڭ بارىچە مۇكەممەل بولۇشى، كىشىگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ئەسەرگە ئايلىنىشى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ، قان - تەر سىڭدۈرىدۇ. ھەر بىر ئەقىللىق يازغۇچى ھېچقاچان تەھرىرنىڭ ياردىمىنى، تەھرىرلەرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئەسلىدە داڭلىق يازغۇچى، شائىر بولۇشقا شارائىتى، ئىقتىدارى بار خېلى كۆپ تەھرىرلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ نامسىز قەھرىمان بولغانلىقىغا دائىر تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناشقان، ۋەتەن، خەلق ئۇلارنى ئۇنتۇمايدۇ. بىزنىڭ ئېلىمىزدە، تەھرىر پارتىيە، خەلق، جەمئىيەت ئالدىدا جاۋابكار ۋە چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە.

بۇ نۇقتىدا بىزگە تەھرىر بىلەن ئامما ۋە كەڭ ئاپتورلار مۇناسىۋىتىنىڭ بىر بىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، مەسىلىلەرنى باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ئاقكۆڭۈللۈك، سەمىمىي نىيەت بىلەن كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان دوستانە مۇناسىۋەت بولۇشى لازىملىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇنداق بولسا، تەھرىر ئەسەرلەرنى قانداق تاللىشى، قانداق تەھرىرلىشى ۋە قانداق پىششىقلاپ ئىشلىشى كېرەك؟ بۇ، نۆۋەتتە كەڭ ئاپتورلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، كىشىلەر جىددىي دىققەت قىلىۋاتقان مۇھىم مەسىلە. مەن تۆۋەندە ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

تەھرىر ئۆز بۇرچى، ھوقۇق دائىرىسىدە چىڭ تۇرۇپ، گېزىت - ژۇرنال تەشۋىقاتىنىڭ ئىدىيىۋى ھەم بەدىئىي ئۆتكىلىنى ئىگىلىگۈچى سۈپىتىدە قانداق ئەسەرلەرنى تاللاشتىن ئىبارەت مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئالدى بىلەن دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك روھىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش بىلەن بىللە ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭىلىقلار، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك قىلىش ئۇسۇلى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر، ئادەملەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىدا، كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، ياشاش شارائىتى، مۇناسىۋەت ۋە ھەرىكەت ئۇسۇللىرىدا يۈز بېرىۋاتقان چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى لازىم. بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئىسلاھات خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلماقتا. بۇ ئۆزگىرىش كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى قويماقتا. بۇ ھال يېڭىچە پىكىر قىلىش، يېڭىچە ئوي، يېڭىچە ئىنتىلىش روھىنى يېتىلدۈرمەكتە. ھەربىر تەھرىر بۇ خىل ئىنتىلىش روھىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك بىر خىل يېڭىچە ھادىسە ئىكەنلىكىنى چوقۇم چۈشىنىشى لازىم. مۇنداق بولمىغاندا، ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتىكەن يېڭى ھايات ھادىسىلىرىگە كونا نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ، ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر دۆۋىسىگە قوشۇۋېتىدىغان، ئالتۇن ئالدىدا پارقىراپ تۇرسىمۇ ئۇنى داشقال ھېسابلايدىغان ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولماي قالىدۇ. شۇڭا، تەھرىر چوقۇم ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىشى ۋە دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشى لازىم.

ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ماددىي دۇنيا ۋە ھاياتقا بولغان تونۇشىدا يېڭىچە يۈزلىنىشلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ھەربىر تەھرىرنىڭ ئەستايىدىل دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. كىتابخانلارنىڭ ئىستېتىك ئېڭىدىمۇ كونا ئەنئەنىۋى ھالەتلەر بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، يېڭىلىققا ئىنتىلىش، قانائەتلەن-

مەسىلىكتىن ئىبارەت بىر خىل روھىي ھالەت شەكىللەنمەكتە. بۇلار مەسئۇلىيەتچان
بىر تەھرىرىر چوقۇم خەۋەردار بولۇشى، بىلىشى، ئىگىلىشى لازىم بولغان مەسىلىلەردۇر.
مۇبادا تەھرىرىر بۇ خىل ۋەزىيەتكە يېتىشەلمەي، تىرىشىپ ئۆگەنمەي، يەنىلا ئاتام
ئېيتقان بايىقى دېگەندەك، كاللىسىغا سىڭىپ قالغان يۈزەكى تەسىرات، ئازغىنە تەجـ
رىبىسىگىلا تايىنىپ تەھرىرلىك قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن،
ئاممىنىڭ ئادەتتىكى ئېھتىياجلىرىنىڭ تەلەپلىرىدىن چىقالمايدىغان تەھرىرىر بولۇپ قې-
لىشى، ھەتتا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ھازىرقى دەۋر ئەمەلىيىتى تەھرىرلىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئىسلاھاتنىڭ ماھىيىتىنى
توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىپ قاتماللىقتىن قول ئۈزۈپ، ئىدىيىدە تولۇق ئازاد بولۇپ،
جۈرئەتسىزلىك ۋە ھەر خىل غەم - ئەندىشىلەردىن خالى بولۇپ، يۈرەكلىك ھالدا مەسـ
ئۇلىيەتچانلىق بىلەن دادىل ئىشلەش، ئەنئەنىۋى نەزەرىيىلەرنىڭ رامكىسىنى بۇزۇپ
تاشلاپ، ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى مەسىلىلەرنى قويىدى.
ئۇنداق بولسا نەشرىيات ئورۇنلىرىمىزدا بۇ ئۆلچەمگە توشىدىغان تەھرىرلەر بارمۇ؟ بار،
بار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خېلىلا كۆپ ۋە بارغانچە كۆپەيمەكتە.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە زور
بىر تۈركۈم كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى، كىتابخانلارنىڭ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتـ
قانلىقى، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىـ
جادىيىتىدە نورمال بەس - مۇنازىرىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى
بىر تۈركۈم ياش كۈچلەرنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتلارنى مەتبۇ-
ئات ئورۇنلىرىدىكى تەھرىرلىرىمىز ئىچىدە ئىدىيىسى ئازاد، مەسئۇلىيەتچان، جۈرئەت
لىك تەھرىرلەرنىڭ موشۇ جەھەتتە سىڭدۈرگەن ئەجرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

لېكىن شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇكى، «سول» لۇشيەنىنىڭ
زىيانكەشلىكىگە قاتتىق ئۇچرىغان ياكى تەجرىبىلەرنى سەلبىي جەھەتتىن خاتا يەكۈن-
لىۋالغان ئاز بىر قىسىم تەھرىرلەردە ماقالە، ئەسەرلەرنى تاللىغاندا، دادىل بولماس-
لىق، ئەنسىرەش ھالىتى يەنىلا ئېغىر. ئۇلار ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرى ۋە بەدىئىي
ئۆلچەملەرگە ئېتىبار قىلماي، ھە دەپ ئاپتورنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىگە، سۆز جۈملى-
لەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە قېلىپقا چۈشكەن چۈشمىگەنلىكىگە، كىم ۋە نېمە ئىشقا قارىتىل-
غانلىقىغا، ئەنئەنىۋى نەزەرىيىۋى ئۆلچەملەرگە سىغىدىغان - سىغمايدىغانلىقىغا، ئەدە-
بىياتنىڭ ۋەزىپىسى، رولى جەھەتتىكى كونا ئۆلچەملىك نۇقتىئىنەزەرلەرگە، كونا ئەخ-
لاقىي ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىگە ئېسىلىۋالىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئۆل-
چەملەرگە ئۇيغۇن دەپ قارىغان ماقالە - ئەسەرلەرنى تاللاپ، تەھرىرلەپ ئېلان قىلىدۇ،
ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارالغانلىرى. بولۇپمۇ يېڭىچە نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان،
كىشىلەرنى روھى جەھەتتىن بەھرىلەندۈرىدىغان، قايغۇغا سالىدىغان ياكى شادلاندۇرىدىغان،
ئېچىپ تاشلاش خاراكتېرى كۈچلۈك ئەسەرلەر كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەيدۇ. مەنپە-
ئەتپەرەسلىك نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلغان مۇنداق ئەسەرلەر، سۈرۈشتە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

قىلىدىغان ئادەم بولمىسا، تولۇلتىش ئىسكىلاتىدا مەڭگۈ تولۇلاپ يېتىۋېرىدۇ.

بىرەر ئەسەرگە ئۇنىڭ «سىياسىي، ئىدىيىۋى ئۇنۇمىگە ئائىت كونا فورمۇلا بويىچە باھا بېرىلىدىغان بولسا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كىشىلەرنى بەھرىمەن قىلىش، كىشىلەرنى ھايات ھادىسىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ قەلبىگە تەسىر بېرىش، كىشىلىك ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە مۇناسىپ مىجەز - خاراكتېر، ئۆزىگە ياردىشا مەيدان، پوزىتسىيە، نۇقتىئىينەزەر تىكلىشىگە بىلىنەر - بىلىنمەس تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتىكى رولىغا سەل قارىغانلىق بولىدۇ.

تېخى يېقىندىلا مەلۇم بىر مەتبۇئات «قاراتمىلىقى بار ئىكەن» ، «تېگىپ كېتىدىكەن» دەپ ئەنسىرەپ، بىر تەرەپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلغان مۇنداق بىرقانچە رۇبائىي ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدا مۇنداق مىسرالار بار ئىدى:

كەمتەر بول دوستۇم، كۆرەڭلەپ كەتمە،
قىلىنى پىل قىلىپ يوغان كۆرسەتمە.
ئۆزگىنىڭ تەرىتىدە ئوقۇپ نامازنى،
جامائەت ئالدىدا كۆز - كۆزلەك ئەتمە.

* * *

نەپسىڭگە چوغ تارتما پۇرسەت كەلدى دەپ،
تۇشمۇ تۇش قول سوزۇپ ئىزدەپ يۈرمە نەپ.

ئازغىنە ئەجرىڭگە قىلما كۆپ تەما،
ئەمدى سەن يىقىلساڭ كىم ئالار يۆلەپ؟!

* * *

تەۋرەنمە ھەق يولدىن، باقما شامالغا،
ئايلانما ئۈچمە كۆڭۈل ساھىبجامالغا.
شاخمۇ شاخ تاقىلساڭ شاخ سانىغۇچتەك،
سەن چىقىپ قالماسەن يالغۇز ئارالغا؟!

رۇبائىيدا كۆرسىتىلگەن نۇقسانلار بىزدە يوقمۇ؟ بار، بارلا ئەمەس، خېلى ئېغىر. بۇ خىل يامان ئىللەت، بەلكىم بەزى ئادەملەردە كۆپرەك، بەزىلىرىدە ئازراق بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق ئىللەتلەر، ھەرھالدا جەمئىيىتىمىزدە تېخى خېلى ئورغۇن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىرەر ئەسەردە مۇشۇنچىلىك گەپ قىلغىلى بولمىسا، «قاراتمىلىقى بار ئىكەن» ، «پالانى - پۇستانلارغا تېگىپ كېتىدىكەن» دېيىلىدىغان بولسا، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەتتا تەلىم - تەربىيە دېگەن قائىدىنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقالماي قالامدۇ؟

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تېگىپ كېتىشى يامان ئىش ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىش. «تېگىپ كەتسە» ئىللەت ۋە نۇقسانغا «تېگىپ» كېتىدۇ، «تېگىپ كېتىش» سەۋەبى بىلەن ۋۇجۇددا شۇنداق ئىللەت بار كىشىلەر ئۇنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا، تۈزىتىشنى ئويلىسا، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ مەرگەننىمۇ ئوقنى تەگسۇن دەپ چەنلەپ ئاتىدۇ. مېنىڭچە، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەزىلەرگە «تېگىپ» كەتكىنى شۇ ئەسەرنىڭ ناھايىتى ياخشى يېزىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن ئاتقان «ئوق» نىڭ تېگىشىنى، تېگىپ يامان ئىللەتلەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان بولۇشىنى قۇۋۋەتلەيمەن. ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مۇخالىپ كەلمەيدىغان ھەرقانداق ئەسەر ئەگەر ئۇ بەدىئىي جەھەتتە ياخشى يېزىلغان ئەسەر بولسىلا قورقماي ئېلان قىلىش كېرەك. خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى نەتىجىلىرى بۇ جەھەتتە بىزنىڭ ئۈلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

يېقىندىن بۇيان ئايرىم گېزىت - ژۇرناللاردا بەدىئىي سۈپەت جەھەتتىن تۆۋەنرەك بول-
غان ئەسەرلەر بىرئاز كۆپىيىپ قالدى. بۇ، يۇقىرىقى كىچىككىنە مىسال بىلەن
باغلاپ قارىغاندا، بىر قىسىم تەھرىرلەر ئىچىدە ئېھتىياتچانلىقنىڭ يەنىلا بېسىم ئورۇندا
تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئۇلارنىڭ تەھرىرلىك كەسپىي
ئىقتىدارى، سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.
بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكى تەھرىرنىڭ ماقالە، ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان
يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرگە كونا نۇقتىئىنەزەر بىلەن، يېڭى دەۋر نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئەن-
ئەنىۋى نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت. بۇلار ئەلۋەتتە
بىلىش ۋە تونۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەردۇر.

بۇنىڭدىن باشقا تەھرىرنىڭ كەسپىي ئەخلاقى مەسىلىسىمۇ بار. كىتابخانلار جىددىي
دىققەت قىلىۋاتقان ۋە ئەڭ كۆپ غۇلغۇلا قىلىۋاتقان بىر مەسىلە شۇكى، ئاز ساندىكى تەھ-
رىرلەر ماقالە، ئەسەرلەرنى تاللىغاندا، ئەسەرگە ئەمەس، بەلكى ئادەمگە، ئۇلپەتچىلىك جە-
ھەتتىكى يىراق - يېقىنلىققا، كۆز قاراشتىكى ئوخشاش ياكى ئوخشىماسلىققا ئالاھىدە
ئېتىبار بىلەن قاراپ، مۇھاپىزەت كۆڭلۈكى بولالايدىغان، نېپى تېگىدىغان ئاپتورلار-
نىڭ «ئەسەر» لىرىنى ئەسەرگە ئوخشىمىسىمۇ ئېلان قىلىشقا ئالاھىدە تىرىشىدۇ، بۈگۈنى
كەلسە ئەتىسىلا ئېلان قىلىشقا ئالدىرايدۇ. بەت ئورۇنلاشتۇرۇش، ماۋزۇلارنى بەلگىلەش،
قەلەم ھەققىنى بېكىتىش قاتارلىق ئىشلاردا ئالاھىدە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنىڭ
ئەكسىچە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بەزى تەھرىرلەر ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
يىراق، نېپى تەگمەيدىغان، سۈرۈشتە قىلالمايدىغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ
سۈپىتى يۇقىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن خىلمۇخىل قۇسۇرلارنى چىقىرىپ، يوق
«گۇناھ» لارنى توقۇپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىۋېتىدۇ ياكى «ئۆزۈڭنىغا سوزۇش» ، «ئىتتىرىش
تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئاپتورلارنى بىھۇدە ئاۋارە قىلىدۇ. ئىككى كۈندە يېزىپ تەييا
قىلغان بىر ئەسەر ئۈچ-ئون ئاي يول ماڭغۇزىدۇ.

شۇنداقمۇ بىر خىل ناچار ئىللەتلەر باركى، ئايرىم تەھرىرلەر ئۆزىنىڭ تەھرىر-
لىك ئورنىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلىۋېتىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئورۇنىدۇ-
دە، باشقىلارنى چەتكە قاقىمەن دەپ تارلىق قىلىدۇ، نەتىجىدە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز
ھالدا ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىكى ئەڭ يېڭى، ئەڭ ياخشى سۆز-جۈملىلەرنى ئورۇنسىز قىرقىپ
تاشلاپ، ئەسەرنى ئۆلۈك، گاۋاك، مەزىسى يوق، تۇزسىز ئاشقا ئايلاندۇرۇپ
قويىدۇ ياكى ئۆزىچە قاملاشمىغان پىكىر ۋە سۆز - جۈملىلەرنى قوشۇپ «تەھرىرلەپ»
ئەسەرنى سۇيۇقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئايرىم گېزىت - ژۇرناللاردا ئەسەر مەنبەسىنىڭ جۈم-
لىدىن پېشقەدەم ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى تەھرىرنىڭ ئاپتور-
لارنىڭ ئەسەرلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلالمايۋاتقانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.
ئىتتىپاقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بۇ خىل ھادىسىلەر ھەربىر مەسئۇلىيەتچان تەھرىر-
نىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

تەھرىر، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ لىللا تارازىسى، كۆزى-

www.uyghurkitap.com

ۋە قولىقى. تەھرىر مۇشۇ خىزمەت ئورنىدا تۇرۇپ، ماقالە، ئەسەرلەرنى لىللا بىر تە-
رەپ قىلىش بىلەن بىللە، ئاپتورلار ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنىمۇ لىللا مەيداندا تۇ-
رۇپ بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەدەبىيات سەھنىسى تۈمەن تۈلپار بەيگىگە
چۈشكەن بىر سەھنە. كەسكىن رىقابەت ئىچىدە داۋاملىشىدىغان بۇ «بەيگە» مەيدانى
تىپتىنچ بولمايدۇ. تەھرىر ياخشىلار، ماھارەتلىك ۋە قابىلىيەتلىكلەر ئۈزۈپ چىقىدىغان،
ناچارلار، ماھارەتسىز ۋە قابىلىيەتسىزلەر سەپتىن چۈشۈپ قالىدىغان بۇ سەھنىدە يۈز
بېرىدىغان خىلمۇخىل ھادىسىلەرگە، ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىشى، سەزگۈر بولۇشى
لازىم.

ئىجادىيەت بىلەن تەنقىدتىن ئىبارەت بۇ ئىككى قاناتتىن تەشكىل تاپقان ئەدە-
بىيات مۇشۇ ئىككى قاناتنىڭ ماسلىق فۇنكسىيىسى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. ئەدەبى-
ياتىمىز ۋە كىتابخانلار بۇ ئىككى قاناتنىڭ فۇنكسىيىلىك ھەرىكىتىنىڭ ماس قەدەم
بىلەن ئىلگىرىلىشىنى تەلەپ قىلىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى قاناتنىڭ فۇنكسىيىسى تازا
ياخشى بىرلىككە كەلگىنى يوق. ئاز ساندىكى بەزى مەسئۇللار، يازغۇچىلار بىر بۆلۈم
(ئاز ساندىكى) تەنقىدچىلەرنى، بىر بۆلۈم تەنقىدچىلەر يەنە بىر بۆلۈم يازغۇچىلارنى
ھىمايە قىلىش روھىي ھالىتى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بىر خىل ناچار ۋەزى-
يەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدى. يازغۇچىلار بىلەن يازغۇچىلار، تەنقىدچىلەر بىلەن تەنقىد-
چىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل روھىي ھالەتنى يېڭىشكە ھەر بىر تەھرىر ئەستايىدىل مۇئامىلە
قىلىشى كېرەككى، بىرىنى بېسىپ، بىرىنى چەتكە قاقىدىغان خاھىشنىڭ يامراپ كېتىشىگە
يول قويماسلىقى لازىم. بۇ مەسىلىدە تەھرىرنىڭ لىللا مەيداندا تۇرماسلىقى ئىجادىيەت ۋە
تەنقىدنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان ناچار ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەنلا
قالماي، بەلكى ئاپتورلار ئارا تۈگىمەس پىكىر ئىختىلاپلىرى ۋە جېدەل - ماجىرالارنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنبەنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى، ئورۇنسىز نىزا، ئىچى تار-
لىق، ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، گۇرۇھۋازلىق، مەزھەپچىلىك ئىللەتلىرىنىڭ پەيدا
بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئىللەتلەرنىڭ ئىجادىيەت ۋە تەن-
قىدچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا يەتكۈزىدىغان زىيىنىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. مۇبا-
دا بۇ خىل خاھىش، پۈتۈن مەتبۇئات ساھەسىگە يېيىلىپ كەتسە، ئۇنىڭ كەلتۈرۈ-
دىغان زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئادالەتلىك، لىللالىق پرىنسىپى قوپاللىق بىلەن
بۇزۇلۇپ، ھەقىقەت ئورنىنى تۆھمەت، سەممىيەت ئورنىنى ساختىلىق، پىكىردىكى
ئوخشاشماسلىق، رىقابەت ئورنىنى دۈشمەنلىك ئىگىلىۋالىدۇ - دە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تە-
رەققىياتىدا مۆلچەرلىگۈسىز زىيان ۋە چېكىنىش يۈز بېرىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىدا، بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكەنىدەك بە-
زى سەۋەبلەر بولغاندىن باشقا، ئايرىم مەسئۇللارنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنى
بىۋاستە باشقۇرۇش ئورنىدىكى ئايرىم يولداشلارنىڭ مەركەزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت
ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشىنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن ئىدىيىنى ئازاد

قىلالىماي، بەزى كونكرېت ئەسەرلەرگىچە ئارىلىشىۋالغانلىقىمۇ بىر سەۋەب. بەزى ئاپتورلار-
نىڭ تەھرىرلەرنى ھەدەپ ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقى، بەزىلەرنىڭ ھە دەپ چېقىش-
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىمۇ تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا
يامان تەسىر كۆرسەتمەكتە.

گەرچە بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ بەزىلىرىدىن ھازىر خالى بولۇش بىرئاز قىيىندەك
قىلسىمۇ، لېكىن ئىسلاھات روھىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئىنسانىي ۋە كەسپىي ئەخلاق-
نىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق ھېس قىلغان ھەرقايسى تەرەپلەر شەخسىيەتسىزلىك روھىنى
تۇرغۇزۇشقا تىرىشسىلا، بۇ خىل ھادىسىلەرنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ھەرقانداق بىر ئەسەر-
نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىل باھالىغۇچىسى ۋاقىت ۋە كەڭ كىتابخاندۇر. چۈنكى ۋا-
قىت، كىتابخان ناھايىتى لىللا بولۇپ، ئۇ كىملەرگىدۇر يان بېسىشنى بىلمەيدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ئۇلارنىڭ باھاسىنى
ھېسابقا ئېلىش ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتورلار ۋە كىتابخانلار بىلەن پات - پات سۆھبەت يىغىنلىرىنى
ئېچىش، تۆۋەنگە بېرىپ ئاممىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاش، خەت ئارقىلىق ئالاقە-
لىشىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، تەھرىرلەر بىلەن ئاممىنىڭ قەلبىنى تۇتاش-
تۇرۇشنى تۇرلۇك يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل قىلىشىمىز لازىم.
بۇنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئاپتورلارغا ياردەم بېرىپ ئىل-
ھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشتە، ئومۇمەن ئەدەبىياتىمىز-
نىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك ئەھمىيىتى ۋە رولى بار.

مەسئۇل تەھرىرى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم





# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## ئەتراپلىق يېتىلگەن يازغۇچى



سەمەت دۇگايلى 1947 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر شەھىرىنىڭ بازار ئىچىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا، 1961 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشتى. 1967 - يىلى قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ، شەھەرلىك ئۆي، يەر، مۈلۈك شىركىتى، شەھەر ئىچى گۈڭشېسى، شەھەرلىك ئاپتوموبىل رېمونت - قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردا تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى. 1980 - يىلىدىن 1985 - يىلغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1985 - يىلىدىن ئېتىبارەن مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

سەمەت دۇگايلىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسى بالىلىق چاغلىرىدىلا باشلاندى. دادىسى ئۇنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىلەن بىرلىكتە دىنىي ساۋاتلىرىنىمۇ خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە مەمتىمىن خەلپەت ئاخۇنۇم دېگەن ئىلغار پىكىرلىك، مەرىپەتپەرۋەر بىر دىنىي زاتقا ئوقۇشقا بەردى. كىچىك سەمەت تاڭ سەھەردە قوپۇپ، ئاۋۋال مەمتىمىن خەلپەت ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دىنىي ساۋاق ئالاتتى، ئاندىن پەننىي مەكتەپكە باراتتى. كەچلىكى مەمتىمىن خەلپەت ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە يەنە بېرىپ، سەھەردە ئالغان ساۋىقىدىن ئىمتىھان بېرەتتى ۋە يېڭى ساۋاق ئالاتتى. كۆڭلەر مانا مۇشۇنداق ئۆتەتتى. ئۇ كونا مەكتەپتە ئىككى يىل ئىچىدىلا ھەپتىيەك، قۇرئانلارنى تامامەن ياد ئېلىپ بولۇپ، «سوپى ئاللايار» نىمۇ ئوقۇپ تۈگەتتى. سەمەت «سوپى ئاللايار» نىڭ تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى مەسنىۋى ئىكەنلىكىنى كېيىنرەك بىلدى، ئەمما ئەينى يىللاردا پەقەت ئۇنىڭ بېيىت ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. خېلى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇ شېئىر كىتابى ئۇنىڭ ئېڭىغا «بېيىت» دېگەن بىر ئەدەبىي شەكىلنى سىڭدۇرۇپ قويغانىدى. سەمەت قوشاقلارنىمۇ «بېيىت» دەپ چۈشىنەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ خەلق ئىچىدىكى قوشاق، بېيىتلارنى توپلاشقا ئادەتلەندى.

ئۇلارنىڭ ھويلىسىدا يېشى 80 دىن ئاشقان مەرەمخان ئىسىملىك بىر موماي بار ئىدى. بۇ موماي «بېيىت» ئېيتىپ بېرىشكە ئامراق ئىدى ۋە ناھايىتى كۆپ «بېيىت» بىلەتتى. سەمەت ئەينى يىللاردا خېلى قېلىن بىر دەپتەرنى ئاشۇنداق «بېيىت» لار بىلەن تولدۇرغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە پات - پات «جەڭنامە» ئوقۇيدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇ جەڭنامىلەرنى زۇنۇن ئاخۇن ئىسىملىك بىر جۇۋازچى ئوقۇيتتى. سەمەت چاغاتاي يې-

زىقى (ئۇ چاغدا «جەڭنامە» دەپلا ئاتىلاتتى) نى ئوقۇيالايدىغان بولغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنى «جەڭنامە» ئوقۇشقا بۇيرۇيدىغان بولدى. ئەمما ئۇ توختايدىغان يەرلەردە توختاپ، ئېنىقسىز جايلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ھاياجانلاندۇرىدىغان جايلىرىنى ياندۇرمىلاپ ئوقۇمايتتى، بىر باشلىۋالسا، دېمى كېسىلگەن چاغدا بىراقلا توختايتتى. شۇڭلاشقا «جەڭنامە» ئوقۇشقا يەنىلا زۇنۇن ئاخۇن تەكلىپ قىلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىتابلارنىمۇ شۇ كىشى ئېلىپ كېلەتتى.

زۇنۇن ئاخۇن بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە «ئەمىر ناۋايى» ناملىق بىر كىتابنى ئېلىپ كەلدى. سەمەت شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا مۇشۇ كىتابنى ئوقۇيدىغان بولدى. ناۋايى غەزەللىرى «سوپى ئاللايار» دىن تىل جەھەتتە مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن ۋەزنى يەڭگىل، جاراڭلىق، شەكلى كۆپ خىل ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ كىتاب سەمەتنىڭ شېئىرغا بولغان ھەۋىسىنى ئاشۇرۇپ، شېئىرىيەت چۈشەنچىسىنى خېلىلا چوڭقۇرلاشتۇردى.

سەمەت دۇگايلى تۇنجى ئەسىرىنى دادىسىنىڭ تۇرپاندىكى ئاكىسىغا يوللىغان سالام خېتىنى شېئىر قىلىپ يېزىش بىلەن باشلىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى دادىسى ئېيتىپ بەردى، لېكىن تۇرپاندىكىلەر بۇ خەتنى چۈشەنمىدۇق دەپ جاۋاب يازغاچقا، دادىسى ئۇنىڭغا: «بۇنداق سالام خەتنى ئەمدى يازما» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەمەت شېئىر يېزىشنى تاشلىۋەتتى. لېكىن «ئەمىر ناۋايى» بىلەن «سوپى ئاللايار» نى ئوقۇشنى ۋە «بېيىت» كۆچۈرۈشنى زادىلا توختىتىپ قويمىدى.

شۇ چاغلاردا قەشقەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى «شەرق ھەقىقىتى»، «يېڭى ھايات» قاتارلىق نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەدەبىي كىتابلار كۆپلەپ سېتىلاتتى. مەكتەپ قىرائەتخانىسى بىلەن ناھىيىلىك كىتابخانا سەمەت دۇگايلىنى بۇ ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ «ئاننا كارېنىنا»، «سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا»، «مېرگورود»، «ئۆلۈك جانلار»، «تاراس بولبا»، «ھارپا»، «ئوۋچى خاتىرىلىرى»، «كاپىتان قىزى»، «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»، «كىشىلەر ئىشىكىدە»، «فوما گوردېيېۋ»، «ئانا» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرغا بولغان قىزىقىشىغا پروزىغا بولغان ھەۋەس قوشۇلدى.

سەمەت دۇگايلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنى كۆپ ئوقۇيتتى. بۇ گېزىتتە ئۆسمۈر - بالىلارنىڭمۇ ئەسەرلىرى بېسىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن سەمەت ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن شېئىر ئەۋەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ ئېلان قىلىنمىدى. پەقەت 1958 - يىلىغا كەلگەندىلا، بۇ گېزىتكە ئۇنىڭ ئىككى كوبلېتلىق بىر پارچە شېئىرى بېسىلىپ چىقتى.

ئۇلارنىڭ مەكتىپىنىڭ ئەدەبىي ھاۋاسى قويۇق ئىدى. ئۇلار مەكتەپتە قۇرغان «ياش غۇنچىلار» ئەدەبىيات كۇرۇژوكى «ياش غۇنچىلار» ناملىق ئەدەبىي ژۇرنال چىقىراتتى. كۇرۇژوك ئەزالىرى دەرستىن چۈشكەندە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى خىش قويۇپ سېتىپ، كۇرۇژوكنىڭ كەچلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ۋە ژۇرنالنىڭ خىراجىتىنى ھەل قىلاتتى. سەمەت بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرىدىن بىرى ئىدى. خىراجەت قىسلىقى تۈپەيلىدىن بار - يوقى ئۈچ

www.uyghurkitap.com

سان چىقىپلا توختاپ قالغان ئاشۇ ژۇرنالغا ئۇنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى بىلەن بىر پارچە ماقالىسى بېسىلغانىدى.

1959 - يىلىنىڭ قىش پەسلىدە ئۇلارنىڭ مەكتىپىدە دراما ئويناش پائالىيىتى ئەۋج ئالدى. بۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىلار يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاساسەن ئوقۇغۇچىلار رول ئالاتتى. ئۇلار ئەينى يىللاردا «باي ۋە مالاي»، «شايى سۆزەنە» درامىلىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىققانىدى. سەمەت دۇگايلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ليۇ شاۋۋۇ، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق يولداشلارنىڭ «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى دراما قىلىپ ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقتى. بۇ دراما مەكتەپ سەھنىسىدە ئوينىلىشتىن تاشقىرى ناھىيىنىڭ كىنوخانا زالىدىمۇ ئوينالدى. سەمەت شۇ چاغلاردا يەنە «407 - چېرتيوژ» دېگەن كىتابنىمۇ سەھنىلەشتۈردى.

سەمەت دۇگايلى 1960 - يىلى «كۆڭلەك كىيگەن ئۆچكە» ناملىق بىر پارچە پوۋېست يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى، جۈملىدىن قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ سەبىي مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەنىدى. گەرچە بۇ پوۋېست بىرەر مەتبۇئاتتا بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سەمەت دۇگايلىنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۇنى خاتىرىدىن - خاتىرىگە كۆچۈرۈۋېلىشقانىدى.

1962 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «جەڭ غەلىبىسى گېزىتى» (ئۇ چاغدا «شىنجاڭ ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» دېيىلەتتى) گە ئۇنىڭ بىر پارچە شېئىرى بېسىلدى. ياش ئىجادكار سەمەت دۇگايلى بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن «جەڭ غەلىبىسى گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارغا ئارقا - ئارقىدىن شېئىر، ھېكايە ھەم نەسىرلىرىنى ئەۋەتىشكە باشلىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى شۇ چاغلاردىلا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن «جەڭ غەلىبىسى گېزىتى» گە بېسىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەتبۇئاتتا ئەسەر ئېلان قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر ياقتىن ئۆگىنىپ، بىر ياقتىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، يەنى ئۆمەر ھەييام يازغان «رۇبائىيات» نىڭ ئۆزبېكچىسىنى، فۇرقەت بىلەن مەشرەپنىڭ سلاۋىيان يېزىقىدا ئۆزبېكچە نەشر قىلىنغان تولۇق دىۋانىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى، ئەھمەد زىيائىينىڭ چېچىلىپ يۈرگەن ئەسەرلىرىنى توپلاپ كۆچۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە «بۇرۇن ئۆتكەن كۈنلەر»، «جۇشقۇن ئېقىم گۈرۈلدىمەكتە» ناملىق رومانلىرىنى ۋە «ھايات شاماللىرى» ناملىق تىرىلوگىيىسىنى يازدى، 300 دىن ئارتۇق شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر توپلامنى تەييارلىدى، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتتى.

سەمەت دۇگايلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا خاتىمە بېرىلگەندىن، كېيىن مەتبۇئات ساھەسىگە شېئىر ئېلان قىلىش بىلەن قايتىدىن كىرىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ شېئىر، نەسىر، ئوپېرا، دراما، ھېكايە، پوۋېستلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا كەينى كەينىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «جۇشقۇن ئېقىم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى،

1984-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى «غۇنچەمەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، 1985-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «نۇرلۇق قەلبلەر» ناملىق رومانىنى، 1988-يىلى شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «قاچقۇن كارۋان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. يازغۇچىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا بېرىلگەن «گۈلئايىم» ناملىق رومانى يېقىندا نەشردىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ «يۇلتۇزلۇق كېچە»، «شەرققە سەپەر»، «رابىيە سەئدىن» قاتارلىق ھېكايە، سېكىل، ئوپېرا ھەم بىر تۈركۈم رۇبائىيلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «مىللىي يازغۇچىلار»، «غەربىي دىيار ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارغا بېسىلدى. «سىياسىي رەھبىرىمىز» ناملىق ناخشا تېكىستى 1964-يىلى جۇڭگو خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ ئەلا ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا؛ «ئامانىسا» ناملىق ئوپېراسى 1980-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ۋە 1981-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 3-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، «يانغان ئاچچىق» ناملىق ھېكايىسى 1984-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ يېزا ئىگىلىك تېمىسىدىكى ھېكايىلار مۇسابىقىسىدە 2-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

سەمەت دۇگايلى «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «سىياسىي بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى»، «شېئىرىيەتتە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى، «ئىسلام دىنى لۇغىتى» نى ۋە يولداش مەھمۇد زەيدى بىلەن بىرلىكتە «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» نى تۈزۈپ چىقتى، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ 10 دىن ئارتۇق ھېكايە پوۋېستىنى، ئەچېڭنىڭ «دولقۇنلار ئەۋجىدە» ناملىق داستانىنى، «شىنجاڭ تارىخىدىكى زور ئىشلا يىلنامىسى»، «شېئىردىي تارىخ»، «ۋەتەنپەرۋەرلىك — زو زۇڭتاڭ ئىدىيىسىنىڭ يادروسى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى، «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق كىتابنىڭ بىر قىسمىنى تەرجىمە قىلدى، 30 پارچىدىن ئارتۇق يىرىك ۋە ھەر خىل ژانىردىكى ئىجادىي تەرجىمە كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مول بىلىمگە ئىگە، ئەتراپلىق يېتىلگەن، ئىقتىدارلىق يازغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

يازغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «ھايات ئۆتمۈشنى تەكرارلاش بىلەن ئەمەس، كەلگۈسىنى يارىتىش بىلەن قىممەتلىك. ھەۋەسكار باشقىلارنىڭ ئۇسلۇبىنى ياقىلاپ ماڭسا، ئەدەبىي ئىجادكار بولالمايدۇ. ئۇ مەزمۇندىن تارتىپ شەكىلگىچە ئۆزىگە تەئەللۇق يول ئېچىشى لازىم». بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ شۇنچىۋالا مول ئىجادىي مەھسۇلات بەرگەنلىكىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

**△ ئۈرۈمچىدە ئەھمەد زىيائى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ 65 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.**

1989-يىلى 4-ئاينىڭ 18-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى «ئايال قەلەمكەشلەر ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى» ئۈرۈمچى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار زاۋۇتىنىڭ زالىدا ئاتاغلىق ئەدىب ئەھمەد زىيائىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ 65 يىللىقىنى تەبرىكلەپ داغدۇغىلىق پائالىيەت ئۆتكۈزدى.

تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئۈرۈمچى رايونىدىكى پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلار، ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، ئوبزورچىلار، تارىخچىلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇ تيەنخۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەبرىك ۋە تىلەكلىرىنى يەتكۈزدى.

كۆپ تەرەپلىمە يېتىلگەن ئەدىب ئەھمەد زىيائى 1913-يىل ئاپرېلدا تۇغۇلغان ۋە 11 ياش چېغىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باشلاپ، تۇنجى رەت «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى يازغان. كېيىنكى يىللاردا «يېڭى ھايات» گېزىتى، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈملىرىدە ئىشلەپ، ياش ئەدىبلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. ئەرەب، پارس، رۇس، ئوردۇ تىللىرىنى ياخشى بىلىدىغان بۇ ئەدىب «قەشقەر گېزىتى»دە مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ مۇھىم خەلقئارا خەۋەرلەر ۋە فاشىزمغا قارشى كۈرەشكە ئائىت خەۋەرلەرنى ئۆزى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان. 1947-يىلى ئۇنىڭ «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە»، «توزۇماس چېچەكلەر» ناملىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان، «رابىيە-سەئىدىن» ئوپېراسى سەھنىلەردە ئوينالغان. «قەھرىمانلىق مېدالى»، «قارا تۈنلەر، نۇرلۇق ھايات» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئەھمەد زىيائى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن ئالاھىدە شۇغۇللىنىپ، «رابىيە-سەئىدىن»، «زەپەرنامە»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلىغان ۋە نەشرگە تەييارلاشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ چوڭ ھە-

جىملىك داستانى «رابىيە ـ سەئىدىن» ۋە «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» دېگەن كىتابى نەشر قىلىندى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان تارىخىي داستانى نەشرگە تاپشۇرۇلدى.

تەبرىكلەش پائالىيىتى قىزغىن، سەممىمىي كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى، نۇرغۇنلىغان يازغۇچى، تەتقىقاتچىلار ئەھمەد زىيائىنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىككىنچى ئويغىنىش دەۋرى بولغان چاغاتاي ئەدەبىياتىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆچۈشكە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى، «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئىپتىخارلىق ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن تىلغا ئېلىشتى ۋە ئەھمەد زىيائىغا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

يىغىن جەريانىدا پىئونېرلار ۋەكىلى ئەھمەد زىيائىغا گۈل تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «ئايال قەلەمكەشلەر ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى» نىڭ مەسئۇلى تۇرسۇناي ھۇسەيىن ئەھمەد زىيائىغا ئايال قەلەمكەشلەر نامىدىن تون ۋە دوپپا تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبلىدىن كەلگەن يولداشلار ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، يىغىننىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەھمەد زىيائىنىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئەھمەد زىيائى شېئىر ئوقۇپ، كۆپچىلىككە تەشەككۈر ئېيتتى.

△ لىڭ تۇڭجىڭنىڭ «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىلقى 3 ـ سانىغا بېسىلغان «‹ساپ ئەدەبىيات› نىڭ كىرىزىسى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: جۇڭگونىڭ ساپ ئەدەبىياتى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەزمۇندا زېرىكىشلىك، بىمەنە تەركىبلەر بارغانسېرى ئومۇملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، دەۋرىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئوبدان ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنلىكى ۋەجىدىن كىتابخانلاردىن ئايرىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بەدىئىي شەكىل جەھەتتە كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش ئادىتىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنى چۈشىنىش بەك تەس بولۇپ قالدى. كىشىلەر ساپ ئەدەبىياتتىن كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئارام ئېلىش تەلىپىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، ئاممىباپ ئەدەبىياتقا يۈزىنى ئۇرۇۋاتىدۇ، ساپ ئەدەبىيات ئارقىلىق رېئال ھاياتنى تونۇش تەلىپىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، ئۆزىنى خاتىرە ئەدەبىياتىغا ئۇرۇۋاتىدۇ. ساپ ئەدەبىيات ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىلەش رولى ۋە كۆڭۈل ئېچىش رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، بۇ خىل بۇرۇلۇش كېلىپ چىققان. ساپ ئەدەبىياتنىڭ رولىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى جەھەتتىكى خىلمۇخىل ئەقىدىلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى، بىرىنچىسى، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپلىمە تونۇش. «سىنىپىي كۈرەشنىڭ قورالى» دېگەن نەزەرىيىدىن بىراقلا يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ، ئەدەبىيات بىلەن رېئال تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا قانچىكى ئارىلىق ساقلانسا شۇنچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ، دەپ قاراش. ئىككىنچىسى، غەربنىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى قارا قويۇقلا كۆچۈرۈپ كېلىش، كۆپ ساندىكى جۇڭگو كىتابخانلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئىستېتىك تەلىپىنى نەزەرگە ئالماسلىق، ئۈچىنچىسى، ئەدەبىياتنىڭ ئىستېتىك

روللىنى بىر تەرەپلىمە تەكىتلەپ، باشقا روللـ
رىنى توغرا تاپماسلىق.

△ جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنـ
ئەتچىلەر جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق شۆبىسىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى 4 - ئايـ
نىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە
چاقىرىلدى.

قۇرۇلتايغا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزـ
مىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر مىللەت خاـ
دىملىرىدىن 92 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. قۇـ
رۇلتايدا 51 كىشىي جەمئىيەتنىڭ مۇدىرىـ
يەت ئەزالىقىغا، 21 نەپەر ۋەكىل دائىمىي
مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا سايلاندى. ئىبراھىم مۇتـ
ئىي، نىغمەت مىڭجانى (قازاق)، يۈسۈپ ماماي
(قىرغىز)، تۇ. بارما (موڭغۇل) قاتارلىق تۆت
نەپەر يولداش جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە
تەكلىپ قىلىندى. يولداش ئابلىمىت سادىق
جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە، جۇڭلۇ (شىبە)،
يۈ فاجۇن (خەنزۇ)، ئابدۇكېرىم راخمان، جاڭ
يۈنلۇڭ (خەنزۇ)، جۇمان ئەبىش (قازاق)، ئاـ
مۇر دالا (موڭغۇل) قاتارلىق يولداشلار مۇئاـ
ۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

△ تەيۋەن يازغۇچىسى لۇڭ يىڭتەي ئۆـ
زىنىڭ بىر ئوبزورلار توپلىمىدا مۇنداق دەيدۇ:
نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى دېگىنى ئەمەلىيەتتە
تازىمۇ بىمەنە نېمە. ئۇنىڭ ئەدەبىيات قارىشى
ئوبيېكتىپ بولۇپ كەتكەندىمۇ، غەرب ئەنئەنە-
سىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

جۇڭگولۇقلار غەربلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنى
مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىشىنى بەكمۇ تەمە قىلىـ
دۇ. بۇنى نۇرغۇن ئادەم تەن ئالماسلىقى مۈمـ
كىن. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز غەرب خەنزۇشۇـ
ناسلىرىنىڭ نەزىرىگە سەل - پەل ئىلىنىپ
قالغۇدەك بولسا، قەدىر - قىممىتى ھەسسىلەپ
ئاشىدۇ. جۇڭگودا ئامېرىكا ئەدەبىياتىنى تەتـ
قىق قىلىدىغان نۇرغۇن ئامېرىكا شۇناسلار بار.
ئامېرىكىدا قايسى بىر يازغۇچى جۇڭگودىكى
ئامېرىكاشۇناسلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى
مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىشىنى خالايدۇ؟! ھازىر
چوڭ قۇرۇقلۇقتا تەنقىدكە ئۇچرىغان يازغۇچىـ
لار دەرھاللا غەربنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى
قوزغاۋاتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، غەربـ
نىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنى
قوبۇل قىلىش نۇقتىسى يەنىلا ئاخباراتچانلىق،
ئىجتىمائىيلىق بولۇۋاتىدۇ. مۇبادا جۇڭگو يازـ
غۇچىلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بولغان ئۆزـ
ئۆزىگە ئىشەنچ ۋە غۇرۇر كەم بولسا، غەرب خەنزۇـ
شۇناسلىرى بېرىدىغان باھالىغۇچى دەپ قارالسا
نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى جۇڭگو مىللىي ئەـ
دەبىياتىنىڭ تىرىشىش نىشانى بولسا، ئۇنداق
ئەدەبىيات قانداق ئەدەبىيات بولماقچى؟ بۇنـ
داق مىللەت يەنە قانداق مىللەت بولۇپ
قالار؟

هېيت كۆنىدە

سۈرەتنى ئەرشىدىن توختى تارتقان.



www.uyghurkitap.com



《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　　辑：《塔里木》编辑部
出　　　版：新疆人民出版社
印　　　刷：新疆新华印刷厂
发　　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1989 - يىل 6 - سان (340 - سان)، 39 - يىل نەشرى.
ئۈرۈمچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو. تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号： CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定 价： 1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1010 /I.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 66 - 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن.